مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# مىراس

2
2008

ISSN 1004-3829

# كەلدى نورۇز، كۆڭۈل يايرىدى



پولات غوجا فوتوسى



ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# ميراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2008-يىل 2-سان

(ئومۇمىي 106-سان)

## هېكمەتلەر خەزىنىسى

هېكمەتلەر گۈلدەستىسى ۋە دانىشمەنلەر ساۋىقى..........
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھمۇد زەيدى (1)

## مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى

ئىلىمنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلار..........
ئابدۇرۇسۇل سېيت (7)

## ئادەت قېرىماس

قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا ئۆپا ـ ئەگىلىك سۇرۇش ئادىتى..........
ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (11)
كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى زىننەت بويۇمى ـــ سۆكە..........مەتتوختى بارات (15)
تاشمىلىق خەلقىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى..........ئابدۇۋارىس رەھىم (16)
تون كىيدۈرۈش مۇراسىمى ھەققىدە..........ئابدىقەييۇم مىجىت (19)
ئۇيغۇر بۆكلىرى..........ئابدۇرېشىت زۇنۇن (21)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

قارا مۇشۇك..........رابىگۇل ۋەلى تەرجىمىسى (25)
پاراسەت چاچقۇلىرى..........ئېرشادى تەرجىمىسى (28)
جەبىر ـ جاپا بار يەردە قىزغىنلىقمۇ بار..........شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمىسى (32)
تاتار خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى..........مالىك چانىشېۋ (53)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى..........
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (36)



باش مۇھەررىر :
يۇسۇپ ئىسھاق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
جاۋابكار مۇھەررىر:
نۇرنىسا باقى
باشقۇرغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716-نومۇر، 14-قەۋەت
TEL:(0991)4554017
FAX:(0991)4554015
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65-1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى :
ISSN1004-3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى :60ـ 58
پوچتانومۇرى : 830001
خەت ساندۇق :
mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
1130MB
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى :5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20-كۈنى نەشرقىلىنىدۇ

**بىزنىڭ ئۆرانىمىز ـ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !**
**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز ـ ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !**


ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ........................................ئىسهاق باستى(38)
مەشرەپ بېيتلىرى قوغدىلىشقا مۇهتاج ..................ئادالەت ئىمىن(68)


### چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار


كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى..........ئابلىز ئورخۇن تەييارلىغان(43)


### بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا


پەرىزات بىلەن پەرەڭ شاهزادىسى..........ئابدۇقادىر سادىر تەييارلىغان(62)


### يىلتىزسىز دەرەخ بولماس


رىۋايەتلەر..............................ئابدۇقادىر سادىر تەييارلىغان(67)


### كۈلكە ـ جان ئوزۇقى


يۇمۇرلار ..................................ئەزىزە تۇيغۇن تەييارلىغان(77)



مۇقاۋىنى ئەكبەرجان ئەسەت لايىهىلىگەن
تەكلىپلىك كوررېكتور : هاۋاخان ئارىپ
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى پولات ئابدۇكېرىم خوجا، گۇ شاۋدۇڭ قاتارلىقلار تەمىنلىگەن

Chief editor : Yu sup Is'haq
Deputy chief editor : Muh tar Muham med
Responsibld editor: Nurnisa Baki

بۇ سان ژۇرنالنىڭ ئىملاسى غەيرەت توختى ئىشلىگەن
«كەنجى كوررېكتور» دا تەكشۈرۈلدى


**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن كونا، يېڭى ئاپتورلارغا، ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!**

我们要抢救传统文化
我们要保护传统文化
我们要弘扬传统文化


主编:
玉素甫．依莎克
副主编:
穆合塔尔．穆罕默德
责任编辑:
努尔尼沙．巴克
主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版: «美拉斯»杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话: (0991) 4554017
传真: (0991) 4554015
印刷: 新疆生产建设兵团印刷厂
发行: 乌鲁木齐邮局
订阅: 全国各地邮局
国内统一刊号: CN65-1130/I
国外外统一刊: ISSN1004-3829
邮政代号: 58 — 60
E-mail: mirasuyghur 126. com
海外发行代号: 1130BM
广告许可证号: 6500006000040
邮编: 830001
定价: 5. 00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras " (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner: Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number:
1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991) 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5 ¥



# هېكمەتلەر گۈلدەستىسى ۋە دانىشمەنلەر ساۋىقى

(دانىشمەنلەر ۋە شائىرلار ھەققىدىكى خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى)

## بالا بېشىدىن

ئىبن سىنا يېزىدا ياشاپ تېۋىپلىق قىلىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شۇ يېزىلىق بىر يىگىت بىلەن بىر قىز تۇرمۇش قۇرۇپتۇ. ئارىدىن توققۇز ئاي توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە ئۆتۈپ پەرزەنت كۆرۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىگە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ:

— بالىمىزنى قانداق تەربىيىلەيمىز؟ ئۇنى شۇنداق تەربىيىلەيلىكى، چوڭ بولغاندا ئەل - يۇرتقا پايدىسى تېگىدىغان ياراملىق ئادەم بولسۇن، — دەپتۇ ئېرى.

— توغرا ئېيتىسىز، — دەپتۇ خوتۇنى، — مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇرغان ئىدىم. ياخشىسى ئىبن سىنادىن سوراپ باقايلى!

ئەر-خوتۇن بالىنى كۆتۈرۈپ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭكىگە كەپتۇ. ئۇ كىچىك، تار كۆلبىدە ياشىسىمۇ، داڭقى پۈتۈن دۇنياغا كەتكەن ئالىم ئىكەن. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئەر-خوتۇننى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ ۋە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— بالىمىزنىڭ تەربىيىسى ھەققىدە مەسلىھەت بەرسىڭىز. بالىمىز چوڭ بولغاندا ئەل-يۇرتقا پايدىسى تېگىدىغان كىشى بولسۇن، — دەپتۇ ئېرى.

— قاچان تۇغۇلدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئىبن سىنا.

— سەھەردە، — دەپتۇ خوتۇنى.

— ئەي ئەزىزلەر، — دەپتۇ ئىبن سىنا، — بالا سەھەردە تۇغۇلۇپتۇ، ھازىر بولسا چاشگاھ بولدى، كېچىكىپسىلەر، بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ تەربىيىسى ھەققىدە ئويلىنىش كېرەك. «كۆچەتنى باشتىن، بالىنى ياشتىن» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان-دە!

## ئۆمۈر سودىسى

ئىبن سىنا دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمىنى، تېۋىپلارنىڭ ئۇستىسى ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شەھەرلىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن سوراپ قاپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ تېۋىپ، سېنى مىڭ بىر دەردكە داۋا تاپقان تېۋىپ دېيىشىدۇ، لوقمان ھەكىمدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىمىشسەن، شۇ گەپ توغرىمۇ؟

— گېپىڭ توغرا ئەمەس، لوقمان ھەكىمدىن ئۆتۈپ كېتىش ماڭا نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇ ھەزرەتكە بىر شاگىرت بولالىسام ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك كىشى ھېسابلايتتىم. مىڭ بىر دەردكە داۋا تاپقانلىقىم توغرىسىدىكى گەپكە كەلسەك، بۇ سوئالغا ھەم «ھە»، ھەم «ياق» دەپ جاۋاب بېرىمەن. «ھە»نىڭ مەنىسى شۇكى، كۆپ دەردكە داۋا تاپقىنىم راست، ناھايىتى كۆپ ئاغرىقلار قولۇمدا ساقايدى. «ياق» نىڭ مەنىسى شۇكى، مەن ھېلىغىچە بىلمىگەن كېسەللىكلەر كۆپ.

— ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ — ھېلىقى كىشى يەنە ئەزمىسىنى ئەزدى.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش مۇمكىن، ــ دېدى ئىبن سىنا، ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن.

ــ ئۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ، ــ ھېلىقى كىشى يېلىنىپ تۇرۇۋالدى.

ــ مەيلى ئۆگىتەي، مەن بىلەن بېغىمغا كىرسەڭ، ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى بېرىمەن.

ئىبن سىنا شۇنداق دېدى ـ دە، ھېلىقى كىشىنى بېغىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ قولىغا بىر تۈپ چىنار، بىرتۈپ ئامۇت كۆچىتى بەردى.

ــ مانا بۇ چىنار كۆچىتىنى تىكىپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدىن ئۆزۈڭگە ئۆي سالسەڭ، ماۋۇ ئامۇت كۆچىتىنى تىكىپ مېۋىگە كىرگۈزۈپ مېنى ئېغىز تېگىشكە چاقىرساڭ، شۇندىلا مەندىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىش دورىسىنى ئالىسەن، ــ دېدى ئىبن سىنا.

شەھەرلىك كىشى چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سېلىشقا، ئامۇتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، يېمىش تويىغا ئىبن سىنانى چاقىرماقچى بولۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئۇزلۇكسىز ئەمگەك قىلدى، ئەمگەك بىلەن ھايات زوقىنى سۈردى. شۇنداق قىلىپ، يۈز ياشتىن ئېشىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

## كۈي سېھرى

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر كىشى بالىسىنى ئېلىپ ئىبن سىنانىڭكىگە كېلىپ:

ــ ئەي ئۇلۇغ ھەكىم، مۇشۇ يالغۇزۇم، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ــ پەرزەنتىم كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى، داۋالاپ ساقايتساڭ، ساڭا ئۆمرۈم بويى دۇئا قىلسام، ــ دەپتۇ.

ئىبن سىنا بالىنى داۋالاش ئۈچۈن ئېلىپ قاپتۇ. ئۇ ھەر قانچە تەكشۈرۈپمۇ بالىنىڭ كېسىلىنى تاپالماپتۇ، بالىنىڭ ئۇخلىشى، يەپ ـ ئىچىشىمۇ جايىدا ئىكەن. ئەمما سەللا بىر ئىشلارغا زەردە قىلىپ جەھلى چىقىپ كېتىدىكەن. ئىبن سىنا ئۆز بىلىمىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ، بالىنىڭ كېسىلىنى چوقۇم تېپىپ چىقىشقا نىيەت قىپتۇ. ئۇ بالىنى كۆزىتىپ مېڭىشىنىمۇ نەزەردىن چەتتە قالدۇرماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىبن سىنانىڭكىگە دوستلىرى كېلىشىپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا سازەندە، غەزەلخانلار بار ئىكەن. ئىبن سىنامۇ تېۋىپلىق قىلىشتىن سىرت، شېئىر يېزىپ، ناخشا ئېيتىدىكەن، دۇتار ـ تەمبۇرنىمۇ ياخشى چالىدىكەن. بەزمە باشلىنىپ ناخشا ـ مۇزىكا ئەۋجىگە چىقىپتۇ. بىر چاغدا ئىبن سىنا تالاغا چىقىپلا، شۇ ھامان«تاپتىم» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ. ھەممىنىڭ ھەيرانلىقتا داڭقىتىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، مۇنداق دەپتۇ:

ــ ھېلىقى يىگىتنىڭ كېسىلىنى تاپتىم! نېمىشقا بۈگۈنگىچە ئۇقالماي قالدىمكىن ـ تاڭ! ئاخىر بۇ تۇتقاقلىق، يەنى ئەسەب كېسىلىغۇ؟ ئۇنى مۇزىكا بىلەن ساقايتىش مۇمكىنلىكىنى ئۇستازىم ئېيتقان ئىدىغۇ؟ ئۇستازىمنىڭ بۇ تەلىمىنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟

ئولتۇرغانلار ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈش بېرىشىنى سوراپتۇ. ئىبن سىنا:

ــ بىز بۇ يەردە مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقاندا كېسەل يىگىت بوسۇغىغا كېلىپ قۇلاق سالغان، بەزمە ئەۋجىگە چىققانسېرى، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، مۇزىكا ـ كۈي سېھرىدىن ئارام تېپىپ ئۇيقۇغا كەتكەن. مەن ئۇنى بوسۇغىدا قاتتىق ئۇخلاپ ياتقان ھالدا ئۇچراتتىم، ــ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كۈي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىپ، ھېلىقى يىگىتنى خۇددى ھېچقانداق كېسەل بولمىغان كىشىدەك، ساق ـ سالامەت ھالغا كەلتۈرۈپتۇ.

## كۈلكىنىڭ كۈچى

ئۇلۇغ تېۋىپنى كۆرەلمەي يۈرگەن ساراي ھەكىملىرى، ئىبن سىنا تۈنلىرى مازارغا يېڭى قويۇلغان مۇردىلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلار ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارىدىكەن، بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرمۇ بار ئىكەن، دېگەن ئىغۋانى تارقىتىپتۇ. سۇلتان بۇ سۆزگە ئىشىنىپ، ئىبن سىنانى زىندانغا تاشلاپتۇ. ئۇلۇغ ھەكىم زىنداندىمۇ تىنچ ياتماپتۇ. كېسەلگە گىرىپتار بولغان تۇتقۇنلارنى داۋالاپ، ئۇلارغا ھايات ئاتا قىپتۇ. شاگىرتلىرىغا خەت يېزىپ، سۆڭەك يىلىكىنى داۋالاش ئۈچۈن ئامال تېپىپتۇ. زىندان ئىچىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاھ ـ ۋاھ، داد ـ پەريادلار ئاستا ـ ئاستا توختاپ كۈلكە ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. زىندان بېگى سۇلتاننىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ ھەيرانمەن، زىندان ئىلگىرىكى زىندان ئەمەس، ئاھ ـ زارلار ئورنىنى كۈلكە ـ چاقچاق ئىگىلىگەن. ئادەملەر تېتىك، روھلۇق، قېرىلارمۇ ئۆزلىرىنى خۇشچاقچاق تۇتۇپ، زىنداندا بەند قاتارىدا ئەمەس، بەلكى تاماشىدا ئولتۇرغاندەك يۈرمەكتە، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ۋەزىرگە:

ــ ئىزچىل كۆزىتىپ، يەنە نېمە گەپ بولسا ماڭا يەتكۈز، ــ دەپتۇ. ۋەزىر كېلىپ زىنداننى پايلاپتۇ. شۇ پەيتتە زىندان ئىچىدىن ئىبن سىنانىڭ «سەن تاغنى ئۇرساڭ، تالقان قىلىسەن، سەن دەريانى توسۇۋالىسەن، سەن بولساڭ ئۆكۈزنى مۈللاق ئاتقۇزىسەن، سەن پىل بىلەن ئېلىشالايسەن» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلىنىپتۇ. بىر پەس ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بوپتۇ، زىندان ئىچى كۈلكىگە تولۇپتۇ. ھېچكىم ئۆزىنى زىنداندا دەپ ھېسابلىماسمىش، ئەكسىچە

2008.2

تويدا ئولتۇرغاندەك بىلىنەرمىش... ئىبن سىنا يەنە: «سەن پادىشاھ، سەن ۋەزىر، سەن ئوغرى...، پادىشاھ بۇيرۇق، ئوغرى قولغا چۈشتى... پادىشاھنىڭ ئۆزى ئوغرى بولدىغۇ، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولغاندەك، ئوغرىنىڭ ئەمرىمۇ ۋاجىپ ...» دەرمىش. يەنە كۆلكە - چاقچاق ئەۋجىگە چىقارمىش... ۋەزىر بولغان گەپلەرنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ نېمە گەپتۇ، دەپ ئويلاۋېرىپ كېسەل بولۇپ قاپتۇ. تېۋىپلار ساقايتالمىغاچ، ئىبن سىناغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— زىنداندىن چىقمايمەن، ئەگەر پادىشاھ بىر شەرتىمگە كۆنسە، ئاندىن ئۇنى داۋالايمەن. — دەپتۇ ئىبن سىنا. پادىشاھ شەرتنى سوراتقۇزغان ئىكەن، ئىبن سىنا: «زىنداندا بىللە ياتقان ئۆزۈمگە ئوخشاش گۇناھسىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلسۇن، شەرتىم شۇ! » دەپتۇ. پادىشاھ شەرتكە رازى بوپتۇ. ئىبن سىنا پادىشاھنى داۋالاپتۇ. ئاخىرىدا، پادىشاھ ئىبن سىنادىن زىنداندىكى ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ ئىبن سىنا، — زىنداندا كىشىلەرنى كۈلدۈرمىگەن بولسام، ھەممىمىز ئاللىقاچان تۈگىشىگەن بولاتتۇق، كۈلكە، ياخشى كەيپىيات، ئۈمىد - ئىشەنچ بىزنى ئامان ساقلاپ قالدى. مېنىڭ گۇناھىمغا كەلسەك، ھويلامدىكى كونا تامنىڭ تېگىگە كېچىسى مازاردىن ئەكەلگەن ۋە يېرىپ ئىچىنى كۆرگەن مۇردىلارنى كۆمگەنمەن، بۇيرۇق، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىپ، گۇناھىمنى ئىسپاتلاپ، يا زىندانغا تاشلاش، يا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش، گۇناھىمنى بويۇنۇمغا ئالىمەن.

«ئاخىرى گۇناھىنى ئۆز بويىنىغا ئالدى» دېيىشىپتۇ ئىغۋاچىلار ۋە قالتىس خۇشال بولۇشۇپ كېتىپتۇ.

ئىبن سىنا ئېيتقان جاينى كولاشسا، توشقان، تۈلكە، يىلان، پاقىلارنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپتۇ، ئادەمنىڭ سۆڭىكىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىمىش ... بۇلارنى كۆرگەن پادىشاھ ئىغۋاگەر ساراي تېۋىپلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ، ئىبن سىنادىن كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە سارايغا باش ھەكىم قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

## يەر يۇتۇۋېتىشى مۇمكىن

بېرۇنىي ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىنى تاغلاردا مەدەن ئىزدەش ۋە تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ساراي ئالىملىرىدىن بىر نەچچىسى بېرۇنىينىڭ تاغ سەپىرىگە ھەمراھ بوپتۇ. بېرۇنىي تەكشۈرۈپ يۈرۈپ بىر تاشنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ يەردە نۇرغۇن ئالتۇن بارلىقىنى سېزىپتۇ. ھەمراھلىرىغا بۇ يەردە ئالتۇن بارلىقىنى ئېيتاي دېسە، ئۇنىڭسىزمۇ بىر- بىرى بىلەن چىشلىشىپ، بىر-بىرىنى كۆزدىن يوقىتالماي يۈرگەن، بېيىش يولىدا ھەممە رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان ھەمراھلىرىنىڭ ئالتۇن تالىشىپ، بوغۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن بېرۇنىي «ياخشىسى بۇ يەردىن كېتەيلى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

— بۇ يەرنىڭ ھېچبىر خاسىيىتى يوق ئىكەن، مەن قان ھىدىنى سېزىۋاتىمەن، تېزراق كېتەيلى، — دەپتۇ بېرۇنىي.

— نېمىشقا؟ بىرەر سىرنى سېزىپ قالدىڭىزمۇ- نېمە؟ بىر تاشقا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدىڭىز-يۇ، بىردىن كېتىمەنگە چۈشۈپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ ھەمراھلىرى.

— مەن قان ھىدىنى سېزىۋاتىمەن، تېز كەتمىسەك بولمايدۇ، بىكاردىن بىكار نابۇت بولمايلى. مەن كۆرگەن تاش ئادەتتە زىلزىلە ئالدىدىن كۆچىدىغان تاغ جىنسى. يەر تەۋرىگەن زامان بۇ تاغلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ، ئاجايىپ ھادىسىلەر بولىدۇكى، بىرىمىزمۇ ئامان قالمايمىز. كىم قالسا قېلىۋەرسۇن، مەن كەتتىم.

بېرۇنىي شۇنداق دەپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ. «ئۇلۇغ ئالىم بىر نەرسىنى بىلگەچكە شۇنداق دېدى» دېيىشىپ، باشقىلارمۇ قېچىپتۇ.

بېرۇنىي شۇنداق قىلىپ، ئاچكۆز كىشىلەرنىڭ تىللا تالىشىپ، ئاچ بۆرىدەك بىر - بىرىنى يەپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ.

ئىلىم بىلەن بايلىق ھېچبىر كېلىشەلمەيدۇ. كىمدە كىم ئىلىمنى بېيىش مەنبەيى قىلىۋالسا، ئۇ ئۇزاققا بارماي، يېرىم يولدا ھالاك بولىدۇ.

## بۇ مېنىڭ يۇلتۇزۇم

ئۇلۇغبېك ياش چاغلىرىدىلا ئاسمانغا قىزىقىپ، تۈن بويى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ چىقىدىكەن. لېكىن ئۇ يۇلتۇزلارنى قانچە سانىسىمۇ، ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەيدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئايدىڭ كېچىدە ساراي بېغىدا ئويناپ يۈرۈپ، ئۇ ئاكىسى بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئۇلۇغبېك: «ئاۋۇ يۇلتۇز مېنىڭكى» دېسە، ئاكىسى: «ياق، ئۇنداق دېمە، گۇناھ بولىدۇ، ھەممە يۇلتۇز خۇدانىڭكى» دەپتۇ.

ئۇلۇغبېك :«ۋاي - ۋۇي، شۇنچە يۇلتۇزنىڭ ھەممىسى بىرلا خۇدانىڭكىمۇ؟ ياق، سەن خاتا سۆزلىدىڭ، ئاۋۇ يۇلتۇز مېنىڭكى» دەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاكىسىمۇ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئاكا - ئۇكا تالىشىپ -تارتىشىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئۇلۇغبېك ئاسماندىكى خۇدانىڭ يۇلتۇزلىرىدىن بىرىنى مېنىڭكى، دەپ خاتا گەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئاكىسى.

— ياق، — دەپتۇ ئۇلۇغبېك ئۆز سۆزىدە قاتتىق تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۆزى خاتالاشتى، شۇنچە كۆپ يۇلتۇزنى يالغۇز خۇدا نېمە قىلىدۇ، ئۇلاردىن بىرى مېنىڭكى.

ئاتىسى بۇ گەپ سىرتقا چىقىپ كەتسە ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ:

— ھە، مەيلى، ئاسماندىكى ئەڭ يورۇق ئاشۇ يۇلتۇز ئۇلۇغبېكنىڭكى بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ.

— يۇلتۇزۇمنى تېپىۋالدىم! يۇلتۇزۇمنى تېپىۋالدىم! — دەپ خىتاب قىپتۇ ئۇلۇغبېك خۇشاللىق بىلەن ئاسمانغا بېقىپ.

ئۇلۇغبېكنىڭ پارلاق يۇلتۇزى چەكسىز كائىنات قەرىدە ھازىرمۇ چاقناپ تۇرماقتا.

## دانا نەۋايى

بىر يېزىدا راخمانقۇل دېگەن كىشى بار ئىكەن، راخمانقۇل كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى بىلەن قالغان، ئانىسىمۇ قېرىپ كەتكەن ئىكەن. راخمانقۇللارنىڭ بېساتىدا بىر سېيىرى بار ئىكەن. راخمانقۇل دالىدىن شۇۋاق تېرىپ، ئۇنى بازارغا ئەكىرىپ ساتىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئانا - بالا شۇ تەرىقىدە تىرىكچىلىك قىلىپ كۈنلىرىنى تەستە ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ. نېمىشقىكىن - تاڭ، راخمانقۇلدا بىردىن شائىرلىق ھەۋىسى پەيدا بوپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ شېئىر يېزىپ، يېزىداشلىرىغا ئوقۇپ بېرىپتۇ. شۇ يەردە بىرسى:

— ھەي، راخمانقۇل، سەن چوڭ بولغاندا شائىر بولىدىغان ئوخشايسەن، بۇنداق يۈرۈۋەرسەڭ سەن شائىرلىق يولىنى

2008 · 2



قانداق تاپىسەن؟ ياخشىسى، تاپقان - تەرگىنىڭنى ئال - دە، ھىرات دېگەن شەھەرگە بار، ھىرات شەھرىدە ھەزرىتى نەۋايى ئىسىملىك شائىرلارنىڭ پىرى بار ئىمىش. ئۇ كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ شائىرلىقنى ئۆگەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپ راخمانقۇلغا يېقىپتۇ. ئۇ ھەزرىتى نەۋايىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بوپتۇ، لېكىن «پۇلنى قانداق تاپارمەن» دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ، كۈننى ئاران ئۆتكۈزۈۋاتقاچقا ئارتۇق تاپقان - تەرگىنى، بىر يارماق پۇلىمۇ يوق ئىكەن. ئۇ ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىرى سېيىرنى ساتماقچى بوپتۇ.بۇنىڭغا ئانىسى كۆنمەپتۇ ۋە:

— مالدىن ئايرىلدىڭ — جاندىن ئايرىلدىڭ، دېگەن گەپ بار، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. راخمانقۇل ئانىسىغا:

— مەن شائىر بولۇپ قايتقاندىن كېيىن، سىزگە بۇنداق مالدىن بىر ئەمەس، بەش - ئالتىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئانىسى ئىلاج رازى بوپتۇ. راخمانقۇل سېيىرنى سېتىپ، ھىرات شەھرى نەدىسەن، دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. سوراپ - سوراپ ئاخىرى ھىرات شەھرىنى تېپىپتۇ. كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ، نەۋايى دېگەن شائىرلارنىڭ شائىرى مۇشۇ شەھەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇ چاغدا نەۋايى دوستى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن سەپەردە ئىكەن. راخمانقۇل كېلىپ قالار، دەپتۇ-دە، شەھەرنى تاماشا قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئارىدىن ئون كېچە، ئون كۈندۈز ئۆتۈپتۇ. سېيىرنىڭ پۇلىمۇ تۈگەپ، راخمانقۇل سامسىپەزگە ئۇتياقار بوپتۇ. كاۋاپچىغا شاگىرت بوپتۇ، ھېچقايسىسىنى ئەپلەشتۈردىمەي، ئاخىرى كوچىمۇ كوچا تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى چوڭ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرسا، ئالدىدىن ئىككى كىشى ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى — قېرىراقىغا ئۆتكەن - كەچكەنلەر قىزغىن سالام بېرىشىدىكەن، ئۆتۈپ كەتكۈچە ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىشىدىكەن. ھېلىقى كىشىمۇ سالاملاشقانلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئايرىملىرىدىن ھال-ئەھۋال سورايدىكەن. راخمانقۇل « بۇ كىمدۇ؟» دەپ ھەيران بولۇپ تۇرغان ئىكەن، بىردىن قۇلىقىغا «ھەزرىتىم» دېگەن سۆز كىرىپتۇ. راخمانقۇل شۇ ھامان «ھەزرىتى نەۋايى دېگەن مۇشۇ كىشى بولسا كېرەك» دەپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. نەۋايى شەھەر چېتىدىكى بىر باغدا تۇرىدىكەن، راخمانقۇل شۇ ئەگەشكىنىچە شائىرنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ، ئەتراپىغا قارىسا، باغ ناھايىتى كۆركەم، تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر ئېچىلغان، بۇلبۇل، تۇتىلار سايراپ تۇرغان، ھەممىلا جايىدا ياش - ياش تالىپلار كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن. نەۋايىنى كۆرگەن تالىپلار گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. نەۋايى ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ ۋە بىردىن كۆزى راخمانقۇلغا چۈشۈپتۇ. راخمانقۇل ئالدىراپ - تېنەپ

سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

— شائىرلارنىڭ پىرى نەۋايىمۇ سىز؟ — دەپتۇ راخمانقۇل. نەۋايى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ.

— ھە، نەۋايىمەن، ئەمما شائىرلارنىڭ پىرى ئەمەسمەن، — دەپتۇ نەۋايى، — خوش يىگىت، مەندە ئىشىڭىز باردەك تۇرىدۇ، تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ.

— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، مېنى شائىرلىققا شاگىرتلىققا ئالسىڭىز — دەپتۇ راخمانقۇل.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تالىپلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، نەۋايى ئۇلارغا بىر قارىغان ئىكەن، تالىپلار دەررۇ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپتۇ. نەۋايى راخمانقۇلنى سۇپىغا تەكلىپ قىپتۇ، نان-چاي كەلتۈرۈپتۇ. راخمانقۇل ناننى ئىشتىھا بىلەن يەپ، چاينى قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، شائىرغا قاراپ سۆز باشلاپتۇ:

— يېزىمىزدا ئوتتۇنچىلىق قىلاتتىم، ئانام سېىر بىلەن بەند ئىدى، بىر ئىلاج قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن ئىدۇق. نىمشقىدۇر شائىر بولۇشنى ھەۋەس قىلىپ قالدىم. بىر كۈنى شېئىر يازدىم-دە، يېزىدىكىلەرگە ئوقۇپ بەردىم. ئۇلاردىن بىرى: «سەن ئۇلۇغ شائىر بولىدىغان ئوخشايسەن، ياخشىسى نەۋايىنىڭ قولىدا ئوقۇشىڭ كېرەك» دېدى. شائىر بولسام بولاي، دېدىمدە، ئۆيدىكى مالنى سېتىپ سىزنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم، شەھەرگە كەلسەم، سىز سەپەردە ئىكەنسىز، شەھەرگە كەلگەن ئون كۈن جەريانىدا مالنىڭ پۇلىمۇ تۈگىدى، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئەمدىكى كۈنۈم تىلەمچىلىككە قالدى.

نەۋايى راخمانقۇلنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ، كېيىن قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ-دە:

— قېنى شۇ تاپتا بىر شېئىر يېزىڭچۇ؟ — دەپتۇ.

راخمانقۇل ئويلاپتۇ ئويلاپتۇ، مىڭىسىگە ھېچبىر شېئىر كەلمەپتۇ.

ئۇ نەۋايىغا قاراپ:

— شېئىر يازالمىدىم، ئىلھام كەلمىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ نەۋايى، — شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر-ئىككىنى ئوقۇپ بېرىڭچۇ؟

راخمانقۇل ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، ئېسىگە ھېچ شېئىر كەلمەپتۇ. چۈنكى ئۇ شائىرلارنىڭ ھېچبىر شېئىرىنى ئوقۇمىغان ئىكەن.

— ھەزرەت، — دەپتۇ ئۇ نەۋايىغا قاراپ، — مېڭەمگە ھېچقايسى شائىرنىڭ شېئىرى كەلمىۋاتىدۇ، ئۆزىڭىز ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز.

راخمانقۇلنىڭ گېپىگە نەۋايى كۈلۈپ كېتىپتۇ، كېيىن ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— بولمىسا بىرەر ناخشا ئېيتىڭ، — دەپتۇ.

— مەيلى ناخشا ئېيتساق ئېيتايلى، — دەپتۇ راخمانقۇل ۋە نەۋايىنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئېلىپ بىردەم ئۇ قولىغا، بىردەم بۇ قولىغا بۇراپتۇ. لېكىن ھېچ تەڭشىيەلمەپتۇ. نەۋايى ئۇنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئاپتۇ-دە، تەڭشەپ بېرىپتۇ. راخمانقۇل قانچە قىلىپمۇ تەمبۇرنى چالالماپتۇ. راخمانقۇلنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان نەۋايى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— يىگىت، شائىر بولۇش ئۈچۈن كەم دېگەندىمۇ ئۈچ نەرسىدىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، كۆپ ئوقۇش لازىم. جەمكى ياخشى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوبدان بىلىش كېرەك.

— سىز ھەممە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا بىلەمسىز؟ — دەپ سۆز قىستۇرۇپتۇ راخمانقۇل.

— ھەممە شائىرنىڭكىنى بىلمىسەممۇ، ھەر ھالدا خاتىرەمدە ئازدۇر-كۆپتۇر شېئىر بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەۋايى ۋە سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — شائىر بولماقنىڭ ئىككىنچى شەرتى، ئەستايىدىل مېھنەت بىلەن مەشىق ئارقىسىدا شائىر بولغىلى بولىدۇ. شېئىرغا بولغان ھەۋەسنى كۈن-تۈن دېمەي مەشىق قىلىش ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

— سىزمۇ كېچە-كۈندۈز مەشىق قىلامسىز؟ — دەپتۇ راخمانقۇل.

— ھەئە، — دەپتۇ نەۋايى، — شائىر بولماقنىڭ ئۈچىنچى شەرتى شۇكى، ناخشا ئېيتىش بىلەن ساز چېلىشنى بىلمەكلىك زۆرۈر، ناخشا ئېيتالمايدىغان، ساز چالالمايدىغان، شېئىرنى ئاھاڭغا سالالمايدىغان شائىر — چالا شائىر.

نەۋايى سۆزىدىن توختاپ خىيالغا چۆكۈپتۇ، ئارقىدىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بالا، يېزىدا شۇۋاق تېرىپ، بازاردا ساتاتتىم، دېدىڭىز، شۇ خىزمىتىڭىز بىلەنمۇ نۇرغۇن ھاجەتمەن بىچارىلەرنىڭ قىيىنىنى ئاسان قىلالايسىز. بولار-بولماس شېئىر يېزىپ، ئۆزىنى شائىر ساناپ يۈرگەنلەر ئەمەلىيەتتە سىزچىلىك بولسا ئىدى، يەنى ھېچ بولمىغاندا دالىدىن ئوتۇن تېرىپ بىرەر غېرىبنىڭ ئۆيىنى ئىسسىتىۋېلىشقا ياردەم قىلالىسا، ناھايىتى ياخشى بولاتتى. ھەي يىگىت، مەززىسى يوق شېئىرنى يېزىپ كىشىلەرنى ئەخمەق قىلغاندىن كۆرە، يېزىدىن شۇۋاق تېرىپ كۈن كەچۈرۈش مىڭ ھەسسە ئەلا. مانا بۇ پۇلنى ئېلىڭ، يېزىڭىزغا قايتىپ سېىر ئېلىپ ئانىڭىزنى خۇشال قىلىڭ، ئۆزىڭىز مېھنەتتىن يۈز ئۆرۈمەڭ.

نەۋايىنىڭ دانالىقىغا قايىل بولغان راخمانقۇل رەھمەت ئېيتىپتۇ-دە، شائىرلىقنى يىغىشتۇرۇپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپتۇ.

### نەۋايى ئۆتتى كوچاڭدىن

قەدىمدە ھىرات يۇرتىنىڭ سۇلتانى ھۈسەيىن بايقارا ئىكەن.

سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ياشلىقىدا بىرگە ئۆتكەن مىر ئەلىشىر نەۋايى ئىسىملىك دوستى بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك ئىجىل دوست ئىدىكى، ئارىسىغا قىل سىغمايدىكەن. ھۈسەيىن بايقارا پادىشاھ بولماقچى بولۇپ، سەپ تۈزگىلى تاغ-داللارغا چىقىپ كېتىپتۇ. نەۋايى بولسا، شائىرلىقنى تاللاپ يىراق مەملىكەتلەرگە ئوقۇشقا كېتىپتۇ. سۇلتان ھۈسەيىن ھېسابسىز ئەسكەر توپلاپ، جەڭ-سۈرەنلەر بىلەن مەقسىتىگە يېتىپ، يۇرتىقا پادىشاھ بوپتۇ. شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا باغ بىنا قىلىپ، باغقا قارايدىغان كوچىنىڭ نامىنى «باغ كوچا» دەپ ئاتاپتۇ. «باغ كوچا» دىن پادىشاھ ۋە ئەھيانلاردىن باشقىلارنىڭ يۈرۈشىگە ھەققى يوق ئىكەن، كىمدە كىم بىلمەستىن مېڭىپ قالسا، پاسىۋانلار دەررۇ تۇتۇپ، پادىشاھ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدىكەن. پادىشاھ «مەن ماڭغان كوچىدا مېڭىپسەن» دەپ ئۇ كىشىنى زىندانغا تاشلايدىكەن. ئارىدا ئاي، يىللار ئۆتۈپتۇ. مىر ئەلىشىرمۇ ئوقۇشنى تۈگىتىپ، شائىرلارنىڭ شائىرى بولۇپ ھىراتقا قايتىپتۇ. ھەممە شاد-خۇراملىق بىلەن ئۇنى قارشى ئاپتۇ، ئەمما نېمىشقىدۇر دوستى ھۈسەيىن بايقارا كەلمەپتۇ. «كەلگىنىمنى ئاڭلىمىغاندۇ، ياكى پادىشاھ بولغاچقا ئىشى كۆپىيىپ كېلەلمىگەندۇ، ياخشىسى ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي» دەپ ئويلىغان نەۋايى سۆيگەن قىزى گۈلنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. نەۋايى بىلەن گۈلى قىزغىن پاراڭ بىلەن كېتىۋېتىپ، بىلمەستىن «باغ كوچا» غا كىرىپ قاپتۇ. «باغ كوچا» نىڭ قاراۋۇلى پادىشاھ كوچىسىدا بىمالال كېتىۋاتقان ئەلىشىر بىلەن گۈلنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توساپتۇ ۋە بۇ كوچىدا نېمىشقا مېڭىشتىڭ، دەپ سوراق قىپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان نەۋايى:

2008.2

— ئۆز ئىختىيارىم بىلەن مېڭىۋاتىمەن، نېمە بۇ كوچىدا يۈرۈش گۇناھمۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇ ئاجىزىچۇ؟ — دەپ گۈلنى كۆرسىتىپتۇ قاراۋۇل، — بۇمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن يۈردىمۇ؟

— ھەئە، — دەپتۇ نەۋايى، — بۇ مېنىڭ مەشۇقۇم، ئۇمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن يۈردى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئىككىڭلار ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن زىندانغا چۈشىسىلەر، — دەپتۇ قاراۋۇل.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان ئەلىشىر نەۋايى، — ئۆز ئىختىيارىمىز ئۆزىمىزدە ئەمەسمۇ؟ يەنى، مەن قايسى كوچىدا يۈرمەكچى بولسام، شۇ كوچىدا يۈرەلمەيمەنمۇ، بۇ ئادالەتتىن ئەمەس، ئىنىم.

— ياق، — دەپتۇ پاسىۋان، — سەن تېخى بەكمۇ نادان ئىكەنسەن. كوچىنىڭ ئىختىيارى پادىشاھ ئالىم، سۇلتانۇبەرگە رەم، شاھىنشاھ مىرزا ھۈسەيىن بايقارادا. بىلمىسەڭ بىلىپ قوي، بۇ كوچىدىن ھېچكىمنىڭ يۈرۈشىگە، ھەتتا قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ ئۆتۈشىگىمۇ يول قويۇلمايدۇ، شۇڭا سەن زىندانغا تاشلىنىسەن.

«ئاپلا» دەپتۇ نەۋايى ئۆز-ئۆزىگە «بۇ نېمە بولغىنى، يېنىمدا گۈلۈم بولمىغان بولسا مەيلى ئىدى، ئەمدى پاسىۋان بىلەن ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئەمەس. ياخشىسى، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار، دەي . دوستۇم ھۈسەيىن مېنى كۆرۈپ گۇناھىمدىن ئۆتسە ئەجەب ئەمەس.

نەۋايى ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشنى سوراپتۇ. پاسىۋان نائىلاج كۆنۈپ، نەۋايى بىلەن گۈلنى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قارىسا، ئالدىدا بالىلىق دەۋرىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى نەۋايى تۇرغان. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئويلىنىپ قاپتۇ، ناۋايىمۇ «دوستۇم نېمە دەرئىكىن» دەپ ئۈنچىقماي تۇرۇۋاپتۇ. گۈلىمۇ «پادىشاھ نېمە دەر، ئەلىشىر نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرار، ئىككىسى گەپ تەگىشىپ قالمىسا بولاتتى» دەپ لېۋىنى چىشلەپتۇ. پادىشاھ «شاھلىق يۈزۈمنى دەيمۇ ياكى دوستلۇقنى دەيمۇ؟» دەپ كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئاخىرى «ئۇنىڭدىن بىر سوئال سوراي، توغرا جاۋاب بېرىپ، ھەممىنى قايىل قىلالىسا، تېخى ياخشى، جاۋاب بېرەلمىسە ئۆزىدىن كۆرسۇن» دېگەن قارارغا كەپتۇ.

— ھەي مۇساپىرلار، — دەپتۇ پادىشاھ، — باغ كوچىدا يۈرۈپ گۇناھكار بوپسىلەر، مەن سىلەرنى زىندانغا تاشلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، بىر سوئالىم بار، شۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرەلىسەڭلار گۇناھىڭلاردىن ئۆتىمەن. سوئالىم شۇكى، بىر كەلىمە سۆز ئېيتىسەن، بۇ سۆزۈڭدە ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئايالىڭنىڭ ئىسمى، باغ كوچىغا نېمە سەۋەبتىن كىرگەنلىكىڭ ئايدىڭلاشسۇن!

نەۋايى بىر دەقىقە ئويلىنىپتۇ-دە، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

نەۋايى ئۆتتى كوچاڭدىن پىيادە يارى بىلەن،
قالارمۇ كىشى بالاغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن.
باغۋەننى دوست دىبان كەلدىم باغ كوچا بىلەن،
ئەپۇ ئەتسە كېتەرمەن بۇ گۈلى يارىم بىلەن.

ھۈسەيىن بايقارا نەۋايىنىڭ دەل جايىدا ئېيتقان بۇ سۆزىدىن ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. ئەتراپىغا قاراپ ئەھيانلىرىنىڭ يۈزىدىكى مەمنۇنلۇقنى بايقاپتۇ ھەمدە «كەچۈرۈڭ دوستۇم» دەپ ئۆزىنى ئەلىشىرنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپتۇ.

---

بۇ ئەسەرنى ئۆزبېكىستان ياشلار ئىتتىپاقى «ياش گۇۋاردىيە» نەشرىياتى ئېلان قىلغان ئۆزبېكچە نۇسخىدىن تاللاپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ماھمۇد زەيدى

# ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلار





ئابدۇرۇسۇل سېيىت

ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ــ باتۇر، مەردانە، ئەمگەكچان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى كەڭ، مۇنبەت زېمىننى ماكان تۇتۇپ ياشاپ كەلگەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق تەرەققىيات داۋامىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان بولۇپ، مانا شۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى چاقچاق مەدەنىيىتىدۇر.

چاقچاق ئىلىلىقلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، خاراكتېرى، ياشاش ئۇسۇلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى، بەدىئىي دىتىگە ئوخشاش تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تىل سەنئىتى. بۇ سەنئەتكە خەلق ناخشىلىرى، قوشاقلىرى، ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىگە ئوخشاشلا خەلقنىڭ خۇشاللىق كۈلكىسى، مۇھەببەت ھەم نەپرىتى، زەھەردەك ئاچچىق كىنايە مەسخىرىلىرى، زۇلۇم، خورلۇق، كەمسىتىش ۋە ھاقارەتكە قارشى ئىسيانكارانە روھى سىڭىپ كەتكەن. شۇنداق بولغاچقا، خەلق چاقچاقلىرىنى ئۆتمۈشىمىز ھەم بۈگۈنىمىزنىڭ جانلىق خاتىرىسى، دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

چاقچاق سەنئىتى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «ھايات نەسىردىن ئەپەندى» نامى بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر قىزىقچىمىز ھېسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارقىلىق ئۆز تەسىرىنى مىسلىسىز كېڭەيتتى. ئىلى خەلق چاقچاقلىرى باشقا رايونلارغا ئوخشىمايدىغان روشەن خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ھەم شىمالىغا كەڭ تارىلىپ، چاقچاق خۇمار خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ھەم يازما، ھەم فولكلور ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، چاقچاق ئىلىلىقلارنىڭ مەنىۋى «ماركا» سىغا ئايلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق مۇھىم بىر مەنىۋى «ماركا» قاچاندىن باشلاپ، قانداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا شەكىللەنگەن؟ ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ھەققىدە گەپ بولغانىكەن ئەلۋەتتە بۇ نۇقتىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز.

شۇ نەرسە ئېنىقكى «تارىخىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە تولاراق يازما مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، يازما مەنبەلەر پەقەت ئۇزاق تارىخنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر تەرىپىنىلا يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئۆتمۈشنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلغان قىسمىدىن يېزىپ قالدۇرۇلمىغان قىسمى كۆپرەك ھەم سىرلىق بولىدۇ». شۇ ۋەجىدىن ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى كالېندار ئۇقۇمى بويىچە ئېنىق بىر ۋاقىت چېكىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىمىز دېسەك، سەۋەنلىككە يول قويغان بولىمىز. خەلقىمىز سەنئەت خۇمار خەلق، مىللىتىمىز شېئىرىي مىللەت. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ يېقىن بولغاچقا، ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ يىلتىزىنى سەنئەت بىلەن شېئىردىن، كونكرېتنى ئېيتساق ئىلى خەلق مەشرەپلىرىدىن، ھەجۋىي قوشاقلار، رامزان قوشاقلىرىغا ئوخشاش ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

مەن ئۆزۈم بىر باتۇر ئىدىم،
تاغدا كېيىك ئاتۇر ئىدىم.
قالپىقىمنى قىرلاۋېلىپ،
قىرىق قىزنى قوغلار ئىدىم.
باتۇرلىقىمنى شۇندىن بىلگىلار،
يېنى يوق قوڭغۇزنى،
يانغا تارتماي مىنەتتىم.
يېرىم شىڭ كېپەكنى
ئەلگە يۆلەتمەي ئارتتىم.
تۇتۇۋېلىپ پاشىنى
ئات ھارۋىغا قاتاتتىم.
ياماتۇنىڭ نېرىسىدىن،

جىرغىلاڭنىڭ بېرىسىدىن،
ئۈنمىگەن چىغ تۇۋىدىن،
تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى.
پۈتمىغان چوماق بىلەن ئۇرۇۋېدىم،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئالتە كىشىگە باستۇردۇم،
يەتتە كىشىگە سويدۇردۇم.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
ئاۋۋال- ئاخىرى يەۋاتىمىز،
ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن.
ھېلىمۇ بار تەڭ يارتىسى،
يالغان بولسا قاراپ باق،
مانتىدا باردۇر كاللىسى...

ئىلگىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە كەڭ تارالغان «چۈنچۈن سالاۋات»، «جان بۇرگەم» لەردىن ياكى يالغانچىلىق مەزمۇن قىلىنغان ساختىپەز، ئالدامچى، كاززاپلار قامچىلىنىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋىي قوشاق «قىرىق يالغان» دىن ئىلى خەلق لەتىپە-چاقچاقلىرىنىڭ، جۈملىدىن لاپلارنىڭ قوشاقلاشقان ئەندىزىسىنى كۆرىمىز. بۇ قوشاقلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا، مەشرەپ، توي - تۆكۈن، بەزمە - باراۋەتلەردە ئوقۇلۇپ، كىشىلەرگە يېتەرلىك تەربىيە، بەدىئىي زوق بېرىپ كەلگەن. ئىلى خەلق مەشرەپلىرىدىكى ئەلۋەك كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەت ۋە مۇكەممەل قائىدە - يوسۇن تۈسىگە ئىگە «سامسا يېقىش»، «ئۆپكە قۇيۇش»، «تامغا سۇرىتىنى تارتىش»، «پاختەك ئۇچۇرۇش»، «جۇۋازغا قېتىش»، «كاككۇك سايرىتىش»، «كۆتەك باستى قىلىش»، «كۆل سۈيىنى ئىچۈرۈش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «مۇنەك تۈگۈش» كە ئوخشاش جازا خاراكتېرلىك ئويۇنلارمۇ بىز دەۋاتقان لەتىپە-چاقچاقنىڭ نەق ئۆزى. بۇ لەتىپە - چاقچاقلار بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى — ئەخلاقنى، قائىدە-يوسۇننى، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى، ياشاش مىزانىنى، ھايات، تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ نازۇك، ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئۆگىتىپ كەلدى. مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ، قايغۇ بىلەن خۇشاللىقنىڭ، ۋىجداننىڭ، غۇرۇرنىڭ، ھايا - نومۇسنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ئۆگەتكەنلىرى شۇ دەرىجىدە كۆپ ھەم مۇكەممەل بولغاچقا مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان، بالىلىرىمىزنى «ئاۋۋال مەشرەپكە، ئاندىن مەكتەپكە بېرىدىغان» بولدۇق. بىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن چاقچاقچى، قىزىقچىلىرىمىز ئەنە شۇ مەشرەپ قايىنىغان سورۇنلاردا چوڭ بولغان. قويۇق يەرلىك مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە تاۋلانغان، پىشىپ يېتىلگەن. ئۇلارنىڭ مەكتىپى مەشرەپ، ئۇستازى خەلق. بۇ يەردە يەنە ئىلى رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئادەملىرىنىڭ خاراكتېرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېتىبارغا ئالماي بولمايدۇ. بۇ زېمىن شۇنداق زېمىن. باغلىرىمۇ، تاغلىرىمۇ، ئېتىز - قىرلىرىمۇ، يوللىرى، ھويلا - ئاراملىرىمۇ گۈل. بۇ زېمىن ياۋروپا رەسساملىرىنىڭ پەلكۈچى ئاستىدىكى بىر پارچە ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايدۇ. تەبىئەتنىڭ شوخ، ئەركە، نەغمىچى قۇشلىرى ئاشۇ ماي بوياق «رەسىم» نى ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى قىلغان. گۈللەرنىڭ ئېچىلىشى، قۇشلارنىڭ سايرىشى تىنچلىقنىڭ، خاتىرجەملىكنىڭ، توقچىلىقنىڭ بېشارىتى. تىنچلىق، خاتىرجەملىك، توقچىلىق بار يەردە تەبىئىيكى ناخشا بىلەن كۈلكە بولىدۇ. مۇنداق ناخشا، مۇنداق كۈلكىلەر شۇنداق ساپ، ساغلام بولىدۇ.

ئاتلارنى قويۇۋېتتۇق،
تاغدىكى قىياقلارغا.
يارنىڭ شولىسى چۈشتى
سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا.

بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئەزەلدىن ماددىي توقلۇققا قارىغاندا مەنىۋى توقلۇققا ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەچكە، مۇنبەت تۇپراق، ئاسمىنى كەڭ زېمىندا ئاتلىرىنى قىياقلارغا خاتىرجەم قويۇۋېتىپ، يارنىڭ شولىسى چۈشكەن بۇلاق باشلىرىدا كۈلكىسىنى كۆلۈپ يۈرۈۋەرگەن. سۆيۈملۈك ئانا تەبىئەت قوينىغا سىڭىپ، خۇشاللىق ۋە كۈلكىسىنى تەبىئەتتىن ئېلىپ كەلگەن. مانا بۇ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قىزغىن، مەردانە، ئوچۇق - يورۇق، خۇشچاقچاق بولۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىلى خەلق مەشرەپلىرىنىڭ، مۇراسىم، ئۆرپ-ئادەت قوشاقلىرىنىڭ تارىخى قانچە ئۇزۇن بولسا چاقچاقچىلىق تارىخىمىزنىمۇ شۇنچە ئۇزۇن سۈرۈشكە تامامەن ھەقلىقمىز. غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئىلى رايونىدا ئاجايىپ مەشھۇر خەلق قىزىقچىلىرى، چاقچاقچىلار، لاپچىلار، داستانچىلار، ھەجۋىي قوشاقچىلار ئۆتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ جەننەت ماكاندا ئەسلىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئىلى تارانچىلىرىدىن باشقا يەنە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىلىغا مەجبۇرىي پالانغان سۈرگۈنلەر، ياقۇپبەگ زۇلمىدىن ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان نوچىلار، بۇ خاسىيەتلىك يۇرتنىڭ ئارمىنىنى يەپ ئىختىيارىي كۆچۈپ چىققان تەۋەككۈلچىلەر، جاھانكەزدىلەر، دېھقانلار، كاسىپلار... ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققانلىرىمۇ بار بولۇپ، قىزىقچى، چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ بۇ لەتىپە - چاقچاقلىرى، ھەجۋىي قوشاقلىرى بىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋىي مىراسلىرىمىز ئىدى. ھالبۇكى، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىغا سەل قاراش، ئېتىبار بەرمەسلىكتەك سەۋەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى، لەتىپە - چاقچاقلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش ئېلىپ كەلدى. بىر ئۆمۈر خالىس تەر تۆكۈپ، ئۇيغۇر مەنىۋىي ھاياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ كۈلكە چولپانلىرىمىزغا مۇناسىپ ئابىدە تىكلەش بىزنىڭ قەرزىمىز ھەم پەرزىمىز. قول-

مىزدا دەلىل كەلتۈرگىنىدەك يازما مەنبەلەر كەم بولغاچقا، ئۇزاق تارىخنىڭ ئۇخشىمىغان قاتلاملىرىدا كۆمۈلۈپ ياتقان سۆز ئۇستىلىرىمىز ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشكە ھازىرچە ئامالسىزمىز. شۇنداقتىمۇ ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئىزدىنىپ كۆرگەن مۇئەللىپ ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن، نامى ھازىرغىچە ئېغىزلاردا يادلىنىپ كېلىۋاتقان ئاز بىر قىسىم ۋەكىل خاراكتېرلىك چاقچاقچى، قىزىقچىلىرىمىز توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرگە ئاز - تولا بىر نەرسە دەپ بېرىشنى لايىق تاپتىم.

## موللا مەتيار خەلپىتىم

موللا مەتيار خەلپىتىم چاقچاقچىلىق تارىخىمىزنىڭ نۇرانە بەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر لەتىپە - چاقچاقلىرى بىلەن بېزەپ ئۆتكەن مەشھۇر خەلق قىزىقچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات يوق. تەتقىقاتچىلىرىمىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر يېڭىساردا تۇغۇلغانلىقى، قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇغانلىقى، بىر مەزگىل قەشقەر مەھكىمە شەرئىيەدە ئىشلىگەنلىكى مەلۇم. ئۇ ياشىغان دەۋر ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستىلا قىلغان مەزگىللىرىگە توغرا كەلگەچكە، كىچىكىدىن ھەققانىيەتنى ياقلاپ، ئاۋامنىڭ ھال - مۇڭىغا ھەمنەپەس بولۇپ ئۆسكەن موللا مەتيار خەلپىتىم كۈلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئاچچىق لەتىپە - چاقچاقلىرى ئارقىلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە، يەرلىك فېئودال كۈچلەرگە، ئادالەتسىز جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. نەتىجىدە ياقۇپبەگنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان موللا مەتيار خەلپىتىم قەشقەردە ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغاندىن كېيىن، يۇرتىنى تاشلاپ، غۇلجىغا چىققان. غۇلجىنىڭ كۈلكە - چاقچاققا تويۇنغان يەرلىك مۇھىتى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى قىلىچ بىسىدەك تاۋلاپ، يېتىلگەن قىزىقچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساتىراشلىق كەسپى بىلەن جان بېقىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

بىز پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان، يازغۇچى، تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئىمىن ئەخمىدى، خېۋىر تۆمۈر، غۇلام ئەبەيدۇللالارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق روياپقا چىققان، 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» نىڭ 1 - قىسمى، 2000 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كۈلكە چولپانلىرى»نىڭ 1ـقىسمى، «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 37 - قىسمى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 5 - سانى ۋە 1983 - يىلى ئالمۇئاتادىكى قازاقىستان س س ر ناۋكا نەشرىياتى نەشر قىلغان قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» قاتارلىق كىتاب، ژۇرنال، مەجمۇئەلەر ئارقىلىق موللا مەتيار خەلپىتىمنىڭ تولۇق بولمىغان تەرجىمھالى. شۇنىڭدەك بىر قىسىم لەتىپە - چاقچاقلىرى بىلەن ئۇچرىشالايمىز.خەلپىتىمنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئاز بىر قىسىم لەتىپە - چاقچاقلىرى ھازىرمۇ غۇلجا ۋە قەشقەر تەۋەسىدە تەسىرىنى يوقاتماي، كىشىلەر تەرىپىدىن يادلىنىپ كەلمەكتە. بىزنى مۇشۇنداق ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان تەتقىقاتچى، ئىزدەنگۈچىلىرىمىزگە رەھمەتلەر بولسۇن. ئىشىنىمىزكى، ئىزدىنىشىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىسىلا تارىخ بەتلىرىدە كۆمۈلۈپ ياتقان موللا مەتيار خەلپىتىمدەك مىڭلىغان خەلق قىزىقچىلىرىمىزنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرى ھازىرمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چوقۇم بىز بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ.

## موللا مەتيار خەلپىتىم چاقچاقلىرى

### ئېغىزنىڭ يېلى

بىر كۈنى مەھەللە شاگىۋسى موللا مەتيار خەلپىتىمنى چاقىرىپ كېلىپ:

— خەلپىتىم، مەن سىزنى چاقىرغاندا چاپسان كېلىپ تۇرۇڭ، قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى سىزگە كۆرسىتىپ تۇرىمەن. ئۆزىڭىز ماڭا كېرەك بولۇپ قالغاندا ياردىمىڭىزنى ئايىماڭ، — دەپتۇ.

موللا مەتيار خەلپىتىم ھەيران بولۇپ:

— شاگىۋم، مېنىڭ سىلىگە قانداق ياردىمىم تېگىشى مۇمكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانداق ياردەم بولاتتى، — دەپتۇ شاگىۋ، — دۇنيا، پۇل ياردىمى ئەمەس، ئەلۋەتتە ئۇ سىلەردە يوق. پەقەت ئارىلاپ - ئارىلاپ مەن سوراپدىغان ئاغزىڭىزنىڭ يېلى.

— ھېچ چۈشەنەلمىدىم، مېنىڭ ئاغزىمنىڭ يېلى سىلىگە نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟

— ۋاي خۇدا، تازا نادان خەلپىتىم ئوخشايلا، بۇنىڭ چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار. پەقەت مەن چاقىرغاندا كېلىپ ئانچە - مۇنچە يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسىڭىز، زۆرۈر تېپىلغاندا يالغان قەسەملىرىمنى ئىچىپ بەرسىڭىز بولغىنى. شاگىۋنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن خەلپىتىم:

— قورسىقىمدا زادى گەپ ياتمايدىغان بىر ئەسكى ئادىتىم بار. بولۇپمۇ مانا مۇشۇنداق تېرەمگە سىغمايدىغان ئىشلارنى كۆرگەن چېغىمدا جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاپ قويىمەن. مەسىلەن، سىلى ئۆلگەندە ئۆزلىرىنى كۆمگەن گۆرنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاۋېتىپ، بىرسى: «شاگىۋم قانداق كىشى ئىدى؟» دەپ سوراپ قالسا، مەن «يالغان قەسەم بىلەن يالغان گۇۋاھچىلارنىڭ شاگىۋسى ئىدى» دەپ ئېيتىپ قويۇشۇم مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قورساقتا ياتمايدىغان بۇ گەپكە مېنى ئارىلاشتۇرمىسىلا، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاگىۋ: « يائاللا، بۇ ماڭا قىيامەتلىك

دۇشمەن بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ موللا مەتيار خەلپىتىمنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

### داۋا بولىدۇ

مەھەللە قازىسى موللا مەتيار خەلپىتىمنى چاقىرتىپ:

— خەلپىتىم، ئاڭلىسام سىلىنى تۈۋېلىقتىن خەۋەرلىرى بار دەيدۇ. قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ ئارامىمنى قويمىدى. كېسىلىمگە شىپا بارمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولمامدىغان تەقسىر، — دەپتۇ موللا مەتيار خەلپىتىم، — ئىت گۆشىنى يەپ بەرسىلە، ئالامەت داۋاسى بولىدۇ.

— ئا. بۇ نېمە دېگەنلىرى، — دەپتۇ قازى ئاچچىقلىنىپ، — ئىت دېگەن ھارام تۇرسا، ئۇنى قانداق يېگىلى بولىدۇ؟

— تېبابەتچىلىكتە «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغۇلۇق» دېگەن گەپ بار. ھارامدىن ئاغرىغان كېسەلگە ھارام نەرسە داۋا بولىدۇ. سىلىنىڭ كېسەللىرى شۇ خىلغا كىرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا مەتيار خەلپىتىم.

### نېمىسىگە شۈكۈر

نەزىردىن يانغان موللا مەتيار خەلپىتىمنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن ئۈستى - ئۈستىگە شۈكۈر ئېيتىپ مېڭىپتۇ. كېكىرسىمۇ شۈكۈر، چۈشكۈرسىمۇ شۈكۈر، ساقال - بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپمۇ شۈكۈر دەۋەرگەچكە موللا مەتيار خەلپىتىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— خەلپىتىم، نېمانچە تولا شۈكۈر بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياراتقان ئىگىمىز بىزگە بۈگۈن رىزىق ئاتا قىلىپ، باينىڭ پولۇسى بىلەن بىر قېتىم تويدۇرۇپ قويدى، — دەپتۇ ئۇ كىشى، — بۇنىڭغا شۈكۈر قىلمىساق بولامدۇ، ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلىشىمىز، مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر دېيىشىمىز كېرەكتە.

— قىزىق ئادەمكەنلا، — دەپتۇ خەلپىتىم مىيىغىدا كۈلۈپ، — سىلى بىلەن ماڭا باينىڭ پولوسىدىن بىر قېتىم يەيدىغان رىزىق بەرگەن خۇدا بايغا نېمىلەرنى بېرىپتۇ، بىلەملا؟ نۇرغۇن يەر - زېمىن، مال - دۇنيا، كاتتا باغ - ھويلا، يەنە تېخى قوشلاپ خوتۇن. سىلىگىچۇ؟ بىر پارچە بوز كىگىز بىلەن بىر قارىغۇ خوتۇن. ماڭا بەرگىنى بىر ناكا خوتۇن بىلەن قېرىپ ھالى قالمىغان ئالا بايتال. يەنە نېمىسىگە شۈكۈر؟!

### گېلىگە ھارام تۇرۇپ قاپتۇ

بىرەيلەن موللا مەتيار خەلپىتىمدىن سوراپتۇ:

— خەلپىتىم، خانىقا ئىچىدە بىر توپ كىشىلەر «ھە،ھۇ» دەپ سەكرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟

— سوپىلارنىڭ گېلىگە ھارام نەرسىلەر تۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئازابىدا جان تالىشىۋاتقان گەپ، — دەپتۇ موللامەتيار خەلپىتىم.

## «مىراس» ژۇرنىلى شەرەپ بىلەن ‹5 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائى پەنلەر ژۇرنىلى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى

بۇ نۆۋەتلىك پائالىيەتكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 174 خىل ژۇرنال قاتناشتۇرۇلدى. (خەنزۇچە تىل - يېزىقتىكىسى 80خىل، ئۇيغۇرچە قاتارلىق يېزىقتىكىلىرى 94خىل). بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى تارقاتقان «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئۆلچىمى»، «ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ۋە باھالاش ئۇسۇلى» قاتارلىقلاردا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ، ئاشكارا، ئادىل بولۇشتەك پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، باھالاش كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى ۋە قايتا - قايتا باھالاپ بېكىتىشى بىلەن 25 ژۇرنال «شىنجاڭ ژۇرناللار مۇكاپاتى »غا، 17خىل ژۇرنال «شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

«مىراس » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

# قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا ئۆپا ـ ئەگلىك سۈرۈش ئادىتى



ئۆپا ـ ئەگلىك ئانىلىرىمىز ۋە قىز ـ چوكانلىرىمىز يۈ-
زىگە سۈركەيدىغان پەرداز بويۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزنى
ئاقارتىش ئاپتاپتا كۆيۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار. ئەگ-
لىك ــ ئايالالرنىڭ مەڭزىگە سۈركەيدىغان ئاچ قىزىل
رەڭدىكى بوياقنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارى-
غاندا، قەدىمكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ خوتۇن ـ
قىزلىرى قىزىل ھەم سېرىققا مايىل بىر تۈرلۈك گۈلدىن ئەگ-
لىك ياساپ، ئۆزلىرىنى گۈزەللەشتۈرگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار
بۇ خىل ئەگلىكنى ئالچى «قىزىلچى» ئەگلىكى دەپ ئاتاش-
قان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، «ئەگلىك» كە «خوتۇنلارنىڭ
مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق» دەپ ئىزاھ بەر-
گەن. يۇقىرىقى مەلۇماتتىن بىز قەدىمكى زامانىدىكى ئانىلى-
رىمىز ۋە قىز- چوكانلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدى-
غان قىزىل- سېرىق گۈللەردىن ئۆپلەئەگلىك ياساپ، ئۇنى
ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

خۇددى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ
ئانىلىرىغا ئوخشاشلا، دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئانىلىرى-
مىزمۇ ئۆز چىراي ـ رۇخسارىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۇنى
قوغداشقا ئادەتلەنگەن. قەدىمكى دەۋردىكى كىشلەر ئوۋچى-
لىق ۋە قەبىلۋازلىق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقاندا، تەنلىرى،
چىرايى لاي ۋە قانغا مىلىنىپ كېتەتتى. بۇ ھال باشقىلار-
نىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. كېيىنچە بەزىلەر ئەتەي يۈزلىرىگە
قان سۈرتۈۋالغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ قەلبىنى مەپ-
تۇن قىلماقچى بولغان. چۈنكى، ئاياللار جەڭگىۋارلىقى يوق
قورقۇنچاقلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش
رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، بۇ ئادەت ئاياللارغا كۆچ-
كەن. بۇ دەۋردىكى ئاياللار قەھرىمان، جەڭگىۋار، ۋەتەن-
پەرۋەر ئەرلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن يۈزلىرىگە ھەر خىل
پەرداز بۇيۇملىرىنى سۈرتۇشۇپ، ئۆزلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش
مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان(1). قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ
بىرى بولغان ئۇيغۇرلار دۇنيادا ئەڭ دەسلەپ ئۆزىگە خاس
گۈزەللىك ئەندىزىسى تۇرغۇزغان خەلقتۇر. ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدە يېتەكچى ئو-
رۇندا تۇرىدىغان «بىز قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلاردىن يارال-
غان» دېگەن ئۇقۇم ئۇلارنىڭ ناھايىتى قەدىمدىلا ئۆز چىرا-
يىغا دىققەت قىلىش، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ۋە ئۇنى
ئاسراش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. دىيارىمىز
تەۋەسىدىن يىل دەۋرى ناھايىتى قەدىمي بولغان مىس
كۆزگۈ( ئەينەك) لەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بايقىلىشىمۇ تاسا-
دىپىي ئەمەس ئىدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ياسىنىش، ئۆپلەئەگلىك
سۈرۈش، ئۆزىنى پەردازلاش ئادەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن ئو-
چۇرلار بار. مەسىلەن:

ئەردىنى: بەدىنى مەرۋايىتتەك خوتۇن دېگەن مەنىدە
( 1 ـتوم 192 ـ بەت ).

ئۆلاس: خۇمار كۆز( 1 ـ توم 81 ـ بەت ).

قوزاندى: بېزەندى، ياساندى، پەرداز قىلدى
( 2 ـتوم 220 ـ بەت ).

كىرشەتەندى: ئۆپىلاندى، ئۆپا ـ ئەگلىك
سۈرتتى(2 ـتوم 406 ـ بەت ).

قىرتىشلەندى: چىرايلىقلاشتى، چىرايلىق بولدى
( 2 ـ توم 396 ـ بەت ).

كۆركەتتى: كۆركەملەشتى، گۈزەللەشتى( 2 ـ توم 498 ـبەت)

يىپلادى: يىپلاندى، يىپ سالدى،خوتۇن يۈزىنى يىپلەدى(3 ـ توم 421 ـ بەت).

مەڭكدەشتى: يىپ سىلىشتى، ئىككى خوتۇن يىپ سىلىشتى، يەنى يىپ بىلەن بىر-بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى (3ـ توم 544ـ بەت).

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىلا يۈزىنى پەردازلاش ئەنئەنىسىنى ياراتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ئوپا ـ ئەڭلىك ئىشلىتىپ يۈزىنى پەردازلاش ئەنئەنىسى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئات ئويىنىتىپ يۈرگەن، قىز-چوكانلىرىمىز: «بولسىدى يىگىتىم بەگقۇلىسىمان» دەپ ناخشا ئېيتىشىپ، جەڭگىۋار، ۋەتەنپەرۋەر، چەبدەس يىگىتلەرگە جۆرە بولۇشنى ئۆز غايىسى قىلغان زامانلاردا بەك ئومۇملاشقان. قەھرىمان ئەرلەرگە چوقۇنۇش ئادىتى ئومۇمىي قائىدىگە ئايلانغان. ئۇ زامانلاردىكى قىزلار قەھرىمان يىگىتلەرنىڭ مەيلىنى تارتىش مەقسىتىدە ئۆز رۇخسارىنى گۈزەللەشتۈرەتتى. قىز ـ ئاياللىرىمىزدىكى ئوسما قويۇش، سۈرمە، چاچ پەردازلاش ۋە ئەڭلىككە ئوخشاش بىر قاتار تەبىئىي ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ شەكىللىنىشمۇ شۇ سەۋەبتىندۇر.

قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ بىر پۈتۈن پەرداز بۇيۇملىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى ھەم ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى — ئەڭلىكتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ:«ئەڭلىك» خوتۇنلار مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل رەڭلىك بوياق دېيىلگەن(1 ـ توم 156 ـ بەت). دېمەك، قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە قىز-چوكانلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گىرىم بۇيۇمى بولغان ئوپا ـ ئەڭلىك ئۇزاق زامانلار داۋامىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

«كروران گۈزىلى» نىڭ جەسىتىنى10 يىل تەتقىق قىلغان ئالىملار بۇ جەسەتنىڭ نەچچە مىڭ يىل قۇم ئاستىدا يېتىپمۇ ياخشى ساقلانغانلىقىنىڭ سىرىنى يېشىپ بەردى. تەتقىقاتچى تيې دېلىن جەسەتنىڭ بەدىنىگە ئىنتايىن نېپىز سۈرتۈلگەن ئاقسىل تۈرىدىكى ماددىنى بايقىغان. ئۇ باشقا مومىيا جەسەتلەرنى بايقىغاندىمۇ بۇخىل ماددىنى جەسەتلەرنىڭ يۈزىدىن بايقىغان(0.1 ـ 0.5 مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئاچ سېرىق ماددا). ئۇ تەتقىقاتلار ئارقىلىق سۈرتۈلگەن بۇ ماددىنىڭ ئانئورگانىك ماددا ۋە كراخمال تۈرىدىكى ماددا بولماستىن، بىر خىل ھايۋانات ئاقسىلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەدەننى، چىرايىنى ئاسراش، گۈزەللەشتۈرۈش رولى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.②

ئارخېئولوگلار پىچاندىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ئاساسەن، « 1M قەبرىدىن تېرىدىن تىكىلگەن بىر گىرىم خالتىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە تاغاق، قاش قەلەم، قارا، ئاق، قىزىل رەڭلىك سۈرمە تاشلار قاچىلانغان. قاش قەلەمنى قارا رەڭلىك سۈرمە تاشقا سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاق بىلەن قاش ـ كۆزلەرگە گىرىم قىلىسا، ئاق رەڭلىك سۈرمە تاشقا سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاقلار بىلەن يۈز ئاقارتىلىدۇ. قىزىل رەڭلىك تاشقا سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاقلار بىلەن يۈزىگە ئەڭلىك قىلىنىدۇ»③ دەپ يازغان. مۇنداق ئوپا ـئەڭلىك چىقىرىلغان سۈرمە تاشلار ۋە ئوپا ئەڭلىكلەر خېجىڭدىكى بولغۇنتاي قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەردىنمۇ تېپىلغان④. 1984 ـ يىلى ئارخېئولوگلار لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، بۇ جايدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەرگە خاس باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە كىمخاپتىن تىكىلگەن ناھايىتى چىرايلىق بىر ئوپا ئەڭلىك خالتىسىنى تاپقان بولۇپ، خالتا ئىچىگە مىس ئەينەك، تاغاق، سۈزگۈچ، ئوپا ـئەڭلىك ۋە دورا ـ دەرمەكلەر قاچىلانغان⑤. 1988 ـ يىلى 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا، 1990 ـ يىل 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا ۋە 1991 ـ يىلى 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلىكتە ئىلمىي تەكشۈرۈش خادىملىرى نىيە خارابىسىدا ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش ـ قېزىش يۈرگۈزگەندە، بۇ جايدىنمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش ئوپا ـ ئەڭلىك قاچىلانغان چىرايلىق خالتىلارنى تاپقان⑥.

1995 ـ يىلى ئارخېئولوگلار لوپنۇردىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس بۇ قەبرىلەردىن ئوپا ـ ئەڭلىك ۋە باشقا گىرىم بۇيۇملىرىنى سېلىپ ساقلايدىغان «خۇشبۇيلۇق خالتىسى» دىن يەتتىنى تاپقان. بۇ ئوپا ـ ئەڭلىك خالتىلىرى شۇ دەۋردىكى ئەڭ ئېسىل رەخت ھېسابلانغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن شايىدىن ئوراپ(بىر-بىرىگە چېتىپ) تىكىلگەن بولۇپ، ھەر خىل رەڭدار لېنتىلار ۋە نەقىش ـ بېزەكلەر بىلەن كۆركەملەشتۈرۈلگەن⑦.

يۇقىرىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن يەنە ياغاچتىن ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى ئالتە دانە ئوپا ـ ئەڭلىك قۇتىسى تېپىلغان بولۇپ، قۇتا ئىچىگە پەرداز قىلىشتا ئىشلىتىدىغان سەرناق ۋە پاراشوكسىمان ھالەتكە كېلىپ قالغان ئوپا ئەڭلىكلەر قاچىلانغان⑧. مەسىلەن، يىڭپەندىن تېپىلغان تۆت دانە ئوپا ـ ئەڭلىك قۇتىسىنىڭ گەۋدىسى

كىچىك ۋە سىپتا ياسالغان بولۇپ، ياساشتا سىرتىدىن
ئايلاندۇرۇپ كېسىش ئاساس قىلىنغان. ئىچكى قىسمى
سىلىقلاشتۇرۇلغان. قۇتا ئىچىگە پەرداز قىلىشقا ئىشلىتىدىغان
سەرناق ۋە پاراشوكسىمان بويۇملار قاچىلانغان. M1 :3
نومۇرلۇقى چىرىپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئې-
غىزى يۇملاق ۋە تۈز، دىۋارىمۇ تۈز، تېگى دۈگىلەك بو-
لۇپ، گەۋدىسى قارا سىر بىلەن سىرلىنىپ، ئۈستىگە قىزىل
سىر بىلەن گۈل نۇسخىلار سىزىلغان. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ دى-
ئامېتىرى 8 سانتىمېتىر، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى 8 سانتىمې-
تىر، ئېگىزلىكى 2.9 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ ئېغىز گىرۋىكىگە
قىن ئويۇلۇپ، قاپقىقىنى يېپىشقا ماس كەلتۈرۈلگەن. قاپ-
قاقنىڭ كەسمە يۈزى تراپېزوئىد شەكىللىك، قاپقاق يۈزى-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا يوپۇرماق ۋە بەرگىدىن تەركىب تاپقان
بىر گۈرۈپپا گۈل نۇسخىسى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر ئايلانما
قۇر نۇسخىسى سىزىلغان. ئۇنىڭ سىرتىغا بىر ئايلانما تاق
سىزىق نۇسخىسى ۋە ئۈچ بۇرجەك نۇسخا سىزىلغان. قاپ-
قىقىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.2 سانتى-
مېتىر، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 4.8 سانتىمېتىر M10:4 نو-
مۇرلۇقى چىرىگەن ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭ ئاغزى
يۇملاق ۋە يايپاق، قىرى چاسا شەكىللىك، قورسىقى كۆ-
پۈپ چىققان، تېگى تۈز بولۇپ، مۇرىسىگە ئۈچ يۆگەم
كۆپۈنكى سىزىق نۇسخىسى چىقىرىلغان. سىزىق نۇسخى-
سىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىگە ئاق رەڭلىك سىر بىلەن
ئىككى قۇر ھەرە چىشىسىمان نۇسخا سىزىلغان. قاپقاقنىڭ
كەسمە يۈزى تراپېزوئىد شەكىللىك بولۇپ، گىرۋىكىدە بىر
قۇر پېتىنقى سىزىق نۇسخىسى چىقىرىلغان. ئۇنىڭ ئاغزى-
نىڭ دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر، ئاستىنىڭ دىئامېتىرى
2.8 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.8 سانتىمېتىر، قاپقىقىنىڭ
دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 1.4 سانتىمېتىر.
M7:9نومۇرلۇقىنىڭ سىرتقى يۈزى سىلىقلانغان، ئاغزى
تۈز ھەم يۇملاق شەكىللىك، چاسا قىرلىق، قورساقلىق،
تېگى دۈگىلەك، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر، ئې-
گىزلىكى 2.4 سانتىمېتىر. M22:5نومۇرلۇقى بىر پارچە
شالنى ئويۇپ چاسا ھالەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان.
ئۇنىڭ ئاغزى تۈز، چاسا قىرلىق دىۋارى ئاساسەن تۈز،
تېگى تۈز بولۇپ، قاپقىقى بىر پارچە ئۇزۇنچاق چاسا شە-
كىللىك شالنىڭ ئىككى يۈزىنى تۈزلەپ، ئوتتۇرىسىدىن دى-
ئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىرلىق تۆشۈك ئېچىپ، تۆشۈككە بىر
تال شوينا باغلاش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇزۇنلۇقى 5.9
سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.4 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 3.1 سان-
تىمېتىر.

1995 ـ يىلىدىكى قېزىشتا، يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستان-
لىقىدىن دەۋرى ناھايىتى قەدىمىي بولغان تېرىدىن تىكىلگەن
ئۈچ دانە ئۇپا ـ ئەڭلىك خالتىسى تېپىلغان. مەسىلەن:
M22:6 نومۇرلۇق تېرە ئۇپا ـ ئەڭلىك خالتىسىنىڭ ئېگىز-
لىكى 4.4 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇ كىچىك بىر پارچە قوي تېرى-
سىدىن تىكىلگەن. ئۇنىڭ ئاغزى ھەم چىگىلگەن بولۇپ ئىچىگە
ھالرىڭ ھالەتتىكى پاراشوكسىمان نەرسە(يەنى قەدىمكى ئۇپا
ـ ئەڭلىك بويۇمى) قاچىلانغان. ئۇ بىر پەرداز قۇتىسى ئىچى-
دىن چىققان بولۇپ، پەرداز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇپا ـ ئەڭ-
لىك خالتىسى ھېسابلىنىدۇ. ⑨

1990 ـ يىللاردا ئارخېئولوگلار چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 ـ
نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قازغاندا، قەبرىلەردىن ياغاچتىن
ياسالغان ئىككى دانە ئۇپا ـ ئەڭلىك قۇتىسىنى تاپقان.
M12B:4نومۇرلۇق قۇتىنىڭ يۈزىگە توققۇز قۇر قايىنام
شەكلى ئويۇلغان بولسا، M24:12نومۇرلۇق قۇتىنىڭ يۈزى
قارا سىردا سىرلانغان، قوي ۋە بۇغا رەسىملىرى نەقىشلەپ
ئويۇلغان بولۇپ، ئەينى زامانغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى ھۈ-
نەر ـ سەنئەت سىڭدۈرۈلگەن. بۇ ئۇپا ـ ئەڭلىك قۇتىلىرى قە-
دىمكى ئانىلىرىمىز ئۇ ئالەمگە بارغاندىمۇ پەرداز قىلىپ ئۆزىنى
گۈزەللەشتۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ، دېگەن روھىيەت قاراشلىرى بى-
لەن قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك نەق ماددىي يادىكارلىق
ئىسپاتلىرىدىن مەلۇمكى، نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى
كروران گۈزەللىرى ئوخشاش ئانىلىرىمىز ھەر خىل رەڭلىك
تاشلارنى سۈركەش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۇپا ـ ئەڭلىك ياساپ،
ھۆسن ـ جامالىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كەلگەن. ھەتتا ھەرخىل
ئېسىل رەختلەردىن، ياغاچلار ۋە تېرىلەردىن ئۇپا ـ ئەڭلىك
قاچىلايدىغان رەڭدار خالتا ۋە قۇتىلارنى ياساپ، ئۇنىڭغا
ئۇپا ـ ئەڭلىك قاچىلاپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. بۇلار بۈگۈنكى
زامانىۋى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەردە ياسىلىدىغان ئۇپا ـ ئەڭلىك،
پەرداز قۇتىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈرەلمىسى بولۇپ، ئەقىل-
لىق ئانىلىرىمىز ئۇنى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىختىرا
قىلىپ پايدىلانغان ۋە بۈگۈنكىگە ئاساس سالغان.

شۇ دەۋرلەردە دىيارىمىز غەربىي يۇرت ئاياللىرى بىلەن
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئاياللارنىڭ پەرداز قىلىش ئۇسۇل-
لىرىمۇ ئوخشىشىپ كەتكەن«ۋۇيەنچۇن ‹ئۆرپ ـ ئادەت ۋە
ئارخېئولوگىيە» ناملىق ماقالىسىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى
ئالىمى M.g شارەنكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قاشلىق
ئېتىش ئادىتىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى توغرىسىدىكى ‹قە-
دىمكى باكترىيە» دېگەن ماقالىسىنى تىلغا ئېلىپ، مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 2 مىڭ يىل بۇرۇن ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بىر
پەرداز قۇتىسى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن. بۇ خىل كەڭ،
يۇملاق قورساقلىق، ئېگىز بويۇنلۇق، تەكشى يۈزلۈك، يۇ-

MIRAS

ملاق ئېغىزلىق كىچىك قۇتىنىڭ ئېغىزىغا ھايۋان سۈرىتى
چۈشۈرۈلگەن كىچىك تاياقچە قىستۇرۇپ قويۇلغان. شارەنكى
بۇنى قاشلىق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان قارا رەڭلىك سۈرمە
تاش قاچىلىنىدىغان پەرداز قۇتىسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ-
دەك شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ھازىرقى زامان مىللىي ئۆرپ-ئادەت
كۆرگەزمە زالىدىكى تاتارلار كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئىچىدە
ئالتۇندىن ياسالغان، شەكلى باكترىيە ئەتراپىدىن تېپىلغان
يۇقىرىقى قۇتىغا ئوخشاش ئىككى دانە قاشلىق قۇتىسى بار
بولۇپ، ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت قۇتىنىڭ ئېغىزىغا
سانجىپ قويۇلغان كىچىك تاياقچىغا گۈل نۇسخىلىرى چۈ-
شۈرۈلگەن».

يۇقىرىقى ماددىي پاكىتلار بىزگە تۆمۈر قوراللار دەۋرىدى-
كى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئىنتايىن
يۇقىرىلىقىنى ھەمدە بۇ دەۋردە قاش - قەلەم، ئۇپا-ئەڭلىك،
پەرداز خالتىسى قاتارلىق يېڭى ۋە ئىپتىدائىي پەرداز بۇيۇم-
لىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك شۇ دەۋردىلا
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇ-
ناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاپ
كېتىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكى:«گۈزەل شەيئىلەر-
نى ياقتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە ئۇنى چۈشىنىشكە
ماھىر بولۇش كېرەك» دېگىنىدەك، قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە
قىز-چوكانلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىپتىدائىي كىشى-
لەرنىڭ نادانلارچە گۈزەللىك قوغلىشىدىغان تۇيغۇسىدىن
نەچچە باراۋەر ئېشىپ كەتكەن. قەدىمكى ئانىلىرىمىز ئەڭ
ئېسىل بۇيۇملارنى نەگە تاقىسا، قەيەرگە سانجىپ تاقىۋالسا
گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن.
ماركس«بىر سەنئەت بۇيۇمىنى پەقەت سەنئەتنى چۈشىنىدى-
غان، شۇنداقلا گۈزەللىكتىن زوقلىنالايدىغان خەلق ئىجاد
قىلالايدۇ»، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ناۋادا نەچچە مىڭ
يىللار ئىلگىرى ياشىغان كروران گۈزىلىدەك ئەقىللىق،
چىرايلىق، لاتاپەتلىك ئانىلىرىمىز ناھايىتى قەدىمدىلا سەن-
ئەتنى، گۈزەللىكنى چۈشەنمىگەن بولسا، ئۇپا - ئەڭلىككە
ئوخشاش ئېسىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ياسىيالمىغان بولاتتى.


كۆرسەتكۈچلەر:

يۇلتۇز روزى: «تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى- ئەڭلىك»، «شىنجاڭ سەنئىتى
ژۇرنىلى» 2000 -يىل 3 - سان،①.②105 - ،107 - بەتتىن ئېلىندى.
③ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 3-،4- قوشما سان،138-بەت.
④ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 3-،4- قوشما سان، 123 - بەت.
⑤يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2003 - يىل 3 - سان،39 - ، 40 - بەت.
⑥يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2003 -يىل 4 - سان،8 - ،9 - بەت
⑦يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2001 - يىل 1 - 2 - قوشما سان،38 - بەت
⑧يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2001 -يىل 1 - ، 2- قوشما سان، 36- ،37- بەت
⑨⑩ لى شياۋبىڭ: «جوڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم-
كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات».
1995 - يىل 8 - ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى،
193 - ، 195 - بەت .


ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن :

«مىراس» ژۇرنىلى«مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۇنۇم ياراتقان ژۇر-
نال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال »، « شىنجاڭ 2 - ۋە 5 -نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇ-
كاپاتى» غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى . ژۇرنىلىمىزدى-
كى« ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلار، «ئادەت قېرىماس»سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ
ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان
ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئۇبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە -رىۋايەتلەر، «كۆلكە - جان ئوزۇقى»سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسى-
دە ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ - شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ
ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنت-
لەرنى دانا ۋە ئەخلاقى رەنالاردىن قىلىپ تەربىيلەش توغرىسىدىكى ئۈگۈتلەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت
ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىل-
غار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ .

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننەمە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا -ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ،
قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت ، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008 -يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا
يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى




# كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى زىننەت بويۇمى

## سۆكە

سۆكە ــ كېرىيە ئاياللىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن زىننەت بۇيۇمىدۇر، قىزلارنىڭ تۇنجى تويىدىكى ئەڭ مۇھىم تويلۇق زىننەت بۇيۇمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆكە ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى خان سۆكىسى، بۇ پەقەت قول بىلەن پارچە ـ پارچە ئىشلىنىپ قۇراشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىرى يېڭى زامان سۆكىسى. بۇ پەقەت ھازىرقى قېلىپ بىلەن قۇيۇلۇپ قۇراشتۇرۇلىدۇ.

كېرىيەدە ئومۇملاشقىنى خان سۆكىسى بولۇپ ئۈستى تەرىپى ئىككى قەۋەت. ئاستى تەرىپى ئىككى قاتار ئالتىدىن يەتتىگىچە بېلىق شەكلىدە ياسىلىدۇ. ئىككى تەرىپىگە ئىككى دانە يوپۇرماق ئېسىلىدۇ. كېرىيە سۆكىسى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

خان سۆكىسىنىڭ ياسىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، مېھراپ شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ. ئاستى تەرىپىگە ساڭگىلاپ تۇرغان بېلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن تەبىئەتتىن ئۈلگە ئالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ھەمدە بېلىق كۆرۈنۈشى پاكلىقنى سىمۋول قىلىنغان بولۇپ ، ئۆزگىچە گۈزەللىكنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. خان سۆكىسى قولدا ئىشلىنىدىغان بولغاچقا ،ياسىلىشى ئىنتايىن نازۇك، بىر زەرگەر ئۇستام بىر ھەپتە ئەتراپىدا تۇجۇپلەپ ئىشلىگەندە بىر كىشىلىك سۆكە پۈتۈپ چىقىدۇ. خان سۆكىسىنى ئەڭ ياخشى ياسىيالايدىغان شاگىرتلار پىشىپ يېتىلگەن زەرگەر ھېسابلىنىپ، دۇكان ئايرىپ بېرىلىدۇ.




كېرىيە كاكچا نېنى كېرىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلاپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن نانلىرىنىڭ بىرى. كاكچا نان كېرىيەدىن باشقا يۇرتلاردىمۇ ئىستېمال قىلىنىسمۇ، لېكىن كېرىيە كاكچا نېنىنىڭ يېقىلىش ئۇسۇلى، قېلىن ـ نېپىزلىكى، رەڭگى، سىڭىشلىكى، ئۇزۇن ساقلاشقا بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭ كاكچا نېنىدىن پەرقلىنىدۇ.

كېرىيە كاكچا نېنى يېقىلىشتىن ئىستېمالغىچە بولغان جەريانى مۇنۇ تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ:

1. تونۇرنى تەييارلاش. نان ياققۇچىلار شوردىن سېلىنغان تونۇرنى قوناق پاسىرى، كېۋىز شادىسى، ھەرخىل دەرەخلەرنىڭ شاخ ـشۇمبىلىرى، دەرەخ ئوتۇنى قاتارلىقلارنى يېقىلغۇ قىلىپ مۇۋاپىق قىزىتىپ تىندۇرۇلىدۇ.

2. ئۇن ئەلگەكتە تاسقىلىدۇ.

3. خېمىر يۇغۇرۇش. تاسقالغان ئۇننى سوغۇق سۇ، ئاق تۇز ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خېمىر پىشىقچە ئەيلىنىدۇ ھەم تىندۇرۇلىدۇ ( ئولتىلىدۇ).

4. نان يېقىش. تونۇر تىنىپ، خېمىر بولغاندىن كېيىن نان ياققۇچىلار(تۆتتىن ئالتىگىچە ئادەم) نان يېقىش، زۇۋۇلا ئۈزۈش، زۇۋۇلاش، نان ئېچىش، گىرۋەكلەش، تۇكۇچ سېلىش قاتارلىق راسلاش جەريانلىرى تاماملىنىپ كاكچا خېمىرى گەزنە بىلەن تونۇرغا يېقىلىپ سارغىيىپ پىشىپ غۇزلىغىچە (كۆپۈپ، چېچەكلەش) تونۇردا تۇرغۇزۇلىدۇ. تونۇردىن ئېلىنغاندىن كېيىن نان دەستىلەپ تىزىلىدۇ. بۇ يەرلىك تىلدا خونلاش دېيىلىدۇ.

كېرىيە كاكچا نېنىنى سۈت چاي، ھەرخىل قورۇما، سۆيۈق ـ سەلەڭ قورۇمىلار بىلەن ياكى قۇرۇق يېيىشكە بولىدۇ. كېرىيە كاكچا نېنىنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل تائاملىرىدىن بولغان تونۇر كاۋىپى، پولو قاتارىدا قويۇپ مېھمان ئۇزىتىشقا بولىدۇ. كېرىيىلىكلەر چاي بىلەن كاكچا ناندىن ئايرىلماسلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان.

(ئاپتور: كېرىيە مەدەنىيەت يۇرتىدا)



ئابدۇۋارىس رەھىم

# تاشمىلىق خەلقىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى

تاشمىلىق يېزىسى پامىر ئېگىزلىكى باغرىدا بولۇپ، غەربىي جەنۇب تەرىپىنى قاتمۇ قات تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ يېزا قەشقەركونا شەھەر ناھىيە مەركىزىدىن 47 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. تاشمىلىق يېزىسى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆتەڭلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ يۇرت جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

ئالايلۇق، ئەرلەر زىمىستان قىش كۈنلىرىدىمۇ تونچە چەكمەن چاپانلىرىنىڭ مەيدە تەرىپىنى ئوچۇق قويۇشى، 2 ـ 3 مېتىر ئاق، كۆك، قىزىل ۋە يېشىل رەڭلەردىكى رەختلەردە بەلۋاغ باغلىشى، كارۋانچە ئۆتۈك (بۇ خىل ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى بولمايدۇ، بولسىمۇ ناھايىتى پەس بولىدۇ) ۋە چورۇقلىرىنى كىيىشىپ يۈرۈشىدۇ. تېخىمۇ قىزىقى شۇكى، مەيلى ياز، مەيلى قىش كۈنلىرى بولسىمۇ گىردە ياكى زاغرا ۋە پىلتە قۇيماقلارنى ئېلىپ مۇز دۇغقا چىلاپ ئىچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار سوغۇقتىن ئاغرىپ قالمايدۇ.

تاشمىلىق قەشقەر شەھىرىدىن يىراق. (بۇرۇن ئات ـ ئېشەك بىلەن ماڭىدىغان بولغاچقا 2 ـ 3 كۈندە ئاندىن شەھەرگە يېتىپ باراتتى)، بۇ يۇرت خەلقى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى كۈنلىرىدە ئۆزگىچە مەشرەپلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ، مەشرەپ قائىدىلىرى ناھايىتى مەزمۇنلۇق بولۇپ، ۋاقىتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. كېچىكىپ قالغانلارغا شۇ مەشرەپنىڭ ئۆزىدىلا جازا بەرگەندىن سىرت (ئەگەر كېچىكىپ كېلىش سەۋەبى ئېنىق بولمىسا) ئەتىسىدىكى مەشرەپنى ئۈستىگە ئېلىپ، قوي، كالا سويۇپ جامائەتكە نەزىر بېرىش ئارقىلىق گۇناھىنى تىلەشكە بۇيرۇيدۇ.

مەشرەپ چوڭ ئايۋان ـ سارايدا ئاساسەن كېچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپنىڭ ئويۇن تۈرلىرى 30 دىن ئاشىدۇ: پاختەك ئۇچۇرۇش، سامسا يېقىش، قېتىق ئىچۈرۈش، شاھ مىردەك(شاھ ئوردىسىغا كىرىش)، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش، تاغارغا سامان تىقىش، تۇلۇمچىلاپ سويۇش......قاتارلىقلار.

بۇنىڭدىن باشقا ئاشۇ قىش كۈنلىرىدە، بولۇپمۇ نورۇزدا ھەپتە ئون كۈن چېلىش بولۇپ تۇرىدۇ. چېلىشقا كەنتلەر ئارا چۈشىدۇ، چېلىش كۆرگىلى قىز، چوكانلارمۇ بەس-بەستە كېلىشىدۇ.

بۇ يۇرتتا گەرچە مەش ئومۇملاشقان بولسىمۇ، بىر قىسىم ئائىلىلەردە ئوچاق، مورىلىق ئوچاق، يېتىم ئوچاق، كۈلۈك ۋە كالك ئوچاقلار ئىستېمالدىن قالغىنى يوق، بۇ يەردە كالك ئوچاق ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ خىل ئوچاق ئاساسەن چوڭ مېھمانسارايغا سېلىنىدۇ، ساراي ئىشىكىدىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ، ئىككى يېرىم كۋادرات مېتىر يەر تۆشۈك ئىشلىرىغا ئايرىپ قويۇلىدۇ. ئەتىياز، كۈزدىكى شامال، بورانلىق كۈنلەردە تاماق شۇ ئوچاقتا ئېتىلىدۇ. قىش كىرگەندە بۇ ئوچاقنىڭ مورىسى نېپىز كېسەكتە (كېسەكنى

پىچاقتا قىرىپ قىلىنلىقنى 3 ـــ 4 سانتىمېتىر قىلىدۇ) ئىچى
كاۋاك ھالەتتە ئېتىدۇ، بۇنىڭغا ئۇلاپ ئالدى تەرىپىدىن ئې-
گىزلىكى 1.2 مېتىر كەلگىدەك ئىچى كاۋاك، تام ئېتىلىپ
تاكى ساراي ئىشىكىگىچە داۋام قىلىدۇ، ئىشىك ئالدىدىن
بىر مېتىرچە جاي قويۇلۇپ ئوچاق سېلىنىدۇ، مانا بۇ كاڭ-
لىق ئوچاق بولۇپ 30 ـ 40 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيلەرنى
ئىسسىتالايدۇ.

بۇ يۇرتتا «بۆشۈك توي» مۇ ئۆزگىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ (لې-
كىن ھازىر يېگىچە بۆشۈك توي ـ ئىسراپخورلۇق ئەددىپ
كېتىۋاتىدۇ!)

تۇغۇلغان بوۋاق ئۇچۇن ئۇرۇق ـ تۇغقان، مەھەللە
خۇشاللىقا چۆمۈپ، بۇ خۇشاللىقنى ئىسىم قويۇش مۇراسى-
مى«ھەقىق» بېرىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

«ھەقىق» مۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ: بالا تۇغۇلۇپ ئۇچ
كۇندىن كېيىن، ئۇرۇق-تۇغقانلار، دوستلار چاقىرىلىدۇ، ئۆي
ئىگىسىنىڭ قۇربى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك داستىخان
ھازىرلايدۇ( ئۇرۇق ـتۇغقان، دوستلارنىڭ ئاياللىرى تۇغۇتنى
داستىخان قىلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ)، دورامچىلىق، ئىسراپچى-
لىق قىلمايدۇ، قوي سويۇپ شورپا قىلىنىدۇ. گۆش پىشىش
ئارىلىقىدا مەھەللىنىڭ خەلپىتى بالىغا ئات قويىدۇ. بۇ ئە-
سىم كۆپىنچە دادىنىڭ تەلپى بويىچە قويۇلىدۇ. ئىسىم قو-
يۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتا داستىخان سېلىنىپ (ئەر-ئا-
ياللارغا ئايرىم داستىخان سېلىنىدۇ)، داش قازاندا پۇتۇن
پىشۇرۇلغان قوي گۆشى يوغان تەڭنىگە ئېلىپ ئەر مېھ-
مانلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، مېھمانلار ئىچىدىن ئۇستىراق
بىرسى ئالدى بىلەن دۇمبە جىگەر( جىگەر بىلەن قويرۇق
مايىنى بىر توغرامدىن توغراپ تەييارلايدۇ)، قىلىپ مېھ-
مانلارغا تۇتىدۇ. ئاندىن بۇ گۆشنىڭ تىرناقچىلىق سۆڭەكنى
چاقماي، مۆچلەپ يۇقىرى ـ تۆۋەن بويىچە ئەر ـ ئايال
مېھمانلارغا تەقسىملەپ بېرىدۇ، گۆش يېيىلىپ بول-
غاندا(گۆشنى يېيىش جەريانىدىمۇ سۆڭەكنى سۇندۇرۇشقا
قەتئىي بولمايدۇ) ھەممە سۆڭەكنى يىغىپ، ئاخىرەتلىك ئۇ-
چۇن تەييارلىغان ئاق خەسىدە تىكىلگەن خالتىغا سېلىنىدۇ،
دۇئادىن كېيىن ئۆي ئىگىسى خالتىنى زاراتكارلىقا كۆمۈۋې-
تىدۇ، مانا شۇنىڭ بىلەن بوۋاققا ئىسىم قويۇش مۇراسىمى
ۋە «بۆشۈك توي» تاماملىنىدۇ.

بۇ يېزىدىكى توي ـ تۆكۈنمۇ ئۆزگىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.
كۆپ ھاللاردا ئاتا ـ ئانىلار پۇتۇشىدۇ، پۇتۇشكەندىن كې-
يىن، ئوغۇل تەرەپ داستىخان قىلىپ قىز تەرەپكە «چاي
ئىچۇرۇش» ئۇچۇن بارىدۇ. يىگىتكە پۇتۇشكەن قىزنى بۇي-
رۇق ئاساستا ئۇقتۇرۇلىدۇ، يىگىت قىزنى مەخپىي كۆرىدۇ.
ئېپىنى تاپسا كۆكۆل گەپلىرنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار پۇتۇشسە، قارشى چىقىدىغانلار ئىنتايىن
ئاز بولىدۇ. قىز بولسا يىگىتنىڭ تەرىپىنى ئاچا ـ سىڭىلل-
رىدىن ئاڭلاش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. قىز يىگىتنىڭ تەلپى
بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشىدۇ، بولمىسا يىگىتنىڭ، ھەتتا يىگىت-
نىڭ ئەر تۇغقانلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۇشتىن ساقلىنىدۇ، چاي
ئىچۇرگەندىن كېيىن تالا ـ تۈزگىمۇ كەمدىن كەم چىقىدۇ.

يىگىت تەرەپنىڭ ئەر ياكى ئايال بىر تۇغقانلىرى قىزنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ قىزنىڭ پاكىزلىقى، يۇرۇش ـ تۇرۇش، كىيە-
نىشلىرىگىچە ئىنچىكە كۆزىتىدۇ، قازان بېشى ئىشلىرىغا
ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاياللىرى بېشىغا ياغ-
لىق چەگمەي قازان بېشىغا ھەرگىز ئۆتمەيدۇ، ئادەتتە ئا-
ياللار(15 ياشتىن ئاشقان قىزلار) ئۆز ئائىلىسىدىمۇ ئەر تۇغ-
قانلارنىڭ ئالدىدا يالاڭباش، بىلەك ـ پاچاقلىرى ئوچۇق
ھالدا يۇرمەيدۇ، خالىغان يەر ۋە ھەر كىمنىڭ ئالدىدا
چېچىنى تارىمايدۇ. گىرىم قىلىپ ئەينەككە قارىمايدۇ. ئوسما
قويمايدۇ. بىراق گىرىملەرنى يوشۇرۇن قىلىشىدۇ......

توي بولۇشنىڭ ئالدىنقى كۈنى قىز خاس ھۇجرىسىدا
توي كۆڭلىكىنى كىيىپ، دوستلىرى بىلەن ئولتۇرىدۇ. قىزنى
پىشىن بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىدۇ، قىز يۆتك-
گىلى يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان،
مەھەللە ـ كوي بارىدۇ، يىگىت بارمايدۇ. قىز يۆتكىگىلى
ئاتلىق بارىدۇ، يېقىن بولسا پىيادە بارىدۇ. قىز يۆتكەش
ئۇچۇن مەخسۇس تەييارلانغان ئاتنى ئېلىپ بارىدۇ، قىز
تەرەپ قىز يۆتكىگىلى كەلگەن ئەر مېھمانلارنى ئۇدۇللا مېھ-
مانسارايغا باشلاپ داستىخان سالىدۇ، لېكىن ئايال مېھ-
مانلارنى كۇتۇش مۇرەككەپ بولىدۇ. قىز تەرەپ ئۆيدىن
چىقىپ دەرۋازا بوسۇغىسىدىن يەتتە قەدەم ساناپ مېڭىپ،
يىگىتنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ، يەنى «ھارمىغايلا» دەپ
پەتنۇستا بىر پىيالە چاي تۇتىدۇ، يىگىتنىڭ ئانىسى ئالاھى-
دە تەييارلانغان داستىخاننى سۇنىدۇ، بۇ جەرياندا شە-
رەنداز ئاياللار بىر-بىرىگە (قۇدىلار ئارا) بېيىت ئېيتىشىپ
قوللىرىدىكى چاي ۋە داستىخانلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئاندىن
ئايال مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ داستىخان سالىدۇ، غىزال-
نىپ بولغاندىن كېيىن، قۇدىلار تاماققا دۇئا قىلىپ سىرتقا
چىقىدۇ، قىز تەرەپنىڭ تاغىلىرى قىزنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ
ئېلىپ چىقىدۇ. يىگىت تەرەپ ئەكەلگەن مەخسۇس ئاتقا
قىزنىڭ ئانىسىنىڭ توي قىلىپ بولغان ئىنىسى ياكى ئاكىسى
مىنىپ قىزنى كەينىگە مىندۇرۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ، (مېڭىش
ئالدىدا قىز ۋە يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى قىز-يىگىتكە بەخت
تىلەپ دۇئا قىلىپ ئۇزۇتىشىپ قويىدۇ) شۇنىڭ بىلەن بىرگە
قىزنىڭ ئانىسى باشلىق يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ يىگىت-
نىڭ ئانىسى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ماڭىدۇ(بۇ قائىدىلەر

بەلكى قىزنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يىگىتكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلسا كېرەك)، يىگىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە دەرۋازىدىن توققۇز قەدەم ئالدىغا ئارغامچا تۇتۇلۇپ، ئاتنى سەكرىتىپ ئۆتكۈزىدۇ، دەرۋازا ئالدىغا گۈلخان يېقىلىدۇ، قىزنى يىگىت تەرەپ تەييارلىغان زىلچا ياكى كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ گۈلخان (بۇ ئىسرىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ گۈلخانغا تاپالىسا ئارچا ياغىچى، ئادراسمان غولى ياكى يول تەرمىچى تەييارلاپ قۇلاقتەك قوي يېغىنى ئوتقا تاشلاش ئارقىلىق گۈلخان يېقىلىدۇ) ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ھويلىغا ئەكىرىدۇ، خاس ھۇجرىنىڭ ئىشىكى تاقىۋېلىنىدۇ.

بۇ چاغدا قىز تەرەپ بەلگىلىگەن يەڭگىلەر (قىز تەرەپ قىزنىڭ ھاممىسى قاتارلىق يېقىن تۇغقاندىن ئۈچ ئايالنى يەڭگىلىككە تەينلەيدۇ) تەرىپىدىن رەخت ياكى قولياغلىق بېرىلگەندىلا ئىشىك ئېچىلىپ قىز خاس ھۇجرىغا ئەكىرىلىدۇ. قىز تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارغا داستىخان سېلىنىدۇ، ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ يەڭگىدىن باشقىلار ئۇزايدۇ.

كەچلىك غىزا ئۈچۈن قىزغا ئاتاپ ئۆگرە ئېتىلىدۇ. ياتار چاغدا يەڭگىلەر قىز ـ يىگىتكە جاي راسلاپ بېرىپ يېنىپ چىقىدۇ، ئاندىن ھۇجرىنىڭ ئالدىدا ئارام ئېلىشىدۇ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يەڭگىلەر سۇ ئىسسىتىپ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، داسلارنى ھۇجرا ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ....

تاڭ ئېتىپ قىز ـ يىگىت ئورنىدىن تۇرغاندا يەڭگىلەر كىرىپ داستىكى سۇنى باغقا ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋېتىدۇ، ئاندىن راسلاپ بېرىلگەن جاينى يىغىشتۇرىدۇ. ئاق خام ئۈستىگە تۆكۈلگەن «قىزىل داغ» ئۈستىدە پىچىرلىشىدۇ.....

قىز تەرەپ سەھەردىلا ناشتىلىق دەپ قىلالىغانلىرى توققۇز داستىخان (يېمەكلىك)، قىلالمىغانلىرى يەتتە خىل داستىخان قىلىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ.

ئاش ۋاقتى بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئايال مېھمانلىرى كېلىپ يۈز ئاچقۇغا تەييارلىق قىلىدۇ، يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ كېلىپ «ناشتىلىق» قا ئېغىز تېگىدۇ. پېشىن ۋاقتى بىلەن يۈز ئاچقۇ يىگىتنىڭ ئۆيىدە باشلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئانىسى يىگىتكە بەلۋاغ باغلاش ئۈچۈن ئۈچ مېتىر شا تاۋارنى ئېلىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، يىگىتنىڭ دوستلىرى يىگىتنى ئالدى ـ كەينىگە ئىتتىرىپ بەلۋاغنى باغلاشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. بۇ ئويۇن يېرىم سائەتچە داۋاملىشىدۇ، ئاندىن يىگىت قېيىنئانىسىغا بىر كىيىملىك ئېسىل رەخت تۇتىدۇ، قېيىنئانىسى رەختنى ھەشقاللا ـ رەھمەت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ يەڭگىسى يىگىتكە تويلۇق ئالغان دوپپا، تون (پەلتو)، ئۆتۈك (بەتىنكە) قاتارلىقلارنى پەتنۇسقا سېلىپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، يىگىت قولداشلىرىغىمۇ كۆڭلەك، شىملىق رەخت، قولياغلىق قويىدۇ (يىگىت قولداشلىرى 20 ـ 30 گىچە بولىدۇ)، بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، يەڭگىلەر قۇرۇق پەتنۇسنى يىگىتلەر ئالدىغا قويىدۇ، يىگىتلەر بەس-بەستە پۇل تاشلايدۇ، يەڭگىسى بولسا ئاۋاز چىقمىدى، دەپ تۇرۇۋالىدۇ( بۇرۇن تىللا تاشلايدىكەن، ھازىر قەغەز پۇل تاشلايدۇ، ئالدى يۈز يۈەندىن بەش يۈەنگىچە تاشلايدۇ)، يىگىتلەر قىزىقچىلىق قىلىپ پەتنۇسنى چېكىپ قويىدۇ.....

بۇ ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ساز چېلىنىپ ئۇسسۇل باشلىنىدۇ، يىگىت تەرەپتىن بەلگىلەنگەن قىزچاق ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ قىزنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئالىدۇ. مانا بۇ يۈز ئاچقۇ بولىدۇ (يۈزئاچقۇغا قىز تەرەپنىڭ ئەر مېھمانلىرى قاتناشمايدۇ) يىگىت قىز بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، قىزنىڭ يەڭگىسى ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ يىگىتنىڭ ئانىسىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ، يىگىت قولدىشى يىگىتنىڭ دادىسىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. ئۇسسۇل ئاخىرلاشقاندا تاماق تارتىپ، ھەر بىر ئادەمگە ئايرىم ـ ئايرىم گۆش تارتىلىدۇ، شورپىسىغا قوشقاچ تىلى قىلىپ كېسىلگەن چۆپ سېلىنىپ بىر چىنىدىن تارتىلىدۇ، ئاندىن ھەر بىر ئادەمگە بەشتىن پېتىر مانتا ئېلىپ كېلىدۇ، كەينىدىن ئۈچ ئادەمگە بىر تاۋاقتىن پولو ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈنكى پائالىيەت ئاخىرلىشىدۇ.

3 ـ كۈنى قىز تەرەپتىن «قىچقىرىق» دەپ ئادەم كېلىدۇ، يىگىت تەرەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە مەھەللىنى ئېلىپ قىز تەرەپكە بارىدۇ( مەھەللىدە ئۆزرىسى بارلاردىن سىرت بىرمۇ ئەر ـ ئايال قالمايدۇ). شۇڭا بۇ يۇرتتا قىچقىرىققا بارىدىغانلار 100 ئادەمدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەر ـ ئاياللار ئايرىم ئۆيلەرگە باشلىنىدۇ( ھازىر توي بولغاندا قىز تەرەپنىڭ ئەر تۇغقانلىرى يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىنى تاكى ھېيت ـ بايراملاردا چاقىرمىغىچە بىلمەيدىغان ئەھۋاللار بار)، قىز تەرەپ ئادەم سانىغا قاراپ ئىككىدىن ئۈچكىچە قوي سويىدۇ، مېھمانلار گۆشنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ مېھمانلارنى قولۇم ـ قوشنىلار چىللايدۇ، بۇ مەھەللىدىكى ھەممە ئائىلە چالا قويماي مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلايدۇ، مەسىلەن، 20 ئائىلە بولسا مېھمانلارنى تەڭدىن بۆلۈپ باشلايدۇ ھەمدە ئۇيغۇر تائاملىرىنى چامى يەتكىنىنى ئېتىدۇ( تاماق ئېتىشتىن بۇرۇن قوشنىلار ئۆزئارا دېيىشىۋالىدۇ)، بۇ خىل قىچقىرىق ئەڭ ئاخىرقى باشلىغان ئۆيدىن ئۇزىغاندا ئاخىرلىشىدۇ. ئەتىسى ياكى 3 ـ 4 كۈندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىچقىرىدۇ، بۇلارمۇ قىز تەرەپتىكىگە ئوخشاش مېھمان چاقىرىدۇ.

# تون كىيدۈرۈش مۇراسىمى ھەققىدە

ئابدۇقەييۇم مىجىت



ئىنسانلاردىكى ھەر خىل مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئۇلار-
نىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ۋە ئادەت
شەكلى بولۇش بىلەن بىرگە ئىنسان ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر
باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ
خۇشاللىق ئىشلارنى بىر خىل رەسمىي شەكىل بىلەن ئىپادى-
لەش ۋە خاتىرىلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھا-
دىسىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق داۋا-
لىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆمۈر مۇراسىمى، ئىش-
لەپچىقىرىش مۇراسىملىرى، ھۈنەر - كەسىپ مۇراسىملىرى،
ئۆي سېلىش مۇراسىمى، دىنىي مۇراسىمى ۋە ھەر خىل دى-
نىي مۇراسىملارنى شەكىللەندۈرگەن. تون كىيدۈرۈش
مۇراسىمىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مۇراسىم شەكىللىرىنىڭ
بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى باشقا
مۇراسىملارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى بىلەن ئاساسەن
ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ مۇراسىمنى يۇقىرىدا تىلغا
ئېلىپ ئۆتكەن مۇراسىملارنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە قىلالماي-
مىز. تون كىيدۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆمۈر مۇراسىملىرىنىڭ
بىرى، دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ھەممە ئادەمگە
تون كىيدۈرۈش مۇراسىمى نېسىپ بولۇشى ناتايىن. ئۇي-
غۇرلاردا ياخشى كىيىم ئادەم ھۆسنىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى
سۈپىتىدە كىشىگە زىننەت بېغىشلايدۇ ۋە مەلۇم ھۆرمەتكە
ئىگە قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ سالاپىتى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىدۇ. شۇنداقلا «ئادەم خىسلىتىنىڭ بىرى ئۆزىدە بولسا،
توققۇزى توندا» دېگەن سۆز ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان.
مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كىيىم - كېچەك ئادەمنىڭ سالا-
ھىيتىنى ئىپادىلەيدۇ. «چۈش تەبىرى» دېگەن كىتابتا: «ئاق
تون كىيىپ چۈش كۆرسە، روشەنلىككە چىقار. كۆك تون
كىيىپ چۈش كۆرسە، يىغا - زار بولۇر. دەللە تون كىيىپ
چۈش كۆرسە، ئەۋلىيالاردىن مەدەتتۇر» ① دېيىلگەن. بۇ-
نىڭدىن خەلقىمىزنىڭ سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىسىنى ۋە
تونني ھۆرمەت ۋە ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ سىمۋولى سۈپىتى-
دە تونۇيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تون كىيدۈرۈش ماھىيەتتە پۈتكۈل ئەل - يۇرت ۋە
جامائەتنىڭ تون كىيدۈرۈلگۈچىگە بولغان ھۆرمىتى، ئورتاق
ئېتىراپ قىلىشى ۋە يۈكسەك ئېھتىرامىنىڭ ئىپادىسىدۇر.
«ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە تون كىيدۈرۈش ئەسلىي مەنىسى
بىلەن ئىلىم - پەن ساھەسىدە، مەسلەن، مائارىپچى، شا-
ئىر، يازغۇچى، سەنئەتچى، قاتارلىق ئىلىم - پەن ئەھلىلىرى-
گە كىيدۈرۈلىدىغان، ئۇلۇغ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ شان- شە-
رىپىگە بېرىلگەن ھۆرمەت بەلگىسىدۇر. چىن مەنىسىدىن ئە-
لىمگە ھۆرمەت قىلىشتۇر» ②. تون كىيدۈرۈش مۇراسىمى-
نىڭ تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇ-
رۇق ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى ياكى خان - پادىشاھلار مەلۇم
بىر قەبىلە ياكى خەلقنىڭ ئىچىدە ھوقۇق مەرتىۋىگە ئېرىش-
كەن كۈندە شۇ خەلقنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇق-
نىڭ سىمۋولى بولغان بىردىر نەرسىنى (مەسلەن، پادىشاھلىق
مۆھۈرى، تاج دېگەندەك نەرسىلەرنى) ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە

ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغانلىقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ،
ئەل ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا تون كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆت.
كۈزۈپ، شاھانە تونلارنى كىيگەن ۋە شاھانە تاجلارنى تا.
قىغان. بۇ تون كىيدۈرۈش مۇراسىمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئە.
پادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى، دېيىشكە بولىدۇ. پادى.
شاھلارنىڭ تون كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن باشقا
يەنە پادىشاھلار ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكۈچىلەرگىمۇ تون
ياپاتتى. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋا.
نى» دا: «توناتتى ـ تون كىيدۈردى، تون ھەدىيە قىلدى.
ئۇ ماڭا (ھەدىيە قىلىپ) تون كىيدۈردى. بۇنىڭ ئەسلىسى
( تون ئەۋەتتى) دۇر③ » دەپ يازىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردا
خىزمەت كۆرسەتكەن ، تارتۇقلانغان كىشىگە تون ھەدىيە
قىلىش ئادىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ
داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

بەزى دىنلاردا تون كىيدۈرۈش دىنىي مۇراسىملارنىڭ
مۇھىم بىر قىسمى سۈپىتىدە قارىلىدۇ. مەسىلەن، «زوروئاس.
تىر دىنىدا پەرزەنت يەتتە ياكى ئون ياشقا كىرگەندە مۇرا.
سىم ئۆتكۈزۈپ، كەمەر باغلاپ، تون كىيىش رىسمىي دىن
مۇخلىسلىق نىشانى قىلىنغان» ④ ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر ئىسلام
مائارىپى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە ، مەدرى.
سىدە ئوقۇغان تالىپ ۋە قارىي قۇرئانلارنىڭ ئوقۇشى تامام
بولغاندا ئۇلارغا مەخسۇس تون كىيدۈرۈش مۇراسىملىرى
ئۆتكۈزگەن. تون كىيدۈرۈشتە، شۇ قارىي 30 پارە «قۇر.
ئان» نى تولۇق يادلاپ بولغاندىن كېيىن، شۇ يىللىق
رامىزاندا ئوقۇلىدىغان تاراۋىھ نامىزىدا ئۇستازى ۋە جاما.
ئەتنىڭ ئالدىدا ئىمام بولۇپ 30 پارە «قۇرئان»نى قىرائىتى
بىلەن تولۇق ئوقۇيالىسا (يەنى «خەتمىدىن ئۆتەلىسە »
ئاندىن «قارىي» لىق ئۇنۋانى بېرىلىپ تون كىيدۈرۈلەت.
تى. بۇ مۇراسىمدا سەللە، يەكتەك، بەقەسەم، تون، مەسە ـ
كالاچ ۋە جامائەتلەرنىڭ دۇئا ئېلىش ئۈچۈن شۇ قارىيغا ئا.
تىغان نەرسىلىرى بېرىلەتتى. ماھىيەتتە بۇنى بىر خىل ئو.
قۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا



قاراپ كىيدۈرۈلىدىغان تونلارنى دىنىي تۈس ئالغان تونلار
ۋە غەيرىي دىنىي تۈس ئالغان تونلار دەپ ئىككىگە بۆلۈش
مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندە شائىر، ئەدىب، سەنئەتكار ۋە ئالىملار.
غا تون كىيدۈرۈش ( تون يېپىش) مۇراسىملىرىمۇ ئۆتكۈزۈ.
لىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى تۆھپە ـ
ئۇتۇقلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تې.
خىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەش مەقسەت قىلىنغان. يەنە ما.
گىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارغىمۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈت.
تۈرۈش مۇراسىملىرىدا بىر كۆڭلۈك بولسىمۇ تون يېپىلىدىغان
بولدى. ئۇلارغا يېپىلىدىغان تونلاردا قىلچىمۇ مىللىيلىك ئە.
پادىلەنمەيلا قالماستىن، غەرب ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ شۇ تونى.
نى كىيىش بىر قائىدە، شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرۈشنىڭ بىر
بەلگىسى سۈپىتىدە ئومۇملاشماقتا. تون كىيدۈرۈش مۇراسى.
مىدا تون كىيدۈرۈلگۈچىلەرنىڭ تون كىيدۈرۈلگۈچىگە تەق.
دىم قىلىدىغان نەرسىلىرىدىن تەبىئىيكى شۇ كىشىلەرنىڭ
قانداق تەبىقىگە مەنسۇپ، قانداق ئىدىيىدىكى ئادەم ئە.
كەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، كىيدۈرۈلگەن شۇ تون مە.
لۇم مەنىدە شۇ كىشىنىڭ ئىدىيىسى ۋە سالاھىيىتىنى ئىپادى.
لەپ بېرىدۇ. خەلقىنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتكە شان ـ شەرەپ
كەلتۈرگەن ئوغلانلارغا، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان شا.
ئىر، ئەدىب، سەنئەتكار ۋە ئالىملارغا تون يېپىشى ھايات
ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ تۆھپە ۋە ئۇتۇقلىرىنى يەكۈنلەش، مۇئەي.
يەنلەشتۈرۈش، ئېتىراپ قىلىشنىڭ بىر رېئال ئىپادىسى. تون
كىيدۈرۈش مۇراسىمى شۇ شەخسلەر ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمە.
يەتلىك ھېسابلىنىدىغان كۈنلەردە (مەسىلەن، تۇغۇلغان كۈن
دېگەندەك) ئۆتكۈزۈلسە، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ ئەنئە.
نىۋى مۇراسىمنىڭ تېخىمۇ ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە
داۋاملىششى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر. ئەل ـ جامائەت
تەرىپىدىن يېپىلغان شۇ تونلارنىڭ ئىسسىقى ۋە ئىلھامى بە.
لەن ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ـ ئىختىرالىرى تېخىمۇ زورايسا
ئەجەب ئەمەس.

كۆرسەتكۈچىلەر
① «چۈش تەبىرى» 24ـبەت.
② ئاۋۇت ئاپپاق:«تون ۋە تون كىيدۈرۈش»، «كروران»
2005 ـيىل، 5 ـسان، 23 ـبەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى:«تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 ـتوم، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـئاي 1 ـ نەشرى، 458 ـ بەت.
④ زارىپ دولات تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسە.
پىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئۆچېركلار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيا.
تى، 2002 ـيىل 6 ـئاي 1 ـنەشرى، 22 ـ، 23 ـبەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدە.
بىياتى تەتقىقات ئورنىدا)



# ئۇيغۇر بۆكلىرى

ئابدۇرېشىت زۇنۇن

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ ھەر خىل بۆكلەرنى كەشىپ قىلىپ تەبىئەتنىڭ ئىسسىق-سوغۇق، بوران - چاپقۇنلىرىدىن ئۆزىنى قوغداش ۋە ياسىنىش قاتارلىق ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، تەڭرى ۋە پەرىشتىلەرگە يالىڭباش كۆرۈنۈش گۇناھ دەپ قارىلىپ، ئەرلەر ھەرخىل بۆكلەرنى كىيىش، ئاياللار ھەر خىل رومال ئوراش، رومال ئۈستىگە ياكى رومال ئاستىغا بۆك كىيىش مۇقەددەس بىر ئادەتكە ئايلانغان. بۆك ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تەركىب بولۇپ، بۆك كىيىش چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھىم ئادىتىدۇر. بۆك قەدىمكى دەۋرلەردە «بۆك» (بۆرك تۆپە) دەپ ئاتالغان. بۆكنىڭ قىشلىقى ۋە يازلىقى بولۇپ، قىشلىقى تۇماق، يازلىقى دوپپا دەپ ئاتىلىدۇ. تۇماقلار ھەر خىل بولۇپ، قۇلاقچا، كۇلا، قالپاق دەپ، دوپپىلار سىدام دوپپا، گۇللۇك دوپپا، گىلەم دوپپا، كەشتە دوپپا، ئۈنچە دوپپا، قاداق دوپپا، تاجى دوپپا، شاپاق دوپپا دەپ بىر نەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ياغلىقلار قىشلىق، يازلىق بولۇپ، قىشلىقى ئاياللار ھەر خىل يۇڭ ۋە تىۋىتتىن توقۇلغان يۇڭ ياغلىق، تىۋىت شال قاتارلىق قېلىن روماللارنى، يازلىقى يىپەكتىن توقۇلغان شايى رومال، گىرىپ رومال، گىجىم روماللارنى سالىدۇ. قىشتا ھەر خىل تېرىدىن ئىشلەنگەن تۇماقلارنى كىيىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئەر-ئاياللار ئوخشاشلا يازدىمۇ تۇماق كىيىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. بۇنىڭ باشنى سالقىن تۇتۇش، ئىسسىق ئۆتۈشتىن ساقلاش خۇسۇسىيىتى بار. ئەرلەر ئەتىياز، ياز، كۈزلەردە كۆپىنچە دوپپا كىيىدۇ. ياشانغان ئاياللارمۇ ئادەتتە رومال ئۈستىگە بىر ئاز ساددىراق گۈل-كەشتە چېكىلگەن ئايالچە دوپپىلارنى كىيىدۇ. ياش قىز-چوكانلار روماللىق ياكى رومالسىز ھەرخىل رەڭدار ئايالچە دوپپىلارنى كىيىدۇ. بولۇپمۇ ھېيت - بايراملاردا تېخىمۇ رەڭدار دوپپىلار بىلەن ياسىنىدۇ. ھازىر كۆپ ئەرلەر ئۆزىنىڭ ياسىنىش ئارزۇسى بويىچە ھەممە پەسىلدە شلەپە كىيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرماقتا. ئاياللارمۇ ھەر خىل مودا شلەپىلەر بىلەن ياسىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

ئەجدادلىرىمىز ياراتقان تۇماق ۋە دوپپىلار 60 خىلدىن كۆپ بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ماتېرىياللارنىڭ رەڭگى، ئالاھىدىلىكى ۋە گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بويىچە ئايرىغاندا 200 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى دەلىللەنمەكتە.

دوپپا ۋە تۇماقلار ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان يالغۇز كىيىم قاتارىدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن يەنە دوستلار، ئاشىق - مەشۇقلار ئۆز ئارا سوۋغات سۈپىتىدە بىر - بىرىگە تەقدىم قىلىدىغان، ئەل ئىچىدىكى تۆھپىكارلار ۋە مەشھۇر زاتلارغا تون كىيدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەردە تون بىلەن بىرگە دوپپىنىمۇ بىباھا بۇيۇم سۈپىتىدە تەقدىم ئېتىدىغان ياخشى ئادەت ھېلىغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ بىباھا بايلىقىمىز ھازىر تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ دۆلەت ئىچى سىرتىدىن كەلگەن دوستلار، مېھمانلارغا سوۋغات سۈپىتىدە تەقدىم قىلىدىغان، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر نەپىس زىننەت بۇيۇمىغا ئايلانماقتا. بولۇپمۇ تۆت تالاسىغا گۈل-كەشتە ئىشلەپ ۋە ئۇلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان تۆت قىرلىق، يۇملاق ئېغىزلىق ئوخشىمىغان ياش، ئوخشىمىغان جىنستىكىلەرگە ئوخشاشلا يارىشىدىغان ھەرخىل بادام دوپپا، گىلەم دوپپا، چىمەن دوپپىلار قول ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بىر بىباھا گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتماقتا.

دوپپا، تۇماقلارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

بادام دوپپا: بۇ بادام ئۇرۇقىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنى رەخت ئۈستىگە كەشتىلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. رەختى ئاساسىي جەھەتتىن تاۋار - دۇردۇندىن بولۇپ، تەكتى قارا، كەشتە گۈلى ئاق بولىدۇ. كىيگۈچىگە ناھايىتى سالاپەت، پاكلىق، ئوچۇق - يورۇقلۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان دوپپىسى بولۇپ، قېرى - ياشلارغا ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ.


ھايۋانغا ھەلەپ ياخشى، ئادەمگە ئەدەب (ياخشى).



زەر دوپپا: بۇ ئالتۇن رەڭلىك يىپەك رەختكە كۈمۈش رەڭلىك يىپتا ھەرخىل گۈل چېكىپ تەييارلانغان دوپپا بولۇپ، قىزلار ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللارغا ماس كېلىدۇ.



چىمەن دوپپا: بۇ ئادەتتە ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ كىيىدىغان دوپپا بولۇپ، سۇس يېشىل ۋە ئېقىش يېشىل سىدام تاۋار-دۇردۇنلاردىن تىكىلىدۇ. دوپپا تالاسىغا بۇغداينىڭ شەكلىدىن ئۆزگەرتىلگەن باشاق، ياپراقلىرىنى گېئومېترىك سىزىقچىلار بويىچە كەشتىلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. كۆپىنچە زىيالىيلار ۋە زىيالىيلارغا ئوخشاش ياسىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار كۆپ كىيىدۇ.



شاپاق دوپپا: ئەرلەرنىڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ئەرلەرنىڭ يازدا كىيىدىغان دوپپىسى بولۇپ، ئەستەرلەنگەن ئاق خەسنى ئۇششاق سىرىش ۋە گېزىككە مەشۇت يىپتا دولقۇنلاۋاتقان چېچەك تۈيغۇسىنى بېرىدىغان بىر نەچچە تال ساددا گۈل نۇسخىسى ئىشلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇ دوپپىنى يەنە قىشتا ھەر خىل تۇماقلارنىڭ ئەسترىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۇماق ئىچىگە كىيىدۇ. شاپاق دوپپا قوغۇن، تاۋۇزنىڭ ئىككى پارچە قىلىنغان شاپىقىغا تەقلىد قىلىپ كەشپ قىلىنغان باش كىيىمى بولۇپ، تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن دەۋرلەرگە مەنسۇپ.



ئۈنچە دوپپا: تېشى دۇخاۋا ياكى دۇخاۋىسىمان رەختلەردىن ئىشلىنىدۇ، دوپپا تالاسىغا ھەر خىل ئۈنچە-مارجانلارنى تىزىش ئارقىلىق كۆپ خىل گۈل-كەشتە ئۆرنەكلىرىنى ھاسىل قىلىپ تەييارلىنىدۇ. قىز - چوكانلار كۆپ كىيىدۇ.



گىلەم دوپپا: بۇ دوپپا تېشىنى گىلەم توقۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئىلما كەشتە ماھارىتى بىلەن كەشتىلەپ ئىشلىنىدىغان دوپپىدۇر. بۇ دوپپىنىڭ ئەمگەك سەرپىياتى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بازارلاردا كۆپ بولسىمۇ ھەقىقىي قول بىلەن ئىشلەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ياش قىز - چوكانلار ناھايىتى ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ.

2008.2



مەنپۇ دوپپا : ھەر خىل مەخمەللەردىن گېزىكگە تۆت گورۇپپا، تۆپىلىكگە، تۆت گورۇپپا چاسا ياكى يۇمىلاق شەكىللىك گۈل چېچەكلەر كەشتىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. چوڭ - كەچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئاياللارغا مۇناسىپ كېلىدۇ.



ئالتۇن قاداق دوپپا: بۇ ئۆتمۈشتىن تارتىپ بىر قىسىم پۇلدار ئاياللار ئۈچۈن ساپ ئالتۇندىن ھەر خىل چېچەك نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىپ ياسىغان قاداقلارنى تەييارلاپ دوپپا گېزىكى ۋە تۆپىلىكگە تىزىش ئارقىلىق تەييارلايدىغان دوپپا بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاياللار بۇ دوپپىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئادەتلەر بارئىدى. ئارىلىقتا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ئالتۇن قاداق دوپپىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ نۆۋەتتە نۇرغۇن ئاياللار بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھاللىق ئائىلە ئاياللىرى ئالاھىدە زاكاز قىلدۇرۇپ توي-تۆكۈن، ھېيت-بايرام ۋە زىياپەت سورۇنلىرىدا ئالتۇن قاداق دوپپا بىلەن ياسىنىدىغان ۋە ئەزىزلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە.

بەش تالا دوپپا: بۇ دوپپا ئاساسىي جەھەتتىن بەش تالانىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن تەييارلىنىدۇ. بۇ دوپپا بالىلارغا ئاتاپ غەيرىي ۋە رومانتىك گۈل نۇسخىلىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بالىلارنى ئىنتايىن ئوماق، سېھىرلىك ۋە جوشقۇن كۆرسىتىدۇ.

سەرپۇش دوپپا: بۇ بىر خىل ئېگىز گېزەكلىك دوپپا بولۇپ «سەللە دوپپا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دىنىي ئۆلىمالار، ئاخۇن-موللىلار ئىسسىق كۈنلەردە بۇ دوپپىنى كىيىپ ئۈستىگە ئاق خەسە ياكى داكىدىن تەييارلانغان سەللە ئوراپ ھەرخىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ.



ئاق دوپپا: بۇ گېزىكى چوڭقۇرراق، تۆپىلىكى كەڭرەك ئېلىنىدىغان شاپاق دوپپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دوپپا بولۇپ، ئەرلەر ھەر ۋاقىت ۋە ناماز سورۇنلىرىدا كىيىدۇ.

ئۇندىن باشقا دوپپا - تۇماقلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دوپپىلاردىن يەنە تاج دوپپا، كېرىيە دوپپىسى(مەللە دوپپا)، تۇرپان دوپپىسى، قومۇل دوپپىسى، ئاتۇش دوپپىسى، ئىلى سىدام دوپپىسى، ئىلى گۈللۈك دوپپىسى قاتارلىقلار بار. تۇماقلاردىن ئاق تۇماق، سەرپۇش تۇماق، پاپاخ تۇماق، كولا تۇماق، قاسقان گېزەك تۇماق، قەشقەر تۇمىقى، يېڭىسار تۇمىقى، خوتەن تۇمىقى، سالۋاي تۇماق، سۇسەر تۇماق، كەمچەت تۇماق، قۇندۇز تۇماق ، بابۇر تۇماق، تۈلكە تۇماق، بۇلغۇن تۇماق، مالىخاي تۇماق، كىگىز قالپاق، چىغ قالپاق، كەتمەن شەپكە، تالا شەپكە، قاسقان شەپكە، قۇلاقچا، نوركا قۇلاقچا...قاتارلىقلار بار.

بۇرۇن - كەشتە چېكىش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ چوقۇم ئۆگىنىشى مۇھىم بولغان بىر قول ھۈنىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاياللاردا «كەشتە تىكەلمەيدىغان قىز ياتلىق بولالمايدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار ئىدى. ھازىر گۈل -كەشتىلەرنى قول بىلەن كەشتىلەپ ئىشلەشنىڭ ئورنىنى كومپيۇتېرلىق گۈل ئىشلەش ماشىنىلىرى قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىلغار ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئىشلەش ئىگىلىۋالدى. كۆپلىگەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە دوپپىلارنى شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكىلەردىكى بەزى كارخانىلارمۇ ئىشلەپەلەيدىغان بولدى. شۇڭا ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئېخىمۇ كۆپ، بازارلىرى ئېخىمۇ ئاۋات بولماقتا. لېكىن

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى ئۇيغۇر مىللىي
مەدەنىيىتى ۋە گۈل ـ كەشتە مەدەنىيىتىنى ياخشى چۈشەن-
مەيدىغان كارخانىچىلار ۋە تىجارەتچىلەر پۇل تېپىشنى قوغ-
لىشىپ ئۇيغۇر دوپپىلىرى ۋە باشقا كىيىم-كېچەكلىرىگە قو-
پال كەشتە، قالايمىقان كەشتىلەرنى چۈشۈرۈش ۋە سۈپەتسىز
ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئەۋزەل بايلىقىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازى-
غا ئېغىر نۇقسان كەلتۈرۈۋاتىدۇ ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتىدۇ.
ھەتتا بىزنىڭ بەزى ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ ھەرخىل مەرىكىلەردە
ئۆزىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىنمۇ ياكى باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىنى
قوغلىشىپمۇ ئىنتايىن ناچار ۋە ئىنتايىن سۈپەتسىز دوپپىلارنى
تەييارلاپ مەرىكىدە ئۇسسۇل ئوينىغان مېھمانلىرىغا تارتۇق
قىلىۋاتىدۇ.

ئۇندىن باشقا بىزنىڭ دوپپا كىيىشىمىزدە غۇلغۇلا بو-
لۇۋاتقان ۋە دوپپا بىلەن ياسىنىش ئوبرازىمىزغا تەسىر بو-
لۇۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلىنى بۈگۈنكى ئىلچى كىيىم ـ
كېچەك شىركىتىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن
ئۇيۇشتۇرۇلغان 3 ـقېتىملىق ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنى-
يىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئالىملار، مۇتە-
خەسسىسلەر ۋە ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ 2008.2
پارلاق ئەتىسى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ۋە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان
كارخانىچىلار، تىجارەتچىلەر ھەم كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ
قاراپ چىقىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئۇ بولسىمۇ
«بىزنىڭ دوپپا كىيىشىمىزدىكى ھەر خىل ئوخشىماسلىق».
خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بىر قىسىم ئەرلىرىمىز
بولۇپمۇ ياشلىرىمىز دوپپىنىڭ تالا قىرىنى پېشانىسىنىڭ ئوت-
تۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئەرلىرىمىز بو-
لۇپمۇ پېشقەدەم ئەرلىرىمىز دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشا-
نىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ. ئاياللىرىمىز خېلى
ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشانىسى-
نىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ. بۇ خىل كىيىنىش
ئەر-ئاياللارنىڭ دوپپا كىيىشتىكى جىنسىي پەرقىنىڭ مۇھىم
بىر ئايرىمىسى دەيدىغان توغرا بولمىغان قاراشلارمۇ بار.
لېكىن، يېقىندىن بېرى ئاياللاردىمۇ بەزىلىرى قىرىنى، بەزى-
لىرى چاسا ھالىتىنى پېشانىسىغا توغرىلاپ كىيىدىغان
ئوخشىماسلىق پەيدا بولماقتا. ھەتتا يەنە ئەر-ئاياللاردا
ئوخشاشلا دوپپىنىڭ قىرىنى ئوڭ چېكىسى ياكى سول چې-
كىسىگە سىگايان قىلىپ كىيىدىغان ئادەتلەرمۇ ئاز ئەمەس.
بۇ بىر كىيىنىشتىكى تەرتىپسىزلىك بولۇپ، بۇنداق ياسىنىش
داۋاملىشىۋەرسە، بىزنىڭ دوپپىدىن ئىبارەت. بۇ بۈيۈك مە-
دەنىيىتىمىزنىڭ گۈزەل ئوبرازىغا ھەم مىللىتىمىزنىڭ ياسىنىش
گۈزەللىكى ۋە ساپاسىغا ئوخشىمىغان يامان ئىللەتلەرنى ئې-
لىپ كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە مەن بىر نەچچە يىلدىن بېرى
ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مېھمانلار، ئوتتۇرا ئاسىيادىن
كەلگەن قېرىنداش مىللەتلەر ھەم ئۆز ئىچىمىزدىكى ئوخشى-
مىغان كۆز قاراشتا ئىگە پېشقەدەملەرنىڭ ھەر خىل پىكىر-
تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئەھۋال مېنى ئىزدىنىشكە، تەتقىق
قىلىشقا قىستىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى
شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بارغىنىمدا مەخسۇس شە-
ھەر-بازارلاردىكى، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دوپپا كىيگەن كى-
شىلەرگە، تېلېۋىزور تەشۋىقاتلىرىدىكى پېشقەدەملەر زىيارەت-
لىرىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن رايونىمىزغا كەلگەن قېرىنداش
مىللەتلەرنىڭ دوپپا كىيىش ئالاھىدىلىكىگە چوڭقۇر دىققەت
قىلدىم ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتىم. نەتىجىسى بىزنىڭ
پېشقەدەم ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى
پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىپ كەلگەن ئىكەن.
بىزنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسىمىز ئىمىن تۇرسۇن ئاكىمۇ ئۇزۇن
يىللاردىن بۇيان ھەرقانداق شارائىتتا ۋە ھەرقانداق سو-
رۇندا دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا
توغرىلاپ كىيىپ كەلمەكتە. مەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەش-
كىلاتى بىناسىنىڭ زالىغا ئېسىلغان ئۆزبېكىستان ئەر-ئايالل-
رىنىڭ دوپپا كىيىلگەن سۈرىتىگە دىققەت قىلغىنىمدىمۇ دوپ-
پىنىڭ چاسا ھالىتى ئەر-ئايال ئوخشاشلا پېشانىسىنىڭ ئوت-
تۇرىغا توغرىلاپ كىيىلىپتۇ.

كىيىنىشتىكى «ئوخشاشماسلىق» توغرىسىدا بىزنىڭ ئا-
تاقلىق رەسساممىز ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىمۇ بۇنىڭدىن بىر
نەچچە يىل ئىلگىرىكى مەلۇم بىر يىغىلىشتا ئۆزىنىڭ تۇزە-
تىش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئە-
دى. گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئوخشاش دوپپىنى
ئوخشىمىغان ھالەتتە كىيگەن ئىككى كىشىنى ئىنچىكە كۆ-
زەتكەندە چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ
كىيگەن كىشىنىڭ ئوبرازى كىشىلەرگە يېقىملىق ۋە نەپىسلىك
تۇيغۇسى بېرىدىكەن.

ھەقىقەتەن مەيلى قانداق كىيىم بولسۇن تەرتىپلىك،
رەتلىك ۋە پاكىز كىيىلسە، ئۇ يالغۇز كىيىمنىڭ ئوبرازىغىلا
نەپىسلىك ئاتا قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى كىيگۈچىنىڭ
ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغان بېزەكتۇر. شۇنداقلا مىللىتىمىز-
نىڭ باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىكى ساپاسى، ئوبرازىنى ناما-
يان قىلىدىغان ۋە دۇنياغا تونۇتىدىغان بەلگىدۇر. شۇڭا مەن
مۇشۇنداق بىر ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئۈستىدە
ئىزدىنىۋاتقان ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، كارخانىچىلار، تى-
جارەتچىلەر ۋە كەڭ جامائەتچىلىك قاتناشقان ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنىدا كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئىلمىي كۆز قاراشلىرى-
مىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئارقىلىق
مىللىتىمىزنى توغرا ياسىنىش يولىغا يېتەكلەشنى ئۈمىد قىلى-
مەن.



# قارا مۇشۈك

بۇرۇن پىرسيە چېگرىسىدا بىر پادىشاھلىق بولغانىكەن، ئۇنى ھاپىز سۇلتان سورار ئىكەن. بۇ تولىمۇ باي خاندانلىق بولۇپ، تۆپرىقى مۇنبەت، سودا- سېتىقى ئاۋات، ئاۋام تۇرمۇشى پاراغەت ئىكەن. ھاپىز سۇلتانىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەن.

ئۇ ھەمىشە ئوردىدا غېرىبسىنىپ تۇرىدىكەن، گۈزەل باغچىلارغا قاراپ ئۇھسىنىدىكەن، يۈزلىرىدە كۈلكىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. ئۇ خانىشى ئارزۇزادە ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان مۇشۇنداق بولۇپ قالغان ئىكەن.

بىر كۈنى، خانىش كېنىزەكلىرى بىلەن سەيلە قىلماقچى بولۇپ، باغچا ئىشكىگە كېلىشكە بەھەيۋەت بىر ئالۋاستى باغ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ، خانىش شۇ قورقۇپ كەتكەنچە ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. كېنىزەكلەر بارلىق چارىلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، خانىش ھوشىغا كېلەلمەپتۇ، كېنىزەكلەر يىغا -زارە قىلىشىپ شاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا گۈزەل خانىشنىڭ تېنى سوۋۇپ بولغان ئىكەن. شاھ ياقا يىرتىپ، چاچ - ساقاللىرىنى يۇلۇپ، داد - پەرياد چېكىپتۇ. ئايلاپ ئوردىغا چىقماپتۇ. دۆلەتتە چوڭ ئىش چىقىپ، سۇلتان ئۆزى قارار چىقارمىقى بولغاندىلا، ئۆزىنى كۆرسىتىپ ۋەزىرلەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى سەۋر بىلەن تىڭشايدىكەن. لېكىن، چىرايى ئېچىلمايدىكەن. يۇرتنىڭ پارىسى ئىرھاپىز شاھزادىنى كۆرۈپمۇ كۈلەلمەپتۇ. ۋەزىرلەر سۇلتاننى ئازاب ئېلىپ قويمىغىدى دەپ ۋايىم يەپتۇ - دە، كېڭەش قىلىپ، ئەڭ كونا ۋەزىر بىننى ئاكمۇدنى سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشقا ماگدۇرۇپتۇ. ئەلقىسسە، ۋەزىر سالامغا كەپتۇ.

— ئالىيلىرى، پېقىر قۇللىرىنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىنى كەچۈرگەيلا، سىلىگە بىر ئىلتىماسىم بار، بولار ئىش بولدى، مۇسىبەت - ھازىنى ئۇشتىدىغان چاغمۇ كېلىپ قالدى، ھەزرەتلىرىنىڭ مۇسىبەتتە تۇرۇۋېرىشى پۇقرالارغا ھەتتا خانىدانلىقىمىزغا زىردىر يەتكۈزەر، خانىدانلىقىمىزدا كۈلكە ئاۋازى ئۆچتى، بۇرۇنقى ئاۋات سودا - سېتىقمۇ كۆز تەگدى، خانىدانلىقىمىزنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ باشلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگشىماقلىرى دۇرۇس، گۈزەل مەلكە كۆڭۈل يارىلىرىنى ساقايتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ....

سۇلتان دەسلىپىدە قەتئىي ئىرەنشىمىگەن بولسىمۇ، ئاستا - ئاستا ئېرىپ، مەرھۇم خانىشقا ئوخشاش گۈزەل ۋە ئاقكۆڭۈل خوتۇن ئالماقچى بوپتۇ. يىراق - يېقىنغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپتۇ. ئەڭ يىراقتىكى ئەلچىدىن خۇشخەۋەر كەپتۇ، خەۋەرچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولۇپلا قالماي، مەلۇماتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر بىر خانىش ئىكەن. ئۇنىڭ ئېرى يېقىندىلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، بىر بالىسى بىلەنلا قالغانىكەن، ئوغلىغا قىيالمايدىكەن.

سۇلتان خانىشنىڭ تەرىپىنى ئىشتىپلا، خانىش بىلەن ئوغلىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلچى ماگدۇرۇپتۇ. ھەشەمەتلىك ئەلچىلەر توپى قىممەتلىك سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا چىقىپتۇ، سەپراس تۇرغان خىل چەۋەندازدىن ئۈچ يۈزى ئۇلارغا ھەمراھ ئىكەن.

خانىش ۋە ئوغلى ئوردىغا كەلگەندە، شاھ ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى قارشى ئاپتۇ، خانىش تەرىپلەگەندىنمۇ ئۆتە گۈزەل ئىكەن. سۇلتاننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، خانىشنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، مەرىكە زالىغا باشلاپ كەپتۇ ۋە شاھلىق تەختىنىڭ يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپتۇ. خانىشنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى چېھرىدىنمۇ يېقىملىق بولۇپ، سۆزى بالدەك شېرىن ۋە يېقىشلىق ئىكەن. بۇ ھېسسىيات ۋەزىرلەرگە ئورتاق ئىكەن، ئەلۋەتتە.

توي ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ، سۇلتاننىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم پارلاشقا باشلاپتۇ، يېڭى كېلىنمۇ بۇرۇنقى خانىشنىڭ ئورۇن مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپمۇ ئۇلگۈرۈپتۇ، ۋەزىرلەر شاھنىڭ بەختىدىن سۆيۈنۈشۈپتۇ، لېكىن، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى يېڭى خانىش مەرھۇم خانىشتىن ئۆز بولسىمۇ، ئاقكۆڭۈل ئەمەسلىكى مەلۇم بوپتۇ، چۈنكى، يېڭى خانىش ھەدىسىلا پادىشاھقا ئۆز ئوغلى ھارۇننى ماختاپ، ئۆگەي ئوغلى ئېرھاپىزدىن دادلايدىكەن.

يېڭى خانىش ھەقىقەتەنمۇ ئۆگەي بالىسىغا ھەسەت قىلىدىكەن، پۇرسەت تېپىپ، شاھلىق تەختىنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنىڭ قەستىدە ئىكەن. بىراق، شاھزادە ئاتىسى بىلەنلا يۇرگەچكە يەنە كېلىپ، مۇلازىم - چاپارمەنلىرى بولغاچقا، خانىش ئانا - بالا پەقەتلا قول سالالماپتۇ. يىللار، ئايلار ئۆتۈۋېرىپتۇ، سۇلتان تەختىنى ئوغلىغا بەرمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى شاھ خانىشقا شاھزادىنى ئۆيلەپ بولۇپلا تەختنى بىرىش ئويىنى ئېيتىپتۇ. خانىش شاھزادە تەختكە چىقىۋالسىلا ئىش چاتاقلىقنى ئويلاپ، ئوغلى بىننى ھارۇن بىلەن دەرھال قول سېلىشنى پۈتۈشۈپتۇ.

خان تېگىننىڭ مەلىكىسى تاللىنىپ، ئوردىغىمۇ كىرىپ بولغان ئىكەن، ئۈچ كۈن ئۆتسىلا توي بولىدىغان تۇرسا، مۈشۈنداقلا قاراپ تۇرمايدۇ-دە!

ئۇلار تۈنتەگدە، داڭدار سېھرگەر ئاپۇدۇستىنىڭ تۇرارگاھىغا يول ئاپتۇ. قېرى سېھرگەر بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، ساقاللىرى ئالدىدا يىلاندەك تولغىشىپ تۇرار ئىكەن.

خانىش ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە، ئۇ خانىشنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملەپ ئۈلگۈرۈپتۇ.

— نېمىشقا كەلگىنىڭ ئايان . تېگىننى ئۆلتۈرمەكچى، بىراق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سېھرىم خېلى ئىشلارغا يەتسىمۇ، لېكىن، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يەتمەيدۇ......

— بۇ ئىشتا ياردەم قىلمىساڭ زادى بولمايدۇ، — دەپتۇ خانىش زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئەپسۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرەلمىسە، مېنىڭ خەنجىرىم ئۆلتۈرەلەيدۇ....

— قورقمايمەن، شۇنداقتىمۇ ساڭا ياردەم قىلماقچىمەن. چۈنكى، سەندىن ئىزچىل شاپائەت كۆردۈم. تېگىن سېھرگەرلەرنى ياقتۇرمايدۇ، خان بولۇپلا قالسا، ماڭا ئوخشاشلارنى قوغلىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. لېكىن، مەن ئۇنى راستىنلا ئۆلتۈرەلمەيمەن، لېكىن ساڭا سېھرلىك دورا ياساپ بېرەلەيمەن، ئۇنى شاھزادىنىڭ بوسۇغىسىغا ئازراق سېپىپ قويسىمەن، شاھزادە ئۇنى دەسسىگەن ھامان قارا مۈشۈككە ئۆزگىرىپ قالىدۇ، مۈشۈكنى جايلاش بولسا ئاسان... ، لېكىن يېڭى ئاي چىقىش ھامانلا ئەپسۇنۇم كۈچىنى يوقىتىپ، شاھزادە ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ، شۇڭا جەزمەن يېڭى ئاي چىقىشتىن بۇرۇن قول سال.

ئۇ سېھرگەرلىك ھاسىسىنى چىقىرىپ، بىر پارچە ئىسكىلىتنى بويلىتىپ، ئەپسۇن چەمبىرىكى سىزىپ چىقىپتۇ، قارا بىر سۇيۇقلۇقنى ئىسكىلىتنىڭ كۆزىگە تۆكۈپ، ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ، ئانا ـ بالا ھەيرانۇھەس بولۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

سېھرگەر پاقا پۇتى، يىلان قاسرىقى، لەھەڭ چىشى ۋە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى دېگەندەك پارچىلىۋېتىلگەن نەرسىلەرنى ئىسكىلىتقا تىقىپ خانىشقا بېرىپتۇ. خانىش ئوردىغا كېلىپ، تىمىسقىلىغىنىچە شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىغا كەپتۇ، ئىككى مۇلازىم تۇيماستىن ئۇخلاۋېرىپتۇ. خانىش ئىسكىلىتنى چۆرۈپ، دورىنى بوسۇغىغا چېچىپتۇ ـ دە، غىپپىدە خانىسىگە كىرىۋاپتۇ.

ئەتىسى ئوردىدا پاتىپاراقچىلىق چىقىپ كېتىپتۇ، سەۋەبى شاھزادە يوقاپ كەتكەن ئىكەن.

ئىككى مۇلازىم ھۇجرىغا ھېچكىم كىرمىدى. سەھەردە، شاھزادىنىڭ چىققىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، ئۇ بوسۇغىدىن شۇنداق ئاتلىشىغا يوقاپلا كەتتى، دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئوردا خانىش ئۆلگەن چاغدىكى مۇسىبەت كەيپىياتىغا چۆمۈپتۇ، بىچارە سۇلتان بولسا، كۆڭلىنى توساتتىن پەيدا بولۇپ قالغان قارا ئانگىلا مۈشۈكى بىلەن ئاۋۇندۇرۇپ يۈرۈپتۇ، قارا مۈشۈك شاھقا سۆزى بارەدەك ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارايدىكەن، تىزىغا چىقىۋالىدىكەن، شاھمۇ مۈشۈكنىڭ مەخمەلدەك تۈكىنى سىلاپ، كۆزلىرىگە قارىغىنىدا، تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن ئوغلى ئېسىگە چۈشىدىكەن.

قارا نىيەت خانىش يېڭى ئاي چىقىدىغان قەرەلگە ئاز قېلىشى بىلەنلا پاراكەندە بولۇپ كېتىدىكەن. لېكىن مۈشۈك كۈندۈزى سۇلتاننىڭ قۇچىقىدا، كېچىسى قوينىدا بولغاچقا، خانىش پەقەت پۇرسەت تاپالماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېرىشقاندەك سۇلتانمۇ ئوغلىنىڭ پىراقىدا كېچىنى ئۇيقۇسىز تاڭغا ئۇلايدىكەن.

بىر كۈنى كەچلىكى، سۇلتان خانىشنىڭ زورى بىلەن ئۇيقۇ دورىسى يەپ ئۇخلاپ قاپتۇ. پۈتۈن ئوردىنىڭ ئۇخلىغانلىقىنى جەزم قىلغان خانىش ئېرىنىڭ كارىۋىتىغا ئاستا كېلىپ، ھېلىقى ئىسكىلىت نىقاپنى مۈشۈككە كىيدۈرۈپتۇ، مۈشۈك چۈشىدىن ئويغىنىپ جان ئاچچىقى بىلەن مىياڭشىپتۇ، كىمنىڭ قەست قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ. زەھەرخەندە خانىش ئۇنى دېرىزىدىن باغچىدىكى كۆلگە تاشلاپتۇ. مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغان زارىنى ئاڭلىغان خانىش ھۇجرىسىغا كىرىۋاپتۇ ۋە سۇلتانلىق تەختىدە ئوغلۇم ئولتۇرىدىغان بولدى، دەپ كۆڭلى تىنىپتۇ.

سەھەردە قىنىغا پاتمىغان خانىش ئوردىدا سەيلە قىلىۋې-



تىپ ، قارا مۇشۇكنىڭ مەرمەر پەلەمپەيدە تۈكلىرىنى يالاۋاتقانلىقنى كۆرۈپتۇ، مۇشۇك خانىشقا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپتۇ. غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالمىغان خانىش ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ، تىگتىگچى ماگدۇرۇپ مۇنۇلارنى بىلىپتۇ.

ئۇ كۈنى كېچىسى، يېڭى كېلىن كۆلدە كېنىزەكلىرى بىلەن يۇيۇنۇۋاتقان ئىكەن، پالاق ـ پۇلۇق ئاۋازنى ئاڭلاپلا، سۇنى ئىزدەپ، قارا مۇشۇكنى تېپىۋاپتۇ. قارا مۇشۇككە ئامراق بولۇپ قېلىپ ئۇنى قىرغاققا ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. مۇشۇكنىڭ تۈكلىرى چاپلىشىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇماق ئىكەن.

خانىشنىڭ بېشىغا يەنە پىت چۈشۈپتۇ، ئەمدى قارا مۇشۇككە ئۆچمەنلىكنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماپتۇ، ئېرىگە داد ئېيتىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتايلى دەۋېرىپتۇ، لېكىن سۇلتان مۇشۇكنى قوغداشنى كۈچەيتىپتۇ، بىردەممۇ كۆزدىن نېرى قىلماپتۇ، ئانا ـ بالا نەچچە قېتىم لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.

قارا مۇشۇك ئۇلاردىن چاققان چىقىپ، سۇلتان بولمىسىلا بولغۇسى ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىۋېلىپ پاناھلىنىدىكەن.

يېڭى ئاي چىقىدىغان كېچىسىمۇ يېتىپ كەپتۇ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىنلا ئاي چىقىپ، سېھىر كۈچىدىن قالسا قانداق بولغىنى؟ تىت ـ تىت بولغان ئانا ـ بالا قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈپ كەتكەن چۈمۈلىدەك پىتراپ كېتىشىپتۇ.

نېمە بولغان ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىم تەلىيى كەپتۇ، ئوردىدا ئىش چىقىپ، ۋەزىر بىننى ئاكمۇد سۇلتاننى كېچىكەشكە چاقىرىپ كېتىپتۇ، يېڭى كېلىن بولسا ئۇيىنغىلى چىقىپ كېتىپتۇ.

بىننى ھارۇن ھاپىلا ـ شاپىلا كۆلدىن يوغان بىر سالمۇن بېلىقنى تۇتۇپ، ئانىسى بىلەن ھويلىدىكى يوغان تۈۋرۈكنىڭ كەينىدە مۇشۇكنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەززىلىك بېلىقنىڭ ھىدىنى ئالغان مۇشۇك تۇرالماي قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ تۇزاققا دەسسىۋالماي دەپ ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ. سالمۇن بېلىقى كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە مەرمەر سۇپىدا ياتقان ئىكەن، كىممۇ ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلىسۇن!

مۇشۇك تۆت ئەتراپقا قاراپتۇ. ئىنس ـ جىنمۇ يوق. مەززىلىك ھىد ھوش ـ كاللىسىنى چىرمىۋالغان مۇشۇك بېلىققا ئېتىلىپتۇ، بېلىق تۈگۈلۈۋاپتۇ، مۇشۇك تېخىمۇ يېقىن كەپتۇ، بېلىق يەنە تۈگۈلۈۋاپتۇ، مۇشۇنداق بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تۈۋرۈككە يېقىن كەپتۇ. تۈۋا، بېلىقمۇ مۇشۇنداق ئويناىدىكەن ـ ھە!

ئۇ تۈۋرۈككە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. خەتەر بارلىقنى تۇيغان بولسىمۇ، سالمۇن بېلىقنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇنى ئازدۇرۇپتۇ ـ دە، بېلىققا تاشلىنىپتۇ. ئاپلا، غايىبتىن قېلىن بىر نەرسە ئۇچۇپ كېلىپ مۇشۇككە كىيىلىپ قاپتۇ. رەقىپلەر تۇتۇشۇپتۇ، مۇشۇك دىم ئۇنى چىشلىسە، دىم تاتىلاپتۇ، قانچە قىلغىنى بىلەن تەڭ كېلەلمەپتۇ. ئۇلار ئۇنى كۆل تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ــ تېز بول، بىر نەچچە ماگداملا قالدى، ئاي نۇرى كۆرۈنۈۋاتىدۇ...

مۇشۇك بولسا جىم يېتىپتۇ، بىننى ھارۇن مۇشۇكنى تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ....

تۇساتتىن، كۈمۈش ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپتۇ، كۆل كۈمۈش نۇرلارنى كۆتۈۋاپتۇ، گۈلدۈرماما كەبى بىر سادا كۆكنى تىترىتىپتۇ: « ئىرھاپىز ئەسلىگە قايتىپ، بىننى ھارۇن بىلەن ئېلىشقاي». خانىشنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كېتىپتۇ، ئىرھاپىز زور كۈچ بىلەن بىننى ھارۇننى يەر چىشلىتىپتۇ.

خانىش ئانا ـ بالىنىڭ قىلغۇلۇقلىرىنى ئىشتكەن سۇلتان ئۇلارنى بۇ زېمىنغا مەڭگۈ ئاياغ باسماسلىققا بۇيرۇپتۇ، قېرى جادۇگەر قېچىپ كەتكەچكە، جېنى ئامان قاپتۇ.

ئەتىسى، سۇلتان ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىپ، تەختىنى ئوغلىغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە ئۆمرىنى شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

رابىگۈل ۋەلى تەرجىمىسى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2005ـ يىللىق جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008ـيىللىق 1 ـ سانىدىكى مۇنەدەرىجىنىڭ «نۇردىن تۇغۇلۇش»موتىفىنىڭ كۆچۈشى ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورى ـ يالقۇن مەتنىياز بولۇپ قالغان، توغرىسى: يالقۇن تۇرسۇننىياز.

76ـبەتتىكى (.ئاپتورى خوتەن پېداگوگىكا تېخنىكومىدا) دەپ ئېلىنىپ قالغان. توغرىسى: (ئاپتورى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز .

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# پاراسەت چاچقۇلىرى



### تارىخ ۋە جۇئىي يەكۈن

سۇۋ جىياڭ غەزەپلەنگەن هالدا چىرايىنى ئاجايىپ سەتلەشتۈرۈپ قولىدىكى كىتابنى يىراققا چۆرۈۋەتتى.

مەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا دانىمۇ دانە قىلىپ «سۇ بۇيىدا» دېگەن خەتلەرنىڭ چوڭ - چوڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم.

### ئالاھىدىلىك

ئاغىنەمنىڭ ۋاقتىنچە مۇھىم بىر ئىشى بولۇپ قالغاچقا، مېنى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ سۆيگۈنىنى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى.

مەن ئۇنىڭدىن؛

— ئۇ قىزنى قايسى مۇھىم ئالاھىدىلىككە تايىنىپ تونۇيمەن؟ — دەپ سورىۋېدىم، ئۇ ماڭا:

— ئالدىڭىزدا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن، قىسقا يوپكىلىق، قوش قاپاقلىق سېرىق چاچ قىز پەيدا بولۇشى هامان دەرهال ئالدىغا بېرىڭ، ئۇ دەل مېنىڭ سۆيگۈنۈم بولىدۇ، — دېدى.

پاھ! دوستۇمنىڭ يۇقىرىقى دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى تامامەن شەھىرىمىزدىكى بارلىق قىزلارنىڭ ئورتاق بەلگىسىغۇ!

### پەزىلەت

خوتۇنى ئېرىدىن:

— مەن بىلەن ئانىڭىز ئەتكەن تاماقتىن كىمنىڭ ئەتكەن تامىقى ئاغزىڭىزغا ئەڭ تېتىيدۇ؟ — دېۋىدى، ئېرى دەرهال:

— ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئەتكەن تامىقىڭىزدە! — دەپ جاۋاب بەردى.

يۇرتىغا كەلگەندە ئانىسى ئۇنىڭدىن:

— خوتۇنىڭ بىلەن مەن ئەتكەن تاماقتىن قايسىسىنى ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيسەن؟ — دەپ سورىۋېدى، ئۇ يەنە هېچ تەمتىرىمەستىن:

— ئەلۋەتتە سىز ئەتكەن تاماقنى ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيمەندە! — دەپ جاۋاب بەردى.

بەزىدە يالغان گەپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەرلەر ئۈچۈن بىر پەزىلەت هېسابلىنىدۇ.

### يىقىلىپ چۈشۈش

مەن بەشىنچى قەۋەتتىن يىقىلىپ چۈشكىلىۋاتىمەن، يىقىلىپ تۆتىنچى قەۋەتنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمدە، ئىككىنچى قەۋەتتىن سوزۇلغان ئاپئاق بىر جۈپ يۇمران بىلەكنىڭ جىددىي هالەتتە داڭلىق گۈل كۆچۈرۈلگەن بىر دانە تەشتەكنى ئالدىراپ - سالدىراپ مەندىن قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئارقىدىن يىقىلغان پېتىم ئۈچىنچى قەۋەتتىن ئۆتتۇم، ئىككىنچى قەۋەتتىنمۇ ئۆتتۇم.....ئىككىنچى قەۋەتتىكى قىز قولىدىكى گۈل تەشتىكىنى ئەپقېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى، كاللام تەشتەككە قاتتىق ئۇرۇلۇپ، يەر ئۈستى چېقىلغان تەشتەك پارچىلىرىغا تولۇپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا تەشتەك ئىگىسىنىڭ خۇرسىنغان هالدا:

— ۋاي ئىست ! نېمىدىگەن چوڭ خەتەر بۇ، — دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

### ئۇستازنىڭ جاۋابى

مەن قوشنامدىن سورىدىم:

— ئېيتىپ بېرىڭا، بىر تىيىن پۇل خەجلىمەي تۇرۇپمۇ ئالەمنى ساياھەت قىلغىلى بولامدۇ؟

قوشنام بىر هازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: — ئەلۋەتتە بولىدۇ، پەقەت چۈش كۆرۈشكە ماھىر بولسىڭىزلا، — دېۋىدى، تېرىككىنىمدىن ئۇنىڭغا كۆزلىرىمنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ هومايدىم.

مەن مۆھتىرەم ئۇستازىمنى ئىزدەپ بېرىپ يەنە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئېيتىپ بېرىڭا، قانداق قىلغاندا بىر تىيىنمۇ پۇل خەجلىمەي تۇرۇپ ئالەمنى ساياھەت قىلغىلى بولىدۇ؟

مۆھتىرەم ئۇستازىم ئويلىنىپمۇ تۇرماي دەرهال جاۋاب قايتۇرۇپ:

— پەقەت كۆزىڭىزنى چىڭ يۇمۇپ خىيال سۈرسە-

گىزلا، — دېدى.

ئۇستاز دىگەن بەرىبىر ئۇستاز- دە! قاراڭ جاۋابىنىڭ ئەپچىللىكىنى!

### گۈزەل ئەگرى - بۈگرى يول

مەن شىركەتكە خىزمەت ئىزدەپ باردىم. ئەمما تەكلىپ قىلىنالمىدىم، ئۇلار ماڭا:

— ئۈچ ئايدىن، ئارتۇق ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىڭىز بولمىسا بۇ ئورۇنغا ھەرگىز تەكلىپ قىلىنمايسىز، — دېدى.

مەن يەنە بىر شىركەتكە خىزمەت ئىزدەپ باردىم، ئىشقا چىقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ شىركەتتىكى خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپ، بۇرۇن مېنى قوبۇل قىلمىغان شىركەتكە كەلدىم - دە، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتىم.

بۇ جەرياندىكى سىرلارنى پەقەت بىر ئۆزۈملا بىلىمەن، مەن ئەسلىدە شىركەتتە ئۈچ ئاي ھاجەتخانا تازىلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدىم.

### قۇش تىلى

بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ قۇشلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا ھەممەيلەننى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

ئالىملار ئۇنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قىزىقىپ تەلەپ قويۇۋىدى، ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئالىملار ئامالسىزلىقتىن ئاخىرى ساقچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا بىر ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى. تون ھەسسە بولغاندا ئۇ قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۆزى سولاقلىق ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

— ئادەملەر نېمدېگەن دۆت - ھە! — دېدى ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، — مېنىڭ قۇشلار تىلىنى بىلىدىغانلىقىمغا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشىنىدۇ، شۇنداق بولغانىكەن ئەلۋەتتە مېنىڭ بىردانە قۇش ئىكەنلىكىمگىمۇ ئىشىنىش كېرەك ئىدىغۇ؟!

### پاراسەت چاچقۇلىرى

بىر قېتىملىق كەچكى شەپەق ياشانغانلارنىڭ كۆمۈشتەك ئاقارغان ئاپئاق چېچىنى ئالتۇن چاچقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى گۈگۈم پەيتىگە ئۇدۇللاپ قويغاندا، ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ:« — ئوھوي، پۈتۈن ئۆمرىمىزدە پەقەت ئۆتكەندىكى ئىشلارنى مەڭگۈ ئەسلەش ئۈچۈنلا ياشىغان بولغىيمىدۇق؟ » دەپ ئويغا چۆكۈشىدۇ.

گۇمانلىق ئادەم بولۇپ قېلىپ ئۇچرىغان ھاقارەت، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش تۈپەيلىدىن ئۇچرىغان ئەيىبلەشتىن ئون ھەسسە ئازابلىقتۇر.

### شەيتان لۇغەت

ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار — كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەر بىر تاشنى بىمالال يۆتكەپ كېتەلەيدۇ. بىراق. ساھىبجامال بىر ئايال بۇ چوڭ تاشنى يۆتكىمەكچى بولسا ھەرگىزمۇ ئۆزى كۈچ ئىشلىتىپ ئولتۇرمايدۇ.

پەرق — بەش سومغا بىر دانە كىتاب سېتىۋالغاندا كەچكىچە باھا تالىشىمىز، بىراق، 50 سومغا بېرىدىغان بىر جۈپ ئاياغنى ئەرزان دەپ ياراتمايمىز.

## قەدىمكى مەسەللەرنىڭ ھازىرقى زامان تۈرمۇشىدىكى ۋارىيانتلىرى

### دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، توشقاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈش

بىر توشقان دەرەخنىڭ غولىغا ئۇسۇۋېلىپ ھوشىدىن كېتىپ، دېھقاننىڭ غەنىيمىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بىراق، دۇنيادا بۇ خىلدىكى «ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت» نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېلىقى دېھقان تازا چۈشىنىپ يېتەلمىگەندەك قىلىدۇ. شۇڭا بىز دېھقانغا بىر تەكلىپ بېرىشىمىز كېرەك، ئۇ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ، توشقاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن ۋاز كېچىشى، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئەسلا تاشلاپ قويماسلىقى لازىم. دېھقان شۇنى چۈشىنىپ يەتسۇنكى، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلا بولسا، جەزمەن ھوسۇلغا ئىگە بولالايدۇ. قوغۇن تېرىسا قوغۇن، پۇرچاق تېرىسا پۇرچاق ئالالايدۇ. باھاردا شال كۆچۈرسە، كۈزدە گۈرۈچكە ئېرىشەلەيدۇ. دەرەخكە ئۇسۇۋېلىپ ئۇنىڭ غەنىيمىتىگە ئايلانغان توشقان پەقەت بىر خىل تاسادىپىيلىقنىڭلا مەھسۇلى. سىز خالىغان چېغىڭىزدا دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بەلكىم ئۇركۈپ كېتىپ دەرەخكە ئۇسۇۋېلىپ ھوشىدىن كەتكەن بىرەر، ئىككى توشقانغا ئېرىشىپمۇ قېلىشىڭىز مۇمكىن، بىراق ھەمىشە دەرەخنىڭلا ئەتراپىدا ئايلىنىپ، توشقاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقىڭىز كېرەكتە!

تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار يۇقىرىقى مەسەلنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، پاي چېكى سېتىۋېلىش بىلەن خىزمەتنى ئالساق، پاي چېكى دېگەن دەل ئاشۇ توشقانغا ئوخشايدۇ. خىزمەت بولسا تېرىقچىلىق پائالىيىتىگە ئوخشايدۇ. ئالدىنقىسىدىن تەلىيىڭىز ئوڭ كەلگەندىلا ئاندىن نەپكە ئېرىشەلەيسىز، كېيىنكىسىدىن ئەجىر قىلىدىغانلا بولسىڭىز جەزمەن ھوسۇل ئالالايسىز.

### يېگۈڭنىڭ ئەجدىھانى ياخشى كۆرۈشى

بىز ھەمىشە دېگۈدەك خاتا ھالدا يېگۈڭنى ئەيىبلەپ كەلدۇق، راستنى ئېيتقاندا، ئۇ ئەجدىھانى سەممىي نىيىتى بىلەن ياخشى كۆرگەن ئادەم، بىراق، راست ئەجدىھا ھەر-

كەتلىنىپ ئالدىدا پەيدا بولغاندا كىممۇ ئۇنىڭدىن قورقماي تۇرالايدۇ دەيسىز؟

بۇ يەردە ناھايىتى تەس ماسلاشقىلى بولىدىغان، ئەمما ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بىر ئۆزگىرىش بار، ئۇ گويا كىچىك باللارنىڭ يولۋاس، شىرلارنىڭ رەسمىنى ياخشى كۆرۈشىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر بالىنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئېلىپ بېرىپ ھەقىقىي شىر، يولۋاسلارنى كۆرسەتسەڭ، ئۇ ئەلۋەتتە قورقىدۇ ـ دە!

قۇرامىغا يەتكەن كىشلەرنىڭ ئارىسدا يېگۈگىنىڭ ئەجدىھانى ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسلەن، مەلۇم بىر سىياسەتچى:«خەلقىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالىمەن، خەلقىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىمەن» دەيدۇ، بىراق، خەلق راستىنلا ئۇنىڭغا پىكىر بەرگەندە، ئۇنى نازارەت قىلغاندا دەرھال قورقۇپ تىترەيدۇ. چۈنكى، ئۇ خەلقنى ھەمىشە بىر پارچە رەسىم قاتارىدا كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن، ھەتتا بىر تال ياغاچ ئورنىدا كۆرگەن. مۇبادا بىر تال ياغاچ زۇۋانغا كىرىپ سۆزلەيدىغان بولسا، ئۇ راستىنلا قورقۇپ چۆچۈيدۇ ـ دە!

## كېمىگە بەلگە سېلىپ خەنجەر ئىزدەش

خەنجەر سۇغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىگە بەلگە سېلىپ ئۇنى ئىزدىمەكچى بولغان ئادەمنى ھاماقەت ئادەم دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇ سۇدىكى كېمىنىڭ جايىدا جىم تۇرمايدىغانلىقىنى بىلمىگەن. مۇبادا ئىش بۇ ئادەمنىڭ خىيالىدىكىدەكلا بولسا، ئۇنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن خەنجىرىنى سۈزۈۋېلىشنى تەيىن قىلغان جايى خەنجەر چۈشۈپ كەتكەن ئورۇندىن خېلىلا يىراقتىكى بىر جاي بولۇپ چىقىدۇ ـ دە!

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، بىز ئاللىقاچان ئاشۇ ئادەمگە ئوخشاش «ھاماقەت» ئىللىتىگە گىرىپتار بولغانلارمىز. مەسلەن، ئۆي سېتىپ ئېلىشنى دېيلى، بىر يۇرۇش ئۆينى كىچىك دەپ قارىساق، يەنە ئۈچ ـ تۆت يۇرۇش ئۆينى سېتىۋېلىشنى خىيال قىلىمىز، مېنىڭ مۇنداق دېيىشىم ئاشۇ ئۆي سېتىۋالغۇچىلارغا ھەسەت قىلىۋاتقىنىم ئەمەس. ئەمما، مېنىڭ ئويلىشىمچە، ئۆي دېگەن ئەمەلىيەتتە خەنجىرنى سۇغا چۈشۈرۈۋەتكۈچى تەرىپىدىن ئاشۇ كېمە ئۈستىگە سېلىپ قويۇلغان بەلگىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ۋاقىت بولسا كېمىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقان سۇغىلا ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا خەنجەر زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇنىڭدا سىزنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش ئارقىلىق زادى نېمىلەرگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىڭىزغا قاراش كېرەك. سىز ئۆينى پۇل ـ بايلىققا ئېرىشىش، ئازادىلىككە ئىگە بولۇش، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش، شۇ ئارقىلىق نام ـ ئاتاق، ئابرۇيغا ئېرىشىش ياكى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن سېتىۋالامسىز؟ مانا بۇ شۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسلە. سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ يەنە ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن بۇ ئۆيلەر زادى كىملەرگە تەئەللۇق بولار ؟

مەن ئويلايمەن، ئادەم قەددىنى رۇسلىيالىسا ئۆرە تۇرالايدۇ، گەۋدىسى قىيسىيىپ قالسا ئورنىدىلا يېتىپ قالىدۇ. شەرت ـشارائىتىڭىز يار بەرسە، چوڭراق ئۆيلەردە ئولتۇرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، شەرت ـ شارائىتىڭىز يار بەرمىسە، ئوشۇقچە زورۇقۇپ، ئۇنى قوغلىشىپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى ھەر قانچە كۆركەم، ئازادە ئۆي بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان كېمە ئۈستىگە سېلىنغان ئاشۇ بەلگىدىنلا ئىبارەت، خالاس!

## ئۆزئارا زىت كېلىش

قالقاننى دەستەك قىلىپ نەيزىنىڭ نەرخىنى چۈشۈرۈش، نەيزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ قالقاننى ئەرزىمەس بىر نەرسە قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ نەرسىلەر گويا توخۇ بولغاندا تۇخۇم بولامدۇ ياكى تۇخۇم بولغاندا ئاندىن توخۇ بولامدۇ؟ دېگەن جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان ئىككى مەسلىنىڭ ئۆزىدۇر. بىراق، ئۇنىڭغا زورۇققان ھالدا مۇنداق جاۋاب بېرىشمۇ مۇمكىن: بۇ يەردە يەنىلا قالقان ئىگىسى ئەيىبلىك، ئۇ نېمىشقا ئوڭ قولىدىكى نەيزىسى بىلەن سول قولىدىكى قالقىنىنى ئۇرۇپ تېشىۋېتىدۇ؟

كېيىنكىلەر ئۇنىڭدىن ئەسلا ئىبرەت ئېلىشنى بىلمەي كەلدى. بەزىلەر ھەمىشە بىر بۆلۈك شەيئىلەرگە «ئەڭ ئېسىل»، «بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ»، «دەرىجىدىن تاشقىرى سالاھىيەتكە ئىگە» ، «ۋايىغا يەتكەن» دېگەندەك سۈپەتلەش سۆزلىرى بىلەن كاتتا تاجلارنى كىيدۈرىدۇ ؛ مەسلەن، «دۇنيادىكى بىرىنچى تاغ»، « دەرىجىدىن تاشقىرى خانىم» .... دېگەنلەردەك . مەن ھەيرانمەنكى، بۇ ئادەملەر ئاشۇنداق سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆز نەرسىسىنى ئۆزى ۋەيران قىلماقچىمىدۇ ياكى باشقىچە بىر مەقسىتى بارمىدۇ؟ نېمىلەكى بولسۇن ماڭا شۇنىسى ئايانكى، نەيزە قالقاننى تېشىۋېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يوقىرىقىدەك لاپ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى قالقاننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۇۋۇپ تاشلىيالايدۇ !.

## گۇيجۇ ئېشكىنىڭ ھۈنىرى شۇنچىلىك

گۇيجۇ ئېشكى يولۋاسنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا ، يولۋاس ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ ھەم كۈچلۈك ھېسابلاپ ، ئاخىرىدا يولۋاسنىڭ بىر ۋاخلىق مەززىلىك تامىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. مېنىڭ ئويۇمچە، مەسەلىنىڭ يېشىمى ھەر-

2008.2

گىزمۇ مۇنداق پاجىئەلىك قىلىپ تەسۋىرلەنمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى، گۈيجۇ ئېشىكى گەۋدىسى چوڭ ھايۋاناتلار تىپىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئەزەلدىن يولۋاس ئالدىدا ئۆزىنى ئۇنچىۋالا پەس چاغلىشىنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. گۈيجۇ ئېشىكى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى، ئۆز - ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشنى پەقەت بىلمىگەچكە يولۋاسقا يېيىلىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

ئۇ ئەلۋەتتە ئوقۇمۇشلۇقلاردىن ئۆگىنىپ، كۆزىگە قارا كۆزدەينەك تاقاپ، ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەرنى كىيىشى، يەنە تېخى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاستىلارغا تايىنىپ ئۆزىنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك ئىدى. مۇھىمى، بىر-ئىككى قېتىم ھاڭراپ قويۇشنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى لازىم ئىدى - ئەلۋەتتە ! ياخشىسى توردا بلوگ بېتىنى تەسىس قىلىشى ( گەرچە بۇ بەتتە كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك بىرنەرسە بولمىسىمۇ)، مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇ تور بېتىگە كىرىدىغانلارنىڭ ئاز بولۇپ قېلىشىدىن غەم يەپ يۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. يولۋاس سىياقىدا تېرە تاراقشىتىپ، ھەيۋىسىنى نامايان قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى. يولۋاسنىڭ يولۋاستىن تەپ تارتمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان، شۇنداق بولغاندىكىن ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بىر نەرسىنى، مەسىلەن، ئادەم تېرىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلىشى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، ئادەملەر ھەر قانداق نەرسىگە تەھدىت سالالايدىغان بولغاچقا، ھازىرقى دەۋردىكى يولۋاسلار ئادەمدىن قورقىدۇ، ئادەملەر ئۆزىدىن كۈچلۈكرەك نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارنى قورقۇتۇشقا، قورۇق ھەيۋە بىلەن ئۆزلىرىنى قۇدرەتلىك كۆرسىتىشكە تولىمۇ ماھىر كېلىدۇ ئەمەسمۇ ؟! شۇڭا قەدىمكىلەر:«ئوغۇل بالا دېگەن تۇغۇلۇشىدىنلا ھىيلە -مىكىر ئىشلىتىشنى بىلىپ تۇغۇلمايدۇ، بەلكى ياشاش داۋامىدا ھىيلە -مىكىر ئىشلىتىشنى ئۆگىنىدۇ» دەپ ھەرگىزمۇ بىكارغا ئېيتمىغان.

«فىليەتونلاردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىللىق 9 -سانى

ئېرشادى تەرجىمىسى.



# ھەرە بىلەن پاقا



ھەرە پاقىنىڭ ئەسكى تام تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئالدىدىن ئۆتكەن چىۋىنلەرنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرماي تۇتۇپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئاداش چىۋىنلەرنىڭ ھەممىسىنى سەن تۇتۇپ يەۋالدىڭ، ماڭىمۇ ئازراق ئىچىڭ ئاغرىسۇن، چىۋىنلەرنى ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ تۇتۇپ يېسەك قانداق، — دەپتۇ.

پاقا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭلىدە قايىل بولمىسىمۇ، لېكىن، ئىلاجسىز ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بوپتۇ. ئىككىيلەن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئالدىغا كەلگەن چىۋىنلەرنى نۆۋەت بىلەن تۇتۇپ يەپتۇ. شۇ ئارىدا پاقىنىڭ كاللىسىدىن «بۇنىڭ بىلەن نۆۋەتلىشىپ چىۋىن تۇتۇپ يېسەم، قورسىقىم ئاچ قالغۇدەك، بۇنىمۇ بىر يالماپلا يوتۇۋېتىپ چىۋىنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم تۇتۇپ يېمەمدىم» دېگەن خىيال يالت قىلىپ ئۆتۈپتۇ - دە، كاپلا قىلىپ تەييارلىقسىز تۇرغان ھەرىنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ. غەزەپلەنگەن ھەرە جان ئاچچىقىدا پاقىنى شۇنداق قاتتىق چېقىپتۇكى، ئەييۇھەنناس، ئۇنىڭ ئىچى زەھەر قويغاندەك ئېچىشىپ كېتىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن پاڭگىدە قىلىپ ئېتىلىپ، ئىچ - باغرى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن چۇمۇلىلەر دەرھال ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى يىغىپ، قىشلىق ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئۇۋىلىرىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا)

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**



# جەبىر ـ جاپا بار يەردە قىزغىنلىقمۇ بار

(ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ بىلەن سۆھبەت )

شۆگىخۇي: سىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاشۇ بىر مەزگىللىك
كەچۈرمىشىڭىزنى تولىمۇ ئاڭلىغۇم بار، ئاشۇ كەچۈرمىشلىرى-
ڭىزنىڭ ھاياتىڭىزغا قانداق ئەھمىيىتى بولدى؟

ۋاڭ مېڭ: مەن 1963 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە شىن-
جاڭدا 16 يىل ياشىدىم. سەككىز يىلنى ئۈرۈمچىدە، سەككىز
يىلنى ئىلىدا ئۆتكۈزدۈم، يەنە كېلىپ يېزىدا ياشىدىم. ياش
جەھەتتىن ئېيتقاندا 1963 ـ يىلى 29 ياش بولغان بولسام،
1979 ـ يىلغا كەلگەندە 45 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدىم. بۇ
بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم مەزگىلدۇر.
سىزمۇ شۇنداق ئويلىشىڭىز مۇمكىن، 29 ياشتىن 45 ياشقىچە
بولغان مەزگىلنى ئەڭ ياخشى مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. دۆلەت
ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ ئەڭ ناچار مەزگىل ئىدى. چۈنكى مەن
پۈتكۈل «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شىنجاڭدا بول-
دۇم. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئالدىدىكى سىياسىي كۈ-
رەشلەرنىڭ مۇقامى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ، ھەرقايسى جە-
ھەتتىن سىياسەتلەر ھەددىن چىقىپ كەتتى، شۇنداقلا بۇنى
بىر ناچار مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما مېنىڭ شىنجاڭدىكى
تەجرىبىلىرىم ئومۇميۈزلۈك، كۆپ تەرەپلىمە بولدى. ياخشىلى-
رىمۇ، ناچارلىرىمۇ، مەنىسىز ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە
ئىشلارمۇ بولدى. ئەڭ قىزىق ئىشلارمۇ خېلى كۆپ ئۆتتۈلدى.
باشقىلار مەندىن مېنىڭ شىنجاڭدا نېمە ئىشلارنى قىلغىنىمنى
سورىغاندا، مەن چاقچاق ئارىلاش: مەن شىنجاڭدا ئۇيغۇر
تىلىنى ئۆگىنىپ «دوكتۇر ئاشتى» بولدۇم، 16 يىلنىڭ ئۈچ
يىلىنى تەييارلىقتا، بەش يىلىنى تولۇق كۇرستا، ئاندىن ئىككى
يىلىنى ماگىسترلىقتا، ئۈچ يىل دوكتۇرلۇقتا، يەنە ئۈچ يىل
دوكتۇر ئاشتىلىقتا ئوقۇدۇم، دەپ جاۋاب بەرگەن. مەن ئۇ-
زۇمنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىمنى قولىڭىزدىكى ئاۋۇ «خۇ-
دىنى يوقاتقان پەسىل» دېگەن كىتابىمدا ئەكس ئەتتۈردۈم.
بەزىلەر مېنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى يازغىنىمنى ئوقۇپ
ئەسلىدە بۇنداق يېنىك تەلەپپۇز بىلەن يېزىلماسلىقى كېرەك
ئىدى، دەپ ھېس قىلىشتى. گەرچە بەزى جايلىرى خېلىلا ئې-
غىر، خېلىلا پاجىئەلىك يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەندىن
تېررورلۇق ئۈستىگە تېررورلۇقنى، ئۆلۈمنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈم-
نى، ئاندىن...لارنى يېزىشىمنى تەلەپ قىلىشتى. بىراق، بۇلار
مېنىڭ تەجرىبىلىرىم ئەمەس، مېنىڭ تەجرىبەم: ئادەم ياشىغان
ئىكەن تۇرمۇشنىڭ بىر خىل كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە خۇشاللىقلىرى
بولىدۇ، ياشاۋاتقان تۇپراقتا، تەبىئەتكە ۋە مەدەنىيەتكە بىر
خىل ھەۋەس بولىدۇ. باشقىلار سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى پۈتۈنلەي
تارتىۋالمىسىلا سىزنىڭ ھەۋىسىڭىز، خۇشاللىقلىرىڭىزنىمۇ
تارتىۋالالمايدۇ، دەپ قاراش.

شۆگىخۇي: سىز مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزىڭىزنىڭ بىر خىل
كەيپىياتىنى، ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىمەكچىمۇ ياكى «مە-
دەنىيەت ئىنقىلابى» تەسۋىرلەنگەن باشقا ئەسەرلەردىن ئەتەي
پەرقلەندۈرمەكچىمۇ؟

ۋاڭ مېڭ:مېنىڭ تەجرىبەم مۇشۇنداق بولسا كېرەك دەپ
ھېس قىلىمەن.كىشىلىك ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش ئەسلە-
دىنلا بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارايمەن. بۇ خىل
كۈچ ـ قۇدرەتنى ھاياتىڭىزنى تارتىۋېلىشتىن بۇرۇن سىزدىن
تارتىۋالالمايدۇ، بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتتە ئۈمىدۋارلىق، يۇ-
مۇرىستىكلىق، تەسەللىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىدىن
مۇھىمى ئۆگىنىش. مەن يېقىندا بىر پارچە كىتاب يېزىپ ھا-
ياتىمدىكى مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ، مۇشۇلارنى
سىڭدۈردۈم. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ناھايىتى ئاسان، ئۇ
بولسىمۇ ئۆگىنىش! ئەمەلىيەتتە مەن بۇ مەزگىلدە 20 نەچچە
يىل يېزىقچىلىقتىن مەھرۇم قالدىم.

شۆگىخۇي: سىز شۇنچە ئۇزۇن يىل بېشىڭىزدىن سىياسىي
جەھەتتە لەيلەش ۋە چۆكۈشلەرنى، ئوڭۇشسىز تەقدىرلەرنى
ئۆتكۈزۈپ، يەنىلا بىر خىل تېتىك، ئۈمىدۋارلىق پوزىتسىيە-
سىنى ساقلاپ كەپسىز، بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى
ئاشۇ كەچۈرمىشلىرىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ، ئاشۇ تەبىئىي
مۇھىت، ئاشۇ ئادىمىيەت مۇھىتى، بولۇپمۇ ئىنتايىن ئوچۇق ـ
يورۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈمىدۋار تەبىئىتى سىزگە تە-
سىر كۆرسەتتىمۇ؟

ۋاڭ مېڭ: بىلمەيمەن، چۈنكى بۇنى بىر نېمە دېمەك قە-
يىن. نۇرغۇن خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن كەي-
پىياتى ئىنتايىن ناچارلىشىپ كەتتى، دېمەك ئۇلار ئاشۇ مۇھىت-
قا پەقەت ماسلىشالمىدى. ئەمما مەن شۇ مۇھىتقا ماسلىشىپ
ياشىدىم. مېنىڭچە بىر ئادەمنىڭ كىچىك ۋاقتى بالىلىق،

ئۆسمۇرلۇك، ياشلىق دەۋرى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

شۇگىخۇي: سىز بايا تىلغا ئالغان ئەڭ ياخشى ياكى ئەڭ
ئەھمىيەتلىك، ئەڭ خوشال، ئەڭ ئازابلىق ئىشلار قىيەردە يۈز
بەردى، بىردەر ـ ئىككى ئىشنى كونكرېت سۆزلەپ بېرەمسىز؟

ۋاڭ مېڭ: مەن بايا ئېيتتىم، مېنىڭ ھاياتىمغا پۈتۈلۈپ
كەلگەن بىرىنچى ئىش يېزىقچىلىق بولماي ئۆگىنىش دەپ.مەن
ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويمىدىم ھەم ئۇنى
مەڭگۈ توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. مېنىڭ كىتاب ماتېرىيال-
لىرىمنى تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا ئۆگىنىۋېرىمەن.
باشقا ھېچ ئىش قىلالمىسام ئولتۇرۇپ تاڭ سۇلالىسىدىكى شا-
ئىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلايمەن. مېنى سولاپ قويسىمۇ
(ئەلۋەتتە مېنى تەلتۆكۈس سولىۋەتكۈدەك كەچۈرمىشلىرىم
يوق) مەن ئوخشاشلا ئىنگلىزچە ياكى ئۇيغۇرچە خام سۆزلەر-
نى يادلايمەن. شۇڭا ئۆگىنىش مېنىڭ ئەڭ خۇشاللىق ئىشلە-
رىمنىڭ بىرى. ئۇنىدىن باشقا خۇشال بولىدىغان ئىشىم ئۇيغۇر
دېھقانلىرى بىلەن بىرگە ئارىلىشىپ ئۆتۈش. مەسىلەن، بىرگە
ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىش دېگەندەك. ئۇلار ھاراق ئىچكەندە
دۈگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىپ ئولتۇرىدۇ، بىر رومكىدا نۆۋەت
بويىچە ئىچىدۇ، ئالدىغا رومكا كەلگەن ئادەم ناخشىدىن بىر-
نى ئېيتىپ، لەتىپىدىن بىرنى سۆزلەپ، قولىدىكى ھاراقنى
ئىچىۋېتىپ ساقىغا رومكىنى بېرىدۇ. رومكا يەنە ئوڭ قولنى
بېسىپ ئايلىنىدۇ. قارىماققا بىر رومكىدا ھاراق ئىچسە ھەم-
مەيلەننىڭ ئاغزى رومكىغا تېگىپ كېسەل يۇقتۇرۇۋالىدىغان-
دەكمۇ كۆرۈنىدۇ، ئەمما ھەممىمىز ئىسپىرتنىڭ دېزىنفېكسىيە-
لەش رولىنى ياخشى بىلىمىز. بىر توپ ئادەم دۈگىلەك ئولتۇ-
رۇپ ھاراق ئىچىۋاتقان، ناخشا ئېيتىۋاتقان، ھەر خىل يۇ-
مۇر، چاقچاقلارنى قىلىپ كۈلۈۋاتقان، بۇمۇ بەك كۆڭۈللۈك،
ئەگەر ئەڭ ئازاپلىق ئىشچۇ دەپ سورىسىڭىز...، مەن شىن-
جاڭدا تۇرغاندا تاياق يېمىدىم. پۈتكۈل «مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بى» مەزگىلىدە تەن جازاسىغا ئۇچرىمىدىم، ئاساسىي جەھەت-
تىن ئوتتۇرىغا تارتىپمۇ چىقىرىلمىدىم. ئەڭ ئازابلىنىدىغىنىم
ئۆمرۈمنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىل بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكىنى بول-
دى...دۆلىتىمىزمۇ ئۆز ئىستىقبالىنى كۆرەلمىدى.

شۇگىخۇي: ئۇنداقتا سىز شۇ يىللارغا، شۇ يىللاردىكى زى-
يالىيلارغا قانداق قارايسىز؟

ۋاڭ مېڭ: يىللارغا باھا بېرىش ناھايىتى مۇرەككەپ
ئىش. مېنىڭچە بۇمۇ بىرخىل كېيىنكى ئىنقىلابىي ئۇنۇم، يەنى
جۇڭگودا ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشى، ئىقلاب يۈز بەرسە ئادەم-
نىڭ ھەر قانداق ئىرادىسىگە بېقىنماي ئۆزگىرىدۇ، ئىنقىلاب
چوقۇم يۈز بېرەتتى. چۈنكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر
ئۆتكۈرلۈشۈپ شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدى بۇ ئىنقىلاب 1949 ـ
يىلىغا كەلگەندە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇۋەپپىقىيەت-
كە ئېرىشكەن ئىدى. بىراق ئىنقىلابتا ئىنېرتسىيە بار بولۇپ،
داۋاملىق، تەلتۆكۈس، ئاخىرغىچە ئىنقىلاب قىلىپ، يەنە كۆ-
رەش قىلىپ، كونا دۇنيانى تەلتۆكۈس پاچاقلاپ تاشلاش
كېرەك دەپ قارايتتى، مەن ئېيتقان بۇ ئاخىرقى ئىنقىلابىي
ئۇنۇم پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنقىلابلاردا بار بولسىمۇ، بىراق
جۇڭگودا ئالاھىدە گەۋدىلىكرەك ئىپادىلەندى. زىيالىي بولۇش
سۈپىتىدە مەنمۇ مۇشۇنداق ھېس قىلىمەن. جۇڭگودىكى زىيا-
لىيلارنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىش ،
ئىنقىلابقا قاتنىشىش ، شۇڭا، مەن بۇمۇ بىر جەريان دەپ
ئويلايمەن . جەمئىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە
زىيالىيلارنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى بولىدۇ. يېنىكلىك بىلەن ئىشە-
نىدۇ. بىراق ئۇلار مىخقا ئۇسۇۋېلىشى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچ-
رىشى مۇمكىن، بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسى.

شۇگىخۇي: ئۆزىڭىزچۇ؟

ۋاڭ مېڭ: شەخسەن مەنمۇ شۇنداق، مەن ئۆسمۈرلۈك
ۋاقتىمدىلا ئىنقىلابنى، كومپارتىيىنى، يېڭى جۇڭگونى تاللى-
غان، مېنىڭ باشقا يولنى تاللىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ھازىر يەنە ھاياتىمنى يېڭىۋاشتىن باشلاشقا توغرا كەلسە يەنىلا
مۇشۇ يولنى تاللايمەن، بىراق تەقدىرىمنىڭ يەنىلا ئوڭۇشلۇق
بولۇپ كېتىشى ناتايىن. سىز ئىنقىلابنى تاللىسىڭىز، ئىنقىلاب
سىزنى تاللايدۇ. بەزىدە سىز ئىنقىلابنى تاللىسىڭىز ئىنقىلاب
سىزنى تاللىماسلىقى مۇمكىن، ئىنقىلاب سىزنى تازا ئىنقىلابىي
ئەمەسكەن، ئىنقىلابىي جەھەتتە يېتەرلىك ئەمەسكەن دەپ
ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب سىزنىڭ ئەدىپىڭىزنى
بېرىدۇ، بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

شۇگىخۇي: دەۋر بىلەن شەخسىي ئىجادىيەت، دەۋرنىڭ ئۆز-
گىرىشىنى بېشىڭىزدىن كەچۈرۈش بىلەن سىزنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىيىتىڭىزنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ۋاڭ مېڭ: يازغۇچىلار ئىچىدىكى ھەرخىل ئادەملەرنىڭ
ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ، بەزى يازغۇچىلار ئاساسىي جەھەتتىن
سىرتقا چىقماي ئۆزىنىڭ كىتابخانىسىدىلا ئولتۇرۇپ يېزىقچى-
لىق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ
بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىڭىز
ناھايىتى ساپتەك ھېس قىلىسىز، ئۇنى ھەرقانداق دەۋرگە
قويسا بولىدۇ، بۇنداق يازغۇچىلارغا مەنمۇ ناھايىتى ھەۋەس
قىلىمەن. بىراق بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، يەنە بەزى
يازغۇچىلار بار، ئۇلار مۇشۇ دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەردىن بىر
خىل ئىلاجسىزلىقنى ۋە دەۋردىن يىراقلىشىش ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر ئۆزىنى مۇشۇ دەۋردىن قانچە يىراق
تۇتسا شۇنچە ياخشى دەيدىغان روھىي ھالەتتە بولىدۇ.
بۇلارنى ئالدىنقى سۇلالىگە سادىقلار دېگۈم كېلىدۇ. يەنى
ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى ، خۇش بولىدىغان
ھېچنېمىمىز قالمىدى دەپ ھېس قىلىدۇ. مەن بۇ خىل ياز-
غۇچىلارغا كىرمەيمەن، ئېھتىمال بۇ خىل يازغۇچىلار ھازىر يە-



نىلا ھۆكۈم سۈرۈۋاتسا كېرەك. مەنچۇ؟ مەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل مۇھىم مەسىلىلەر، داۋالغۇشلار، ئۆزگىرىشلەرگە ئاڭلىق ھالدا ئۆزۈم خالاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قاتنىشىپ كەلدىم، مەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتسام دەيدىغان بىر يازغۇچى.

شۇگخۇي: ئەمەلىيەتتە بىز سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدىن سىزنىڭ سىياسىيغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي، بەلكى قىزغىن بولۇپ كەلگەنلىكىڭىزنى، ئوپېراتسىيە قىلىش، كۆزىتىش ئىقتىدارىڭىزنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق.

ۋاڭ مېڭ: ئەمەلىيەتمۇ بار.

شۇگخۇي: مۇھىم ھالقا يەنىلا ئەمەلىيەت، قوپالراق ئېيتسام، سىزمۇ سىياسىي قايناملاردا تاسقىلىپ يۈردىڭىز.

ۋاڭ مېڭ: بۇ پاكىت، سىز خالاڭ ياكى خالىماڭ بۇ بىر پاكىت. شۇنداق ئىكەن، ماڭا نىسبەتەن، مېنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئىنتايىن زىچ.

شۇگخۇي: ئەگەر بىز سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزنى ھاياتىڭىزنىڭ بىر قىسمى، ئەمەلدار بولغانلىقىڭىزنى سىياسىي بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭىزنىڭ بىر قىسمى دېسەك، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

ۋاڭ مېڭ: بۇ ئىككىسى بەزىدە ئىناق ئۆتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تۇرمۇشقا ئۆزۈمنى ئېتىشىمدۇر. بەزىدە ئىختىلاپلارمۇ يۈز بەردى. مەسىلەن، ئەمەلدار بولغاندا بەزىدە يىغىنلارنى ناھايىتى كۆپ ئاچىدىغان گەپ. يىغىن كۆپ ئېچىلىپ كەتسە يىغىندىن كېيىن چېچىلىپ قالىمەن. بىراق بەزى يىغىنلارغا چوقۇم قاتنىشىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بەزىدە زېدىيەت يۈز بېرىپ قالىدۇ، مەن بولىدىلا ئەمەلدارلىقتىن يەنىلا بالدۇرراق چۈشۈپ كېتەي دەپ ھېس قىلدىم، ئۇنىڭدىن بالدۇرراق قول ئۈزۈپ يېزىقچىلىقىمنى قىلسام ماڭا بەك راھەت بىلىنىدۇ.

شۇگخۇي: ئەمەلدار بولۇشتا، باشقا كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن كەسپىي يېزىقچىلىق ئوخشىمايدۇ، زېدىيەتلىك، ئەمما روھىي ھالەت جەھەتتىن، ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي تەلپۈنۈشى ۋە دۇنيا قارىشى جەھەتتىن قارىغاندىچۇ؟

ۋاڭ مېڭ: بولۇپمۇ كېيىن مەن مىنىستىر بولغان ئۈچ يېرىم يىل ماڭا نىسبەتەن بىر ياخشى ئۆگىنىش جەريانى بولدى، چۈنكى جەمئىيەتنى ھەقىقىي چۈشىنەي دېسىڭىز، پەقەت بىر جەھەتتىكى تەجرىبىلەر ئازلىق قىلىدۇ، تەجرىبە قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. مېنىڭ ياش ۋاقتىمدا كادىر بولغان تەجرىبىلىرىم بار، كېيىن ئوڭچىل بولغان تەجرىبىلىرىم بار، شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان تەجرىبەم بار، «7- ماي» كادىرلار مەكتىپىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن بىرگە ئەمگەك قىلغان تەجرىبىلىرىم بار، ئەلۋەتتە مېنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى بولۇشۇم مېنىڭ يەنە يۇقىرى قاتلامدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان تەجرىبىلىرىمنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو جەمئىيىتى، جۇڭگودىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا كۆپ جەھەتتىن چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. بۇ ماڭا ناھايىتى پايدىلىق. بىراق بىر ئەمەلدار بىلەن بىر يازغۇچىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئوخشىمايدۇ، بۇ بىر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت.

شۇگخۇي: بىز مۇنداق چۈشەنسەك بولامدۇ، جۇڭگودا ئەدىب ئەمەل تۇتماسلىقى كېرەك، ياخشى بىر ئەمەلدارنىڭ ناھايىتى ياخشى ساپ بىر ئەدىب بولىشى قىيىن.

ۋاڭ مېڭ: بۇنى مەن بىر يولىلا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى جۇڭگودىكى ئەھۋاللار ئوخشىمايدۇ. تۈرلۈك ئىشلار بار، مەن پەقەت ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمايدۇ دېيەلەيمەن. بەلكىم بەزى ئادەملەر ئەمەلدار بولۇشقا ناھايىتى باپ كېلىشى مۇمكىن ياكى ياخشى ئىشلىشى مۇمكىن. بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتساق، ئەدىب بىلەن ئەمەلدار بۇ ئىككىسى ئىككى كەسىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى خىل كەسىپكە قويۇلغان تەلەپمۇ ئوخشىمايدۇ. كېلىشەلمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. ئەدىب ھېسسىياتچان بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، بىرەر ئېغىز بولسىمۇ ئىجادىي گەپ قىلسام دەيدۇ. ئەمەلدار ئۇنداق ئەمەس، ئىجادىي پاراڭلارنى قىلالمايدۇ، ئەمەلداردا پرىنسىپ ئۆلچەم بولىدۇ.

شۇگخۇي: سىز ئۆزىڭىزنى مەن يېڭى شەيئىلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن دەيسىز، مەن سىزنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق يېزىقچىلىق قىلىدىغانلىقىڭىزنى، ئاندىن تورغا چىقىدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم، راست شۇنداقمۇ، چۈنكى يېزىقچىلىق قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر كومپيۇتېرنى رەت قىلىدۇ.

ۋاڭ مېڭ: ھازىر كومپيۇتېر بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشنى رەت قىلىدىغان يازغۇچىلار ناھايىتى كۆپ، بەزىلەر ھەتتا كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە نەچچە ئاي تاشلاپ قويۇپ، ئاخىرى قايتۇرۇۋېتىپتىكەن. ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىنى مەن تامامەن

چۈشىنىمەن، ئۇلارنىڭ بۇ دېگىنى قەغەزنى ئالدىغا قويۇپ، قەلەم بىلەن يازسا، يېزىش داۋامىدا ئاجايىپ بىر خىل ھاياجانغا چۆمۈلىمىز دېگىنى، بۇنى مەنمۇ چۈشىنىمەن.

شۆگىخۇي: قاراڭ، كىتاب جاۋىنىڭىزدىكى بۇ ژۇرناللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇ ساپ ئەدەبىيات تىپىدىكى ژۇرناللارنىڭ تۇپلەپ لايىھىلىنىشى خېلىلا مۇنتىزىم، بازارغا يۈزلەنگەن ژۇرناللار مۇشۇنداق بولىدۇ(ناھايىتى كۆركەم). سىزنىڭچە پەقەت مۇشۇ كىتاب جاۋىنىڭىزدىن ئەدەبىياتتىكى ئىككى خىل خاھىشنى، ئەدەبىيلەشكەن ۋە بازارغا يۈزلەنگەن خاھىشنى چېلىقتۇرغىلى بولامدۇ؟

ۋاڭ مېڭ: بولىدۇ. بىراق مېنىڭچە بۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر- بىرىنى چەتكە قېقىش زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمەن، ئەڭ بولمىدى دېگەندە تەڭ ئورۇندا تۇرسا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار بازاردا ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى ئالتقۇرىدۇ دەپ قارىمايمەن. مەيلى ئىنتايىن ياخشى ئەدەبىي ئەسەر بولسۇن، خۇددى پاۋاروۋد بىردەر ئاممىباب ناخشىچى چولپاننىڭ رولىنى ئاتقۇرالمىغاندەك بىر - بىرىنىڭ رولىنى ئاتقۇرالمايدۇ، بىراق بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئاممىباب ناخشىچى چولپانمۇ پاۋارۇدنىڭ رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ.

شۆگىخۇي: باشقىلار سىزنى بازارلاشتۇرۇش خاھىشىغا ئىگە دەپ قارايدۇ، سىزنىڭچە بۇ باھا ئادىلمۇ؟

ۋاڭ مېڭ: مېنى بازارلاشتۇرۇش خاھىشىغا ئىگە دەمدىكەن؟ مەندە شۇنداق بازارغا يۈزلىنىش خاھىشى بولسا ياخشى بولاتتى، چۈنكى مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئەزەلدىن كۆڭۈلدىكىدەك بازار ئۈنۈمگە ئىگە بولالمىدى.

شۆگىخۇي: ئۇنداقتا سىزنىڭ بەزى ياش يازغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزدىن ، ئۇلارغا بەرگەن باھالىرىڭىزدىن باشقىلار سىزنى ئەڭ بولمىدى دېگەندە بۇ خىل بازارغا يۈزلىنىشكە قارشى تۇرمايدۇ دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن.

ۋاڭ مېڭ: توغرا مەن قارشى تۇرمايمەن ، باشقىلار خاتا دېمىگەن تەقدىردىمۇ مېنىڭ قىلغىنىمنىڭ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرى سودا جەھەتتە ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ھە دېگەندىلا مىڭ نۇسخا، نەچچە مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. مەن بۇنداق قىلالمايمەن. مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئادەتتە 20 ـ10 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. 20 مىڭ نۇسخا دېگەن بازارغا يۈزلىنىشكە نىسبەتەن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، بىراق ئادەتتىكى مۇنتىزىم ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا يەنە خېلى بولىدۇ. جۇڭگودىكى بىر مىليارد 200 مىليون ئادەمگە 20 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى دېسە، بۇ نىسبەتەن بەكلا كىچىك. بىراق سىز ھەممە ئادەم مېنىڭ كىتابىمنى كۆرۈشى كېرەك دەپ تەلەپ قىلمايسىز-دە! مېنىڭ كىتابىم پاي چېكى ئويناشقا، جورا تاللاشقا يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. ئۇنداق كۆپ ئەمەلىي قىممەتكىمۇ ئىگە ئەمەس.

شۆگىخۇي: كىتابلىرىڭىزنىڭ كىشىلەرگە نېمىلەرنى بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىسىز؟

ۋاڭ مېڭ: كىشىلەر ئەسەرلىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كاللىسىدا كىشىلىك ھاياتقا قارىتا تەپەككۇر ۋە تەسىرات ئويغاتسا، ئۇنى يۈكسەلدۈرسە، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى، ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشالىسا تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. بۇنى ئۇلار كۆرگەندىن كېيىن بىر يىل تەلپۈنۈش تۇيغۇسىدا بولسا ياكى بىر خىل ئەسەبىي تۇيغۇغا كەلسە ۋە ياكى بىر خىل نائىلاج ھېس قىلسا مەنمۇ مەقسىتىمگە يەتكەن بولىمەن.

شۆگىخۇي: گەرچە سىز يازغۇچىلار ئىچىدە پېشقەدەم يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان بولسىڭىزمۇ، بىراق سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدىن بىر خىل ياشلىق باھار ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئەڭ بۇرۇنقى «تەشكىلات بۆلۈمگە كەلگەن ياش»، «ياشىسۇن ياشلىق» دىن تاكى ھازىرقى «پەسىل» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدە ياشلىق باھارنى كۈيلەيدىغان ئاساسىي روھ جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

ۋاڭ مېڭ: شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بىراق ھازىرقى ئەسەرلىرىم بىلەن ياشلىق باھارنى مەدھىيىلەش ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەتتا تېخىمۇ كۆپرەكى بىر خىل ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش تۇيغۇسىنىڭ بارلىقى، بۇنداق زور ئۆزگىرىشلەرنى ياشلار بېشىدىن ئۆتكۈزمىدى. گەرچە نېمىلا دېمىگەن بىلەن مەن بۇرۇنقىدىن ئەلۋەتتە قېرىپ قالدىم، بىراق ئەمدى 60 نەچچە ياشقا كىردىم، تېخى 70 كە بارمىدىم. ئەمما مەن جەمئىيەتنىڭ شۇنچە كۆپ ئېگىز-پەسلىكلىرىنى، ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلىرىنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئىشتىن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىمەن. ھازىر شەھەر مەنزىرىلىرىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، ئادەملەرنىڭ ھەۋىسى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، قىزىقىشلىرىمۇ ئوخشىماي قالدى. بىز ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئەڭ ھەۋەس قىلغان نەرسىلەردە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قىزىقىشى ناتايىن.

شۆگىخۇي: سىزنىڭ ئالەمشۇمۇل تۇيغۇلىرىڭىز ياشلاردا يوق، بىراق سىزنىڭ ئاشۇ ياشلىق باھارىڭىز ئەمەلىيەتتە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈش بىلەنلا يوقاپ كەتمەيدۇ، دەپ ھېس قىلىمەن.

ۋاڭ مېڭ: مەن بۇلاردا مېنىڭ تۇرمۇشقا بولغان بىر خىل قىزغىنلىقىم، بىر خىل ھەۋىسىم، ئېگىلمەس سۇنماس خۇشاللىقىم بار دەپ ئويلايمەن.

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى (ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تەرجىمە تەھرىر باشقارمىسىدا)



ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ھەققىدە

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تەجرىبىلەر داۋامىدا ئالغان بىلىمىنىڭ يىغىندىسى» دۇر دېگەن ئىدى.

لۇشۈن خەلق ئاممىسىنى «خەت تونۇمايدىغان يازغۇچىلار» دەپ تولىمۇ جايىدا تەبىر بەرگەنىدى. باشلانغۇچ جەمئىيەت باسقۇچىدا تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەچكە خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇشى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولغان قوشاقلار، ئەپسانە رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر، مەسەللەر، ئاتىلار سۆزلىرى، داستانلار ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلاتتى.

ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، بىر-بىرىگە مۇناسىپ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئىلغار نامايەندىلىرىدە خەلقنىڭ چۆچەك، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىنىڭ ماۋزۇ، ئىدىيە، ئوبرازلىرى شۇنداقلا ئەسەر تىلىنىڭ پوئېتىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

11 ـ ئەسىرنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى نەمۇنىلىرى بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كە 240 پارچىدىن ئارتۇق قوشاق، 300 پارچىدىن ئارتۇق ماقال-تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نى قايسى ئۇسۇل بىلەن يازغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ «...مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال-تەمسىللەر، بېيىت-قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم..» دېگەن.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىدىن«دىۋان» دا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ قانچىلىك رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم مارتىن ھارتمان1915 ـ يىلى ئېلان قىلغان« ‹دىۋان› غا دائىر بىر قانچە مۇلاھىزە — ‹دىۋان› نىڭ بىرىنچى تومغا باھا» ناملىق ماقالىسىدا ‹دىۋان›خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ توپلىمىدۇر» دېگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە خاس سيۇژېت، موتىف ۋە ئوبرازلار داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى پادىشاھنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئۇچرايدىغان ئەقىدە ـ ئۆگۈتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان. پادىشاھلارنىڭ ئالىيجاناب، ئادىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ھەممە خەلق چۆچەكلىرىگە خاس بولغان ئورتاق خۇسۇسىيەت.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ناۋائى، خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە موللا بىلال نازىمى قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن تىل، سيۇژېت، ئوبراز ۋە شېئىرىي شەكىللەردىن پايدىلانغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نەۋايى، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىقلار خەلق قىسسىلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان «پەرھاد ـشېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن» قاتارلىق داستانلار خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ خەلق داستانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىشىدە غايەت زور رول ئويناپ، خەلق ئالقىشلايدىغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ

مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولماقتا. خەلق قوشاقلىرى هازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزگە ئاساس يارىتىپ بەرگىنىگە ئوخشاش قەدىمكى رىۋايەت-چۆچەكلەردىن، قىسسىلەردىن هېكايە، رومانلار، خەلق لەپەرلىرىدىن سەهنە ئەسەرلىرى بارلىققا كەلمەكتە.

ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوف: «خەلق قوشاقلىرى خۇددى بىلەيگە ئوخشايدۇ، خەلق قوشاقلىرىنى قانچە كۆپ ئۆگەنسەك ۋە يادلىساق، بىزنىڭ شېئىرىي تىلىمىز شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە راۋان ۋە گۈزەل بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىجادىي هاياتىدا باشتىن-ئاياغ مۇشۇ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭ «تۈگىمەس ناخشا»، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى› ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» قاتارلىق بىر مۇنچە شېئىرلىرى خۇددى خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاشلا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق فولكلورىنى قېتىرقىنىپ ياخشى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرەلىگەن يازغۇچى-شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا، قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. مەسىلەن، ئاتاقلىق شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا هەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانى، ئىقتىدارلىق يازغۇچىمىز مەمتىمىن هوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەهەر» ناملىق رومانى ئەنە شۇنداق خەلق فولكلورىنى ئۆرنەك قىلىپ، خەلق ئىجادىيىتىدىكى سۈژىت ۋە ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان نادىر ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي: «ئالېكسىي پۇشكىننىڭ ئۇلۇغ رۇس مىللىي شائىرى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ناهايىتى پۇختا ئۆگەنگەنلىكىدىن» دېگەن ئىدى.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى خەلقىمىز بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان داڭلىق يازغۇچى-شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى خەلق فولكلورىدىن جانلىق پايدىلىنىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەهەتتىن بېيىتتى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغان سىمۋول، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، مېتافورا، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش... قاتارلىق هەرخىل ئىستىلىستىك ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي تۇرمۇش ئالاهىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئوقۇرمەنلەردە بەدىئىي زوق قوزغايدىغان ئەسەرلەرنى ياراتتى.

پېشقەدەم شائىر مۇهەممەد رېھىم ۋە خەلق سۆيەر شائىرلىرىمىز روزى سايىت، مۇهەممەدجان راشىدىنلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئىچىگە تېز تارقىلىپ، خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇشى ئۇلارنىڭ خەلق فولكلورىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە جانلىق ئىشلىتىپ، ئىجادىي پايدىلانغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى، يازما ئەدەبىيات خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى، شەكلى ۋە موتىفلىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا پەيدا بولغان.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلق تۇرمۇشىنىڭ، تارىخىنىڭ، جەمئىيىتىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. ئۇ يالغۇز ئەدەبىي قىممەتكىلا ئىگە بولۇپ قالماي، يەنە تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق قاتارلىق جەهەتلەردىمۇ زور قىممەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان هەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، مەملىكىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن دۇنيانىڭ ئىجادىيەت مۇنبىرىدە چاقناپ تۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشىمىز لازىم.

ئاپتور: خەلق نەشرىياتىنىڭ پېنسىيونېرى

**هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**
**تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق سانلىرىدىن 2007-يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق .**
**سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز .**
**يەككە باهاسى : 40يۈەن**

**تېلىفون: 4554017 - 0991**



# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىش

# بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز

ئىسهاق باستى

مەلۇمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرى تولا، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردىكى جاپالىق ئەمگىكى، ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ يېڭىلىق ياراتقان. ئۇلار ئەنە شۇنداق بىر قانچە دەۋرلەر جەريانىدا توپلىغان مول تەجرىبىلىرىنى ئىخچام، جانلىق ماقال ـ تەمسىل سۈپىتىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرغان. ھەر قايسى جايلاردىكى يۇرت ئاقساقاللىرى، ئاتىلار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى بېرىش ـ كېلىش، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، جېدەل ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ نەسىھەت قىلغاندا، كۆپ سۆزنىڭ ئورنىغا بىر ـ ئىككى ماقال ـ تەمسىلنى تىلغا ئېلىپ كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، مەسىلىنى ئوڭايلا بىر ياقلىق قىلىۋېتىدۇ. بۇ ساھەدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماقال ـ تەمسىل ۋە ئاتىلار سۆزلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىمىز — ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئەينەن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا قىممەتلىك بايلىقىمىز سۈپىتىدە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچى ئەدىبلىرىمىز بۇ ساھەدە كۆپ ئىزدىنىپ، جاپالىق ئىشلەپ خەلق ئىچىدىن يىغىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن تارىخىي بايلىقلىرىمىزنى قېزىپ، رەتلەپ، رەسمىي كىتاب قىلىپ قالدۇردى. بۇلار خەلقىمىزنىڭ، ياشلىرىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىش، مەدھىيىلىرىگە نائىل بولدى.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەككى، مۇبادا بىر يازغۇچى، ئەدىب نۇرغۇن جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ۋەقەلىك سۇژېت تېپىپ، رومان، پوۋېست، ھېكايە يېزىپ چىققان بولسا بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ھوقۇقلۇق ئەمگەك مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. بىزمۇ بۇ ئەسەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقى، ۋەقەلىكنىڭ قانداقلىقى بىلەن ئىنچىكىلەپ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمىز.

بىراق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان داستان، قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەرگە نىسبەتەن بۇنداق پوزىتسىيىدە بولساق، زىنھار بولمايدۇ. چۈنكى بۇ قايسى بىر ئەدىب ـ يازغۇچىنىڭ ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئىكەن ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەينەن، توغرا قالدۇرۇشىمىزغا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆزىمىز خالىغىنىمىزچە، قىياسىمىزچە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى پۇچەكلەشتۈرۈشىمىزگە يول قويۇلمايدۇ.

مەن «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ناملىق كىتابنى بىرقانچە قېتىم تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىش، سۆزمۇسۆز سېلىشتۇرۇش ۋە ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، بەزىبىر خاتالىق، يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىگە پايدىلىق بولار دەپ قارايمەن. مەن يۇقىرىقى كىتابتىن تۆۋەندىكىچە تۆت جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ يەتتىم.

1. باشقا مىللەتلەردىن كىرگەن ماقال ـ تەمسىللەر

2. ماقال ـ تەمسىلگە ياتمايدىغان ئىبارە، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى

3. مەنىسى خاتا ئېلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر.

4. چالا ئېلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر .

كىيىمىزنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق .

1. باشقا مىللەتلەردىن كىرگەن ماقال-تەمسىللەر (بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز بۇ ماقال-تەمسىللەر بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا زادى يوق ، پەقەت ئاپتور تەرىپىدىن زورمۇزور كىتابقا كىرگۈزۈلگەن).

1).بۇ كىتاب 21 ـ بەت: «توخۇنى ئۆلتۈرمىگىچە، يولۋاسنى قورقۇتقىلى بولماس»

بۇ خەنزۇچە (杀鸡吓猴)

2) 22 ـ بەت: «يولۋاس بالىسىنى تۇتىمەن دېسەڭ، يولۋاس ئۇۋىسىغا كىر»

بۇ خەنزۇچە (不入虎穴焉得虎子)

بۇنى ئۇيغۇرچە: «جېنىدىن كەچمىگىچە، جانانغا يەتمەس» دەپ ئالىمىز.

3) 32 ـ بەت: «ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ»

بۇنى خەنزۇچە(明哲保身)

4) 61 ـ بەت: «كۈنلۈك ئىشنى سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىشنى باھاردىن»

بۇنى خەنزۇچە(一天之际在于晨,一年之际在于春)

بۇنى ئۇيغۇرچە:«كۈندىن قالدىڭ ئايدىن قالدىڭ، ئايدىن قالدىڭ يىلدىن قالدىڭ» دەپ ئالساقمۇ بولىدۇ.

5) 92 ـ بەت: «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت بولسا ئادەمدە»

بۇنى خەنزۇچە (天下无难事, 只怕有心人)

6) 103 ـ بەت«دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق»

بۇنى خەنزۇچە(福无双至, 祸不单行)

7) 106 ـ بەت: «ئادەم قېرىسا كۆڭلى قېرىماس،سۆگەت قېرىسا يىلتىزى»

بۇنى خەنزۇچە(人老心不老, 树老根不老)

8) 225 ـ بەت:ئوت قويسا ئامبال يوق سوراق، پۇقرا ياقالمايدۇ چىراغ»

بۇ خەنزۇچە (只许州官放火, 不许百姓点灯)

9) 296 ـ بەت «تېرە بولمىسا تۈك نەدىن چىقىدۇ»

بۇنى خەنزۇچە (皮之不存, 毛将焉附)

ئۇيغۇرچىدا: «ئېشىمدا يوق پۇرچاق، تېزىكىمدە نېمە قىلىدۇ»

10) 74 ـ بەت «ھەيدىگىنىڭ ئالتە ئۆچكە ، ھۇشت ـ ھۇشتۇڭ ئالەمنى ئالدى»

11) 197 ـ بەت «چاقىرىلمىغان مېھمان، قېرى قىزدىن يامان»، ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا رۇسلارمۇ بۇنى «چاقىرىلمىغان مېھمان تاتاردىن يامان» دەپ ئىشلىتىۋاتىدۇ.

بۇ پۈتۈنلەي خاتا. بىر مىللەتنى يامانغا چىقىرىش ـ چوڭ شوۋىنىزىملىق ئىدىيە بولمامدۇ؟ بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ياخشىمۇ ـ يامانمۇ بولىدىغۇ؟

بۇ يەردىكى «تاتارىنا» دېگەن سۆز تىكەنلىك، يېپىشقاق بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ(يەنى بىزچە قېرىقىز گۈلى) ھېچقاچان تاتار مىللىتىنى كۆرسەتمەيدۇ.

2. ماقال ـ تەمسىلگە ياتمايدىغان سۆزلەر

بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئوخشىتىش ، مەسخىرە قىلىش شەكلىنى ئالغان تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلەر بولۇپ ، بۇلار ماقال ـ تەمسىل دائىرىسىگە كىرمەيدۇ . مەسىلەن :

1) 23 ـ بەت:«ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپتۇ»

2) 33 ـ بەت :« داپ داراڭلىغان ئېشەك ھاڭرىغان»

3) 34 ـ بەت: «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ»

4) 47 ـ بەت:«كىشىنىڭ جوۋىسىدا تەرلەپتۇ»

5) 60 ـ بەت «دىم غەنىيمەت ، دىدار غەنىيمەت»

6) 65 ـ بەت «بۆرۈتىنى يىكەندە ئاپتۇ، بۆكىگە جىگدە ساپتۇ»

7) 67 ـ بەت « سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم »

8) 89 ـ بەت «بۇ ئالەم ــ ئۈزۈن ئالەم »

9) 132 ـ بەت «تىنچلىق ئەۋزەل»

10) 227 ـ بەت «تەگشەلمىگەن ئالەم »

11) 141 ـ بەت «بېشى قايغان، پۇتى تايغان»

3. خاتا ئېلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر

ماقال ـ تەمسىللەر توغرا ئېلىنسا ئاڭلىغۇچىغا ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ ئوچۇق مەنە بېرىدۇ ، ئاڭلىغۇچىمۇ بۇنى دەرھال ئەستە تۇتۇپ قالالايدۇ .

بۇنىڭدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەزىسىدە قىسمەن خاتالىقلار بار (بەلكىم ئىملاخاتاسىدۇر ) ۋە يەنە بەزىلىرى پۈتۈنلەي مەزمۇندىن يىراقلاشقان بولۇپ ، ھېچقانداق تەربىيە ئەھمىيتى يوق ، سۆزنىڭ نىشان مەقسىتىمۇ ئېنىق ئەمەس، بۇ پەقەت كىتاب يۈزىگە چىقىش جەريانىدا ئاپتور ياخشى ئىگىلىيەلمىگەن، خاتا كۆچۈرۈپ ئالغان .

1) 2 ـ بەتتىكى « يۇرت ئىشىكى كەڭ » بۇ بەلكىم ئىملا خاتاسى بولۇشى مۇمكىن، يۇرتنىڭ ئېتىكى بولىدۇ. بىراق يۇرتنىڭ ئىشىكى بولمايدۇ، (مەسىلەن: تەگىرتاغ ئېتەكلىرىدە)، توغرىسى: «يۇرت ئېتىكى كەڭ»

2) 6 ـ بەتتىكى «بىر ئىت قاۋىسا، ھەممە ئىت تەڭ قاۋاپتۇ » بۇنىڭدا چوڭ خاتالىق يوق، بىراق نەق مەنە ئاڭلىتالمىغان، بۇ تەمسىل باشقىلارغا ئەگىشىپ شۇلار نېمىنى دېسە شۇنى دەيدىغان ئادەملەرگە قارىتىلغان .

توغرىسى: «بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا، قالغانلىرى كۆرمەي قاۋار»

3) 16 ـ بەتتىكى«يېغى ياندىن قوپار، دۈشمەن تاپاندىن» بۇنىڭدا مەزمۇن خاتالىقى بار. بۇ تەمسىلدە ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بىۋاپالىقى، يۈزسىزلىكىنى قامچىلايدۇ. توغرىسى : يېغى ياندىن قوپار ، بالا كەلسە قېرىنداشتىن.

4) 39 ـ بەتتىكى «قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، پۇتى بىلەن قونىدۇ». بۇنىڭدا لوگىكىلىق خاتالىق بار. قۇش پۇتى بىلەن قونمايدۇ، بەلكى ماڭىدۇ. ئالايلى قۇش ئاسمانغا قانىتى بىلەن ئۇچۇپ ، ئۇياق ـ بۇياققا ئايلىنىشتا ، يەرگە چۈشۈشتە قۇيرۇقى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. (ئايروپىلان دەل مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە كەشىپ قىلىنغان) .

توغرىسى: «قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونار»

5) 45 ـ بەتتىكى «ئىت مۈشۈكنى بۇيرۇسا، مۈشۈك قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ». ئىت مۈشۈكنى بىر ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، بەلكى مۈشۈكنى كۆرسە تالايدۇ .

توغرىسى: «ئىت ئىتنى بۇيرۇسا ، ئىت قوپۇپ قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ»

6) 48 ـ بەتتىكى «مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى، ئىشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى». بۇ ماقالدا، بۇ ئادەم تېخى سەپەرگە چىقىپ بولمىغان ، شۇڭلاشقا «كەتكىلى ئالدىرايمەن» دەيدۇ. مەنىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەم ئېشەك بىلەن يولغا چىقىپ بولغان ، ئۇزۇن يول ماڭغاندىن كېيىن ئېشەك ھېرىپ ياتقىلى ئالدىرىسا، ئىگىسى مەنزىلگە يەتكىلى ئالدىرايدۇ .

توغرىسى: «مەن ئالدىرايمەن يەتكىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى»

7) 51 ـ بەتتىكى « ئۇچاڭ قىچىشسا ، تۈگمەنگە بار » بۇ تەمسىل توغرا ئەمەس، دۈمبىسى قىچىشقان ئادەم تۈگمەندە نېمە قىلىدۇ ؟

توغرىسى: « دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەك تۈگمەنگە بارار » چۈنكى تۈگمەندىن ئۇن تارتىپ بولغان ئادەملەر تەييار ئېشەككە يۈك ئارتىپ كېلىدۇ .

8) 55 ـ بەتتىكى « ئېرىقنى ئويۇپ چاپ ، سۇنى ئويناپ تۇت » بۇنىڭدا ئانچە چوڭ پەرق يوق . ئەسلىي ئاتىلىشى : «يىغلاپ تۇرۇپ ئېرىق چاپساڭ ، كۈلۈپ تۇرۇپ سۇ تۇتارسەن»

9) 85 ـ بەتتىكى «ئىتنىڭ چىشلىگىنى ھارمۇ؟ ئېشەكنىڭ تەپكىنىمۇ؟ » بۇ يەردە چوڭ سېلىشتۇرما بار. ئىت بىلەن ئېشەكنى قانداق سېلىشتۇرىدۇ؟

توغرىسى: « ئاتنىڭ تەپكىنى ھار ئەمەس ، ئېشەكنىڭ تەپكىنى ھار »، ئۇيغۇرلار ئاتنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ ئېشەككە سېلىشتۇرغاندا، ھەم كۈچتۈگۈر، ھەم ئەقىللىق ئۇلاغ. «ئەر قانىتى ـ ئات» دەپ بىكار ئېيتمىغان. بەزىبىر ئەقىلسىز ئادەملەرنى « دۆت ئېشەك » دەپ تىللايدۇ. شۇڭا ئات، ئېشەكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى : ئۆزۈڭدىن چوڭ ئاتىلار، ئۇستازلار، ئادەملەر ساڭا تەنبىھ بەرسە، سېنى كايىسا ھېچنەرسە بولمايسەن. ئۆزۈڭدىن كىچىك ، ئۆزۈڭدىن تۆۋەن ئادەملەر سېنى كايىپ ساڭا تەنبىھ بەرسە، بەكمۇ ھار كېلىدۇ.

10) 87 ـ بەتتىكى «ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر، تېڭىرقىماڭ تاڭلا كېلەر». بۇنىڭدىن ھېچنەرسە چۈشەنگىلى بولمايدۇ ، زادى ئاستا كېلىدىغان ، تاڭنا كېلىدىغان نېمە ئۇ؟ ئادەممۇ؟ ئاپەتمۇ؟ ئامەتمۇ؟ بۇنى ئاپتور ئۆزى چۈشەنمەستىنلا چالا ئاڭلىۋالغان گەپ بويىچە يازغان . بۇ ماقال ئىنتايىن خاتا ئېلىنغاندىن سىرت ھېچقانداق تەربىيىۋى مەنا بەرمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق «تېڭىرقىماڭ » سۆزى بولسا، يەنە بىر خاتالىق — سۆزلەر ئورۇن ئالمىشىپ كەتكەن. ئەسلىي دېمەكچى بولغان مۇددىئاسى مۇنداق: ئۇيغۇرلاردا «تېنىقاش» دېگەن بىر سۆز بار. بۇ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ كۈلۈش دېمەكتۇر. مەسىلەن، «پالانچىنىڭ بالىسى ئاق چېكىپ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ »، «پوكۇنچىنىڭ قىزى ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇغۇپ قويۇپتۇ» دېگەن سۆزلەرنى قىلغاندا، ياشانغانلار قوپۇپ: « ھەي ! ئۇنداق خەققە تېنىقىماڭلار » دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. بۇ «باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقماڭلار» دېگىنى، شۇڭا «خەققە تېنىقما تاڭنا (ئەرتە) ئۆزۈڭگە كېلىدۇ. ئەتە كەلمىسە ئالدىرىما ئاستا كېلىدۇ » دېگەن تەربىيە سۆزىدىن ئېلىنغان.

توغرىسى: « تېنىقىماڭ تاڭنا كېلەر، ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر»

11) 96 ـ بەتتىكى «ئاتىقى چىقمىغان ئەردىن، ئوت ـ چۆپى يوق دۆڭ ياخشى». بۇمۇ دەل بىر ـ بىرىگە قارشى گەپ، ئاتىقى چىقمىغان ئەردىن قانداق قىلىپ قاقاس دۆڭ ياخشى بولىدۇ ؟

2008 . 2

توغرىسى: «ئاتتىقى چىقمىغان ئەردىن ئاتتىقى چىققان دۆڭ ياخشى»

12) 108 ـ بەتتىكى «مەنمۇ چوڭ بولارمەن، تامغا تېزەك ياقارمەن». ياز كۈنلىرى كالىنىڭ تېزىكىنى لاي قىلىپ تامغا چاپلاپ قۇرىغاندىن كېيىن ئۇچاققا ئوتۇن ئورنىدا قالايدۇ. ئۇنداق ئىكەن چوڭ بولغان ئادەم تېزەك ياقامدۇ؟ كىم ياقىدۇ؟ بۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ مەزمۇن خاتالىقى بار. پەقەت كالىسى بار ئادەم (كۆپىنچە ئاياللار) تېزەك ياقىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى مەنمۇ بىر كۈنلىرى سېغىن كالىغا ئىگە بولارمەن دېگىنى.

توغرىسى«مەنمۇ كالا باقارمەن، تامغا تېزەك ياقارمەن».

13) 123 ـ بەتتىكى «گەپ ۋاقتىدا ياخشى، كاۋاپ زىخىدا»

توغرىسى: «گەپ يۈزدە ياخشى، كاۋاپ زىخىدا». بۇ يەردە «يۈز تۇرانە» بىلەن« ۋاقتىدا» نىڭ پەرقى زور.

14) 135 ـ بەتتىكى «ئايدا ئوتاق بولالماپتۇ، يىلدا قوشنا »، بۇنىڭمۇ مەنىسى خۇنۇك، سۆزلەر ئالمىشىپ كەتكەن، ئوتاقچىلىق دېگىنىمىز، ئىككى دېھقان ئائىلە ئەتىيازدىن تارتىپ تا كۈزگىچە بىر پارچە يەرگە تەڭ ئىشلەپ، تەڭ مەبلەغ سېلىپ، ئاخىرىدا ھوسۇلنى تەڭ بۆلۈشۈپ ئالىدۇ. بۇ يەردىكى مەنىسى: بىر قورۇدا ئىككى ئائىلە بىر نەچچە ئاي چىقىشىپ ئولتۇرالمىسا، قانداقمۇ بىر ياز ئوتاقچى بولالايدۇ.

توغرىسى: «ئايدا قوشنا بولالمىغان يىلدا ئوتاقچى بولالماس».

15) 141 ـ بەتتىكى «بۆرە قېرىسا ئىتلىقى بار». ھەممىگە مەلۇم، بۆرە ئىتتىنمۇ بەتتەر ۋەھشىي ھايۋان. ئۇ ياش بولسۇن، قېرى بولسۇن، تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، بۆرە قېرىپ ئىتقا ئوخشاپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ ياۋاش بولۇپ قالغىنى بولامدۇ؟

توغرىسى :«بۆرە قېرىسا قويلۇقى قالماس، جوۋان قېرىسا تويلۇقى». بۆرە ھەر قانچە قېرىپ كەتسىمۇ قويىنى تۇتۇپ يەۋېرىدۇ. قېرىپ قالغان تۇل جوۋانلار ئەرگە تەگسە يەنىلا تويلۇق سالىدۇ، دېمەكچى.

16) 155 ـ بەتتىكى «ياخشى ئۆرۈشسا بەرگىلى نەرسە تاپالماس، يامان ئۆرۈشسا ئالغىلى»، بۇ تولىمۇ مەنىسىز كۆلكىلىك گەپ بولدى. ياخشى ئادەم ئادەتتە كىشىلەر بىلەن ئۆرۈشمايدۇ، تاسادىپىي ئۆرۈشۈپ قالغان ھالەتتىمۇ قارشى تەرەپكە بىر نەرسە بېرىدىغان قىپقىزىل سارائمۇ؟

بۇنىڭ ئەسلى مەنىسى مۇنداق : ئىككى ئادەم بىر-بىرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشۈپ يېقىن قەدىناس ئاغىنە بولغان ۋاقىتلاردا، بىر ـ بىرىگە بېرىدىغان، سوۋغا قىلىدىغان نەرسە تاپالمايدۇ، مۇبادا ئۇلار ئارىسىغا زىددىيەت چۈشۈپ يامانلىشىپ قالسا، بەرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا تىرىشىدۇ .

توغرىسى:«ياخشى ئۆتۈشسە بەرگىلى نەرسە تاپالماس، يامانلىشىپ قالسا ئالغىلى ».

17) 188 ـ بەتتىكى « ئىككى يەڭگە ئەپ ئەمەس، ئۆپكە ـ قېرىن گۆش». بۇنى تولىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن ، ئاپتور سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىنلا قارىسىغا يازغان. بىر ئائىلىدىكى يەڭگىلەر بەزىدە ئىككى، ئۈچ ھەتتا تۆتمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاكا ـ ئىنىنىڭ ئاياللىرىنى« ئىپى يەڭگە » دەپ ئاتايدۇ .

توغرىسى : « ئىپى يەڭگە ئەپ ئەمەس ، ئۆپكە ـ قېرىن ئاش »

18) 191 ـ بەتتىكى «يىراقتا بولسا ئىزدىشىدۇ، يېقىندا بولسا چېقىلىشىدۇ». بۇ يەردە ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئاتقا تەقلىد قىلغان، ئاتلا يىراقتا بولسا ، بىر ـ بىرىنى سېغىنىپ كىشنىشىدۇ، يېقىندا بولسا چىشلىشىدۇ .

توغرىسى: «يىراقتا بولسا كىشنىشىدۇ، يېقىندا بولسا چىشلىشىدۇ»

19) 213 ـ بەتتىكى « كەڭ كىيىم سۆرۈلۈپ يىرتىلار ، تار كىيىم تارتىشىپ ». بۇ يەردە دېمەكچى بولغان مەقسەت كىيىم تىككەندە سەل كەڭ ئۆلچە دېمەكچى ، كەڭ كىيىم ئاسان يىرتىلمايدۇ .

توغرىسى: «كەڭ كىيىم كېڭشىپ يىرتىلار، تار كىيىم تارتىشىپ»

20) 220 ـ بەتتىكى « دېسە لەت ، دېمىسە دەرد » بىر گەپنى دېسە نېمىگە لەت بولىدۇ ؟

ئەسلىدە : قېرىنداشلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرسە، سۆز ـ چۆچەك چىقىپ، مەسىلە تېخىمۇ چىگىگە چىقىدۇ، دېمەي قويسا ئىچىگە دەرد بولىدۇ .

توغرىسى: «دېسە گەپ ، دېمىسە دەرد»

21) 228 ـ بەتتىكى «ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا ، توۋىقى سىرقىرار». ماقال ـ تەمسىللەر ئىچىدە، مەنىسىدىن يىراقلاپ خاتا ئېلىنغىنى مۇشۇ. ھەتتا خېلى نام ئاتتىقى بار يازغۇچىلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇشۇنداق ئىشلىتىپ كەلدى. بۇنىڭغا ھېچكىم چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى . ئۇي

MIRAS

دېگىنىمىز كالا، كالىنىڭ مۈڭگۈزى ئەڭ سەزگۈر ئەزا. ئەگەر كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، ئۇنىڭ تۇۋۇقى ئەمەس، يۈرەك باغرىمۇ تەڭ ئاغرىيدۇ. بۇ تەمسىلدىن نېمە مەنە چىقتى ؟مەسىلەن، بىر قوتاننىڭ ئىچىدە 20 ـ 30، ياكى 30 ـ 40 كالا بولسا، كىلىپ بىرسىنىڭ مۈڭگۈزىگە قاتتىق ئۇرسا، قالغان كالىلار قورقۇشۇپ تۇيىقى سىرقىرايدۇ. كۆچمە مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش، يۇرتداشلار ئارىسىدا بىرسىنىڭ بېشىغا پېشكەللىك كەلسە، باشقىلىرىمۇ ئازابلىنىپ ھېسداشلىق قىلىپ ئازاپلىنىدۇ، دېمەكچى.

توغرىسى: «بىر ئۆينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، مىڭ ئۆينىڭ تۇيىقى سىرقىرار»

22) 293 ـ بەتتىكى «بايىنىڭ پۇلى ، ئوچاقنىڭ كۈلى». بۇ پەقەتلا ئەمەلىيەتكە ، مەنتىقىگە سىغمايدۇ.«ئوچاقنىڭ كۈلى» دېگىنى پۇلنى خۇددى كۈلدەك سورۇپ چاچىدۇ دېگىنى، باي بولغان ئادەم پۇلنى كۈلدەك سورۇۋەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ پۇلنى سورۇۋەتسە قانداقمۇ باي بولالايدۇ؟

توغرىسى: «قىمارۋازنىڭ پۇلى — ئوچاقنىڭ كۈلى». چۈنكى قىمارۋاز بىر كېچىدە نۇرغۇن ئوتتۇۋالسىمۇ، ئۇ يەنە شۇنداق ئوتتۇرىدۇ، بۇزۇپ ـچېچىپ خەجلەيدۇ، ئاخىرىدا يەنىلا يالاڭتۆش بولۇپ يۈرىيدۇ.

23) 162 ـ بەتتىكى«ئالغۇچى ئارسلان، بەرگۈچى چاشقان »

بۇ يەردە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىر-بىرىدىن ئۆتنە يېرىم قىلىش، قەرز ئېلىشتەك ئىشلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. «قەرز ئالغۇچى ئارسلان ـ قەرز بەرگۈچى چاشقان» دېسەك، قانداقمۇ لوگىكىغا توغرا كېلىدۇ؟ بىراق ئادەملەر ئوخشاش بولسىمۇ، بەزى ئادەملەر بىرەر نەرسىنى ئۆتنە قەرز ئالغىچە ئارسلاندەك مېيدىسىگە ئۇرۇپ ئالسىمۇ، قايتۇرىدىغان ۋاقتىدا چاشقاندەك قاچىدۇ.

توغرىسى: «ئالغىچە ئارسلان، بەرگىچە چاشقان.»

24) 268 ـ بەتتىكى «سودىگەرنىڭ پۇلى بىر، رىسقى باشقا» بۇ بەلكىم ئىملا خاتاسى بولۇشى مۇمكىن .

توغرىسى: «سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىسقى باشقا» (ھەممە سودىگەر ئوخشاش سودا قىلىدۇ، بىراق دارامىتى ئوخشىمايدۇ).

25) 64 ـ بەتتىكى «ئۆتكەل ئۆتسەڭ بۇرۇن ئۆت ، كېيىن ئۆتسەڭ يول تايغاق»

توغرىسى « مۇزدىن ئۆتسەڭ بۇرۇن ئۆت ، يېرىلغۇچە ئۆتەرسەن»

«سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت، چۆككىنىنى كۆرەرسەن »

26) 84 ـ بەتتىكى «ياندا ھېسپ بولسا، يېگىلى يارايتۇ». پەقەتلا مەنتىقسىز گەپ، ھېسپ دېگەننى يېيىش ئۈچۈن جاپادا قويۇپ پىشۇرىدۇ، يېمەستىن يېنىغا قويۇپ كۆرگەزمە قىلامدۇ ياكى ئەتىۋارلىق مال سۈپىتىدە يېنىغا قويۇپ ساقلامدۇ؟ ئەسلىدىكى «كاسپ» سۆزىنى ھېسپقا ئالماشتۇرۇپ قويغان.

توغرىسى: «ياندىكى كاسپىنىڭ قەدرىگە يەتمەپتۇ »

### 4 ـ چالا ئېلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر

بۇنىڭدا ئانچە چوڭ خاتالىق يوق، بىراق ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، يېرىمىنى تاشلاپ قويغان.

1) 118 ـ بەتتىكى «ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسست كۆزۈم»

بۇنىڭ ئاخىرى «نادانغا قىلغان ئىسست سۆزۈم».

2) 162 ـ بەتتىكى«تازنىڭ نېمىسى بار،تۆمۈر تاغىقى»

بۇنىڭ ئاخىرى «ئابدالنىڭ نېمىسى بار؟خورجۇن ياغىقى»

3) 233 ـ بەتتىكى «قۇلنى باركاللا ئۆلتۈرەر» بۇ توغرا ئېلىنمىغان، قۇلغا ھېچكىم باركاللا ئوقۇمايدۇ، مەجبۇرىي ئىشلىتىدۇ.

توغرىسى:«ئوغۇل بالىنى ھۆششەرە ئۆلتۈرەر، ئىتنى،تۇت، كۇش، كۇش»

4) 265 ـ بەتتىكى «كاناپچىدىن يەل كېتىدۇ»

بۇنىڭ ئاخىرى «ھارۋىكەشتىن دىرت، دىرت»

5) 269 ـ بەتتىكى «يىغلىغاندىن سورىما، كۈلگەندىن سورا»

بۇنىڭغا نېمشقا دېگەن سوئال قويۇلىدۇ.

توغرىسى:«يىغلىغاندىن سورىما، ئۆلگىنى باردۇر، كۈلگەندىن سورا ،كۆرگىنى باردۇر»

6) 294 ـ بەتتىكى «مۇزلىساڭ مۇز يە»

توغرىسى: «مۇزلىساڭ سۇ ئىچ، ئۇسسىساڭ تالقان كاپ ئەت»

ئاپتور :غۇلجا شەھەرلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى

# كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى



ن . ن . كاتانوۋ (روسىيە)

## زىندانىنىڭ بايانى

مىجىت ئاخۇن، 1891 ـ يىل9 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

قەرزدار ئادەم ئۇرۇشۇپ قالسا، بۇلارنى « ياگخا
(سولاپ قويۇڭلار)» دېسە تىگزدىنىڭ بىرىنجى ئۆيگە ئاپكە-
رىپ، بۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ پۇتىنى بىر كۆتەككە تىقىپ،
ئىككىسىنى بىر يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويادۇ. بۇلارنىڭ غىزا-
سىنى ھەر قايسىسىنىڭ قۇياشى ئاپكېلىپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ
قۇياشى بولماسا، خېنىدىن خانلىقتىن كۈندە بىر گاخلىق
بىر چىنەدىن تۇشتە ئاش بېرىدۇ. مۇئادا بۇلار ئىككىسىنىڭ
جېدىلى تۈگەگەندە ئىككىسىنىڭ بىر بىرىسىدە ھەققى بول-
ماسا، بىر كىشىدىن« كىلمت پۇلى» دەپ بەش مىسقالدىن
پۇل ئالادۇ. ئۇ بەش مىسقالدىن تۈگەشكەن مەل-
لدە(چاغدا ـ ت)، بىر كىشىدىن بىر سەردىن «بوچەن
سوراپ تۈگەتكەن») دەپ ئالادۇ. يامۇلنىڭ ئادەملىرى بىر
كۆللۈك يەرگە كىشى بارسا، تۇتۇپ كەلگەنىگە «خەيچەن»
دەپ ئۈچ سەر پۇل ئالادۇ. بۇ خەيچەن دېگىنى «كېپىش
پۇل» دېگىنى. بۇ ئىككى دەگاگەر يامۇلدا تۈگەشكەندىن
كېيىن «جۇجەي پۇلى» دەپ ئىككىسىدىن بەش مىسقالدىن
بىر سەر پۇل ئالۇرلەر. بۇ بىر سەر پۇلنى ئالغانىغا بۇ ئىككى
كىشىنى «بىر بىرىسىمىزگە ئىلگىر- ئاخىر دەگا قىلمايمىز»
دەپ تۈگەشكەنىگە خەت قىلىپ قوغلاپ ئېتىشىپ قويۇرلەر.
بۇلار ئىككىسى تۈگەشكەنىگە شۇ داگزىنىڭ ئۈستۈنىگە،
خەتىنىڭ ئاياغىغا بۇلار ئىككۆلەن بارمىغىنى سىياغا مە-
نىپ(تۇگۇرۇپ ـ ت) بېسىپ، تەمتەك قىلىپ قويۇرلەر. بۇ
تەمتەك قىلىپ قويغان داگزىنى «جەي داگزا(دەگا سالاتۇر-
غان كىتاب)» دەرلەر. جېدەل قىلغان ئادەم، قەرز جانىبە-
لدىن كىرگەن ئادەم، ئون بەش سەرنىڭ ئۈستۈندەكى پۇل-
نىڭ جېدىلى بولسا، شۇ پۇلنىڭ تۇغرىسىدىن كىرىپ
سولاغان بولسا، دەگاسى سوراق بولۇپ تۈگەشىپ چىققۇ-
چە« ئابدان تۈگەشىپ چىقتىم» دېسە، ئون سەر، ئون بەش
سەر بىرلەن يامۇلدىن تۈگەشىپ چىقادۇ. مەگەر ئاندىن ئاز
جېدەل بولسا، قەرز كۆتۈرۈپ قالادۇ. يامۇلغا ئالاتۇرغان
پۇلنىڭ ئېتىنى بۇ دەگا قىلغان ئادەملەردىن ئالار گاختىدا
«نەچچە مىسقال پۇل بېرىسەن؟» دەيدۇ. يامۇلنى بىلگەن
كىشى بولسا، «بىر مىسقالدىن تولا بەرگىن دېسە»، «بىر
يېرىم مىسقال» دەرلەر. بىر مىسقال دېگىنى بىر سەر دېگە-
نى، يېرىم مىسقال دېگىنى بەش مىسقال دېگىنى. يامۇلنىڭ
يوسۇندا سەرنى مىسقال دەيدۇ، مىسقالنى پۇڭ دەيدۇ.يا-
مۇلغا بىر كىرگەن كىشى ئىككىنچىلەپ كىرمەيتۇرغانىغا چە-
قادۇ.

مۇشلىشىپ، پىچاق سېلىشىپ، خوتۇن بىرلەن تۇتۇلۇپ
دەگا قىلىشىپ كىرسە، ئانداقنى ئىككىنچى گۇندۇخاناغا
سولايدۇ. بۇلارنى تالادىن يا ئاتلـ ئانىسى بولسا، يا ئابدان
دوستى بولسا « سولاتتۇرماي ئۆيۈمدە ساقلاپ تۇرامەن،
مەن بولايمەن» دەيدۇ. «بولايمەن!» دېگىنى، قېچىپ كەت-
سە، ھۆددەسى ماگا، دېگىنى. بۇلارنىگما پۇتىغا، كېچىلىگى
بولسا، كۆتەك قېقىپ قويادۇ. بۇلارنىڭ دەگاسى تۈگەگەندە
شۇ يوسۇندا تۈگەيدۇ.

مەگەر ئوغرى بولسا، بۇلاگچى بولسا، بۇلارنى بىر ئۆي-
گە سولايدۇ. بۇلارنىڭ پۇتىنى كېچە ـكۈندۈز كۆتەكتىن
ئارمايدۇ. مەگەر تاردتكە چىقار بولسا، بۇلارنىڭ قولىغا
كوزا سېلىپ، بويىنىغا زەنجىر سېلىپ، كۆتەكتىن بوشىتىپ
تاردتكە ئاپچىقادۇ. بۇلارغا غىزا بېرەر بولسا، بۇ گۇندۇ-
پايلارنىڭ خۇشاللىغى كەلسە، ئىشكىنى ئېچىپ، قۇياشى ئې-
لىپ كەلگەن غىزانى ئاپكىرىپ بۇ گۇناكەرلەر بىرلەن ئولتۇ-
رۇپ يەپ چىقادۇ. مۇئادا بىزەرە ئادەمەتچىلىك قىلسا، گۇ-
ناكەرنىڭ ئىگەسى ئانىڭ بېشىنى ئېرىق سالدۇرۇپ ئابدان
بېقىپ ئاپكىرىپ قويادۇ. قۇياشى بىرلەن كۆرۈشتۈرگەنىگە،
تولا بولسا، بەش ـ ئالتى مىسقال، ئاز بولسا، ئىككى- ئۈچ
مىسقال بىر نەرسە بەرسە، ئاندىن گۇناكەرنى كۆرسەتەدۇ.
مۇئادا قولىدا بىر نەرسەسى بولماسا، يا يەيتۇرغان غىزاسى
ئاز بولسا، بۇ گۇناكەرنىڭ غىزاسىنىڭ تولىسىنى يەپ بولۇپ
ئاز قالغاندا بۇ گۇناكەرلەر ياتقان ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئاچ-
ماستىن تۆشۈكتىن تاشلاپ بېرەدۇ. بۇ تۆشۈك دېگەن شۇ
ئۆينىڭ ئىشىگىدە قول پاتقۇدەك نان تاشلاپ بېرەتۇرغان،
سۆزلەشەتۇرغان تۆشۈك تۇرادۇ. ئوغرىنىڭ ئالغان مېلىنى تو-
لىسىنى يامۇلغا ئەپ، ئاز يېرىمنى ئىگەسگە ياندۇرادۇ.

ئوغرى ئەخرى تۈگەشسىما، ئوغۇرلۇق قىلغان گۇناسىغا
تۆرت يۈز، بەش يۈز قېمىش تاياق ئۇرۇپ چىقارادۇ.

يا بىر ئايلىق، ئىككى ئايلىق قوبۇق كەيگۈزۈگلەر، دې-
سە، بۇ ئوغرىنىڭ بويىنىغا «قوبۇق» كەيگۈزۈپ بازارغا چە-
قىرىپ قويادۇ؛ كۈندۈزى بازاردا يۈرەدۇ، كېچەلىگى كىرىپ

گۇندۇخانادا ياتادۇ. قوبۇق دېگەن بىر كىشىلىكى بەش
-ئالتى گەز كېلەتۇرغان پەن. ئېنىڭ قېلىنلىقى بىر چى كې-
لەدۇ. بۇ پەن ئىككى پارچا بولۇپ ئوتتۇرىسىدا ئادەمنىڭ
بوينى پاتقۇدەك تۆشۈگى بار. بىر ئاي، ئىككى ئاي بول-
غاندا بۇ قوبۇقنى ئوغرىنىڭ بويىنىدىن ئېلىپ يەنە ئىككى
ئۈچ يۈزنى ئۆرۈپ ھساپلىق پۇلنى ئېلىپ چىقارادۇ.

بۇلاڭچى، ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلۈملۈك بولسا، بۇ ئىككى
قىسما گۇناكەرنى ئىشكىرى ئۈچىنچى ئۆيگە ئاپكىرىپ
،بۇلارنىڭ پۇتىغا كۆتەك قېقىپ قويادۇ، كېچەلىكى، كۈن-
دۈزلۈگى كۆتەكنى پۇتىدىن ئاجراتمايدۇ، قولىدىن كوزىنى
ھەم ئاجراتمايدۇ. بۇلارنىڭ قوڭىغا ئىشتان كەيگۈزمەيدۇ.
قاراڭغى ئۆيدە يالىڭاش يۈرەدۇ. ناۋادا تارەتكە ئولتۇرۇر
بولسا، شۇ ئولتۇرغان ئۆينىڭ بىر تەرەپىسىنى ئويۇپ قويا-
دۇ. شۇندا تارەتكە، گۇندۇخاناغا كىرگەللە گۇناكەر بولسا،
تۇشەدۇ. ناۋادا بۇ ئۈچۈنچى گۇندۇخانادا ئادەم تارەتكە
ئولتۇرۇپ سېسىقچىلىق بولسا، ئېنى تۆرت - بەش كۈن
بولغاندا شۇ گۇناكەرلەرنىڭ بىر- بىرىسىنى بىرلە ئاپكىرىپ
ئالدۇرۇب ئاتادۇ. مۇئادا بۇ گۇناكەرلەرنىڭ قۇياشى بولما-
سا، خېنىدىن كۈندە ئەرتىسى بىر نان، ئاخشىمى ئىكك-
ىسگە بىر تاباق سۇيۇق تۇگە سېلىپ بېردر.

مۇئادا ئۆلۈملۈككە ئۆلۈم كەلسە، ئۆلتۈرەدۇ، ئۆلۈم
كەلمەسە، يا بەش ئايلىق يا ئالتى ئايلىق ياغاش قەپەزگە
سالادۇ. بۇ قەپەزگە ئادەمنى سېلىپ بازارغا ئاپچىقىپ قويا-
دۇ، كېچەلىكى گۇندۇخاناغا ئاپكىرىپ قويادۇ. ئاندىن، قا-
پەزنىڭ قەرەلى توشسا، پارلايتۇرغان بولسا، يا ئۈچ يېرىم
يىللىق دەپ پارلارلەر. بىر يىلغا يېرىم يىل قېتىلغىنى بۇ
گۇناكەرنىڭ كەلمەيتۇرغاڭغا پارلانغىنى پۈتۈن يىللىق
پارلانسا، يىلى توشقاندا يۇرتىغا يانادۇ. ئۆلۈملۈك گۇناكەر-
نى پارلاماسا، قاپەزگە سالماسا، تۆمۈر ھاسساغا سالادۇ.

تۆمۈر ھاسسا دېگەن شۇدۇر: ئادەمنىڭ بويى ئېگىز بولسا،
يۈز جىڭ تۆمۈرنى، ئۇزۇنلىغى ئىككى گەز، يوغانلىغى
ئىككى يېرىم سۇڭ قىلىپ سوقۇپ، بۇ ھاسسىنىڭ ئىككى
بېشىنى يۇمبۇلاق- يۇمبۇلاق قىلىپ، بىر بېشىغا زەنجىر سې-
لىپ، بۇ زەنجىرنىڭ ئۈچىنى ئادەمنىڭ بوينىغا سېلىپ ئا-
تادۇ، بىر ئۈچىغا يەنە ئىشكەل قىلىپ، سىڭار پۇتىغا سېلىپ
قويادۇ. بۇ تۆمۈر ھاسسىنى سالغان كىشى كۈندۈزى بازار
دا يۈز جىڭ تۆمۈر ھاسسىنى كۆتۈرۈپ يۈرەدۇ، كېچەلىگى
گۇندۇخاناغا كىرىپ ياتادۇ. بۇ تۆمۈر ھاسسا سالغان كىشى
ياتسا ياتادۇ، قوپسا قوپادۇ. بۇ كىشىنىڭ قەرەلى توشقاندا
تۆمۈر ھاسسىنى بويىنىدىن ئېلىپ يەنە ئالاتۇرغان ھساپلىق
پۇلنى ئېلىپ چىقارادۇ. بۇلاڭچى بولسا، بۇلاڭچىنى پارلا-
مايدۇ. گۇناھى يېنىك بولسا، بەش يىللىق، ئون يىللىق
تۆمۈر ھاسسا سالادۇ. يول توسايتۇرغان، ئادەم ئۆلتۈرەتۇر-
غان يامان بۇلاڭچى بولسا، بۇ بۇلاڭچىنى ئۆلۈمگە بۇرۇسا،
خاداغا چىقارسۇن، دەيدۇ. «خادا» دېگەن ئېگىزلىكى ئون
بەش گەز، يىگىرمە گەز، يوغانلىغى بىر گەز ياغاچ بولادۇ.
ئۇ ياغاچنىڭ ئۈچىغا ئۇزۇنلىغى بىر يېرىم گەز، توغرىسىغا
بىر يېرىم گەز ئىككى پارچا تۆمۈرنى سوقۇپ بىرسىنى خا-
دىنىڭ ئۈچىغا، ئۆرىسىگە بېكىتىپ، ئادەمنىڭ قوڭىدىن تە-
قىپ مەيدىسىدىن كۆلچەكتىن زىقنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ
ئېڭىكىنىڭ ئاستىنىغا سانجىپ، ئادەمنىڭ مىيىسىدىن چىقە-
رىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويادۇ. قالغان بىر پارچا تۆمۈرنى
ئادەمنىڭ كەينىگە، دولىسىنىڭ ئۈستۈنىگە، توغرا قويۇپ
مەيدىسىدىن ئۇزۇن مىق بىرلەن كەينىدىكى تۆمۈرگە مىقلاپ
تاشلايدۇ. ، ئىككى قولنى قارىپ تۇرۇپ، دولىسىدىكى
تۆمۈرنىڭ ئىككى ئۈچىغا ئىككى قولنىڭ ئالقىنىدىن مىقلاپ
تاشلايدۇ. ئاندىن خادىنى ئېگىز چىقىرىپ قويادۇ، ئاندىن
بۇ بۇلاڭچى خادىنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ بىر كۈندە، يېرىم
كۈندە جېنى چىقادۇ. بۇلاڭچىنىڭ يامان ئۆلۈمى خاداغا
چىقارغىنى شۇ دۇر!

گۇندۇخانىنىڭ جابدۇقلىرى شۇنداق بولادۇ. بوينىغا
سالاتۇرغاننى «قوبۇق» دەيدۇ. تۆمۈر جابدۇق سالاتۇرغان-
نى«ئوقلۇق كىشەن» دەيدۇ. ئوقلۇق كىشەننىڭ بىر ئۈچىنى
بوينىغا سالادۇ، بىر ئۈچىنى قولىغا سالادۇ. ئادەمنىڭ بوين-
غا سېلىپ باغلايتۇرغان نەرسىنى «زەنجىر» دەيدۇ: ئادەم-
نىڭ ئىككى تىزىنى پۇكلەپ سالاتۇرغان نەرسىنى «تۆمۈر
تىزلاق» دەيدۇ. ئادەمنىڭ ئاياغىغا سالاتۇرغان نەرسەنى
«چېتىق» دەيدۇ. ئاغزىغا ئۇراتۇرغان نەرسىنى «زۇيۇۋازا»
دەيدۇ. زۇيۇۋازا دېگەن كۆندە بولادۇ. زۇيۇۋازىنىڭ ئۇزۇنلىغى
بىر چى بولادۇ، كەڭلىگى ئىككى يېرىم سۇڭ بولادۇ، قېلىن-
لىغى ئۇش قەبەت كۆن بولادۇ. سېپى ياغاشتا بولادۇ. تېقە-
مىغا ئۇراتۇرغان نەرسىنى «ياغاش تاياق» دەيدۇ. گۇندا
دېگىنى ئېغىرلىقى بەزىسىنىڭ ئەللىك جىڭ چىقادۇ، بەزىسى
يۈز جىڭ چىقادۇ. بۇ ئۆزى چويۇندا قۇيغان بولادۇ. بۇ
گۇندىنى ئىككى پارچا قۇيادۇ، ئوترىسىنى تۆشۈك قىلىپ،
ئادەمنىڭ سىڭار پۇتىغا سېلىپ قويادۇ. يەنە بىر نەرسە بار.
ئېنى «تۆمۈر تارقاق» دەيدۇ. ئېنى ئون جىڭ، يىگىرمە
جىڭ تۆمۈردە قىلادۇ. ئىككى پارچا سوقۇپ بوينىغا سېلىپ
قويادۇ. ئۇزۇنلىغى بىر گەز بولادۇ، يوغانلىغى ئىككى سۇڭ
بولادۇ.

## قىين قىيناغاننىڭ بايانى

مىجىت ئاخۇن 1891-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى

«يايى، خىيشىڭ» دېگەن نېمەلەر يامانىنى، ئوغرىنى،
بۇلاڭچىنى تۇتۇپ قىينايتۇرغان ئادەملەر تۇرۇرلەر. ئوغرىنى
تۇتۇبالسا، گۇندۇخانىسغا ئاپكىرىپ، كېچە بولسا، پۇتىغا
گۇندۇ قېقىپ قويۇرلەر، قولىغا كوزا سېلىپ قويۇرلەر. بۇ

ئوغرىنى قىينار بولسا، بەگدىگىنى قويۇپ، بەگدىگىنىڭ بىر ئۇچىنى تۈبۈرۈككە باغلاپ قويۇپ، بۇ ئوغرىنى بەندىگە چىقىرىپ ئۇچىسىنى تۈبۈرۈككە يۆلەپ قويۇپ، پۇتىنى بەگدىگىنىڭ بىكار ئۇچىغا سوندۇرۇپ قويۇپ، ئىككى قولىنى ئارقاغا قىلىپ تۈبۈرۈككە باغلاپ، ئىككى پۇتىنىڭ يوتىسىنى بەگدىگىگە بىر پارچا چىگە ئارغامچىنى سوغا چىلاپ ھۆل قىلىپ، بۇ ئوغرىنىڭ يوتىسىنى بەش سۆك يېرىنى بەگدىگىگە قېتىپ چىگە بىرلەن بوغۇرلەر. ئاندىن بۇ ئوغرىنى يايى، جېسەكچىلەر قولىغا توقماق ئېلىپ «ئەيتقىن، ئەمدى قىيىندا ئۆلۈپ كېتىسەن» دەپ پۇتىنىڭ ئۇچىغا، ئوشۇغىغا ئۇرۇرلەر. بۇ ئوغرى ئىخرارغا كەلمىسە، بۇ ئوغرىنىڭ ئىككى سوڭىنىڭ ئاستىنىغا پىشىق خىشنى بىر يولدا ئۈچىنى قىسۇرلەر.

بۇ ئوغرى يەنە ئىخرارغا كەلمىسە، يەنە ئۈچىنى قىسۇرلەر. ئىككى تەرەپىدىن بۇ ئوغرىنىڭ ئىككى قولىغىنى ئىككى ئادەم سوزۇپ تۇرۇرلەر. يەنە ئوشۇغىغا توقماق بىرلەن ئۇرۇرلەر. بۇ ئوغرى يەنە ئىخرارغا كەلمىسە، يەنە ئىككى خىشنى قىسۇرلەر. بۇ سەككىز خىشنى قىسقاندا، ئادەمنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچى بېشىغا يېقىن كېلۇرلەر. مۇنۇڭدا ئىخرارغا كەلمىسە، ئىككى ئوشۇقنى ئىككى چېكىسىگە قويۇپ، قۇر پوتا بىرلەن پىشانىسىدىن قېتىپ كەينىگە چىگىپ قويۇرلەر. ئاندىن بىر ياغاچنى بۇ پوتىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ توغلام قويۇرلەر. بۇ ئىككى ئوشۇق ئادەمنىڭ بېشىغا قويۇپ توغلام ئۇرسا، ئىككى ئوشۇق ئىككى چېكىسىگە پېتىپ ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى قېپىدىن چىقىپ قالۇرلەر. بۇ قىيىننى «توغلام قىينى» دەرلەر. خىش قىسقاننى «بەگدىلىك قىينى» دەرلەر. بۇ ئوغرى ئېنىگغاما ئىخرارغا كەلمىسە، ئىككى پۇتىنىڭ ئوشۇغىغا زەنجىرنى باغلاپ، ئارىسىغا توقماقنى تىقىپ توغلام ئۇرۇرلەر. مۇنۇڭغا ئىخرارغا كەلمىسە، زەنجىرنى ئوتتا قىزارتىپ ئىككى يەرگە كالاك قىلىپ قويۇپ، بۇ ئوغرىنى ئاپكىلىپ ئىككى تىزى بىرلەن بۇ زەنجىرنىڭ ئۈستۈندە تىزلاندۇرۇپ تۇرغۇزۇرلەر. ئىككى تىزىنىڭ كەينىگە يوغان چەنزىنى قويۇپ، ئىككى ئۇچىنى ئىككى كىشى دەپسەپ ئاغنىتىپ تۇرۇرلەر. مۇنۇڭدىمۇ ئىخرارغا كەلمىسە، ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تىرماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قاتتىق قېمىشنى ئۇشلاپ، تۆرت سۆڭ، تۆرت سۆڭ قاقۇرلەر. ئىككى قولىنىڭ ئۇچىغا ھەم ئىككى سۆڭ قاقۇرلەر. بۇ قىيىنلاردا ئىخرارغا كېلىپ قالسا، بۇ ئوغرىنى ئۇرۇپ كىشىنىڭ ھەققىنى تۆلىتىپ بېرىپ بىر ئاي، ئىككى ئاي سولاپ ئۇرۇپ چىقارۇرلەر. ناۋادا ئىخرارغا كەلمىسە، بۇ ئوغرىنى گوندۇخاناغا ئاپكىرىپ پۇتىغا گوندۇ سەپ قويۇرلەر. بۇ قىيىن تارتقان ئادەم قىيىندىن ساقايسا، يەنە ئاپچىقىپ قىينۇرلەر. ئوغرىنى بۇ يوسۇندا قىينۇرلەر.

كىشى ئۆلتۈرگەن ئۆلۈملۈكنى تۇتۇبالسا، ئەگەل ئىخرارغا كەلسە، ھېچ قىيىن كۆرسەتمەي ئابدان بېقىپ سورارلەر. مەگەر ئۆزى ئىخرارغا كەلمىسە، قىيىنغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئوغرى قىيىنىنىڭ ھەممىسىنى قىينارلەر. ئۇ قىيىندا ئىخرارغا كەلمىسە، ئايغىر ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى ئېلىپ، ئېشۇۋېلىپ، بۇ ئەشكەن قىلنىڭ ئۇچىنى ئاز يېرىنى كىسىپ قويۇپ ئاندىن بۇ ئۆلۈملۈكنىڭ زەكىرىگە تىقۇرلەر. مۇنۇڭدا ئىخرارغا كەلمىسە، ئىككى سىرتىغا شام ياقۇرلەر. مۇنۇڭدا يەنە ئىخرارغا كەلمىسە، ئىككى سىرتىنى پىچاق بىرلەن تىلىپ سۇ يىغىنى قايىنتىپ قۇيۇرلەر. مۇنۇڭدا ئىخرارغا كەلمىسە، شۇ كەسكەن يېرىگە تۇز قۇيۇرلەر. مۇنۇڭدىمۇ ئىخرارغا كەلمىسە، تۆمۈر تارغاق بىرلەن ئارقىسىنى تارۇرلەر. ئادەمنىڭ ئىككى تىزىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى تىزىنىڭ ئاستىنىغا شىرىغىنىڭ ئۈستۈنگە ياغاچنى ئېلىپ، بۇ كىشىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئۇزۇن ياغاچنى قويۇپ، ئىككى قولنى يېيىپ مۈرىسىدىكى ياغاشقا تېگىپ، ئىككى كىشى ئىككى تەرەپىدىن تىزىنىڭ ئاستىنىغا قويغان ياغاچنى ئىككى تەرەپىدىن دەپسەپ تۇرۇپ، مۈرىسىدىكى ياغاچنى ئىككى تەرەپىدىكى ئادەم مۈرىسىگە ئېلىپ، ئاياقتىن دەپسەپ تۇرۇپ ئادەمنى يوقىرىسىغا كۆتۈرۈپ سوزۇرلەر. مۇنۇڭدا ئىخرارغا كەلمىسە، دەزمالنى قىزارتىپ ئىككى قولتۇغىغا ياقۇرلەر. بۇ قىيىنلاردا ئىخرارغا كەلمىسە، بۇ ئۆلۈملۈكنى ئاپچىقىپ قەپەزگە سالۇرلەر. قەپەز دېگەن نەرسەدە ئادەم ئۆلمەيدۇ، ئۆزى قىيىن تارتادۇ. بۇ قىيىن قەپەزنى، ئادەم ئولتۇرسا پاتقۇدەك قىلىپ، قەپەزنىڭ ئۈستۈنىنى ئادەمنىڭ بېشى پاتقۇدەك قويۇپ بۇ ئادەمنى قەپەزگە سالغاندا، قەپەزنىڭ ئۈستۈندىكى تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئېسىپ قويۇرلەر. ياغاچ قەپەز بۇ يوسۇندادۇر. تۆمۈر قەپەز دېگەننىڭ ئىچىدە ئايىغىدىمۇ ھەم مىخ بولۇر. بۇ مىخلارنىڭ ئۇچى ئادەمنىڭ ساغرىسىغا تېگىپ تۇرۇرلەر. ئۈستۈندىكى مىخلىرى ئادەمنىڭ بېشىغا، ئىككى مۈرىسىگە تېگىپ تۇرۇرلەر. چۆرىسىدىكى مىخلىرى ئادەمنىڭكى بەدىنىگە ھەممىسى تېگىپ تۇرۇرلەر. بۇ تۆمۈر قەپەزگە سالغان ئادەم يا ئولتۇرالمايدۇ، يا قوپالمايدۇ؛ تىزىنى تايىنىپ تۇرۇرلەر. ئۆلۈملۈكنىڭ قىيىللىرى بۇ يوسۇندادۇر: ئۆلۈملۈك سالاتۇرغان قەپەزلەر شۇ يوسۇندىدۇر.

بۇ ئۆلۈملۈك ناۋادا ئىخرارغا كەلسە، ئۆلۈم گەردىنىگە تۈشسە، مۇنى ئۆلتۈرەر بولسا، قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ، بىر پارچا ئارغامچى بىرلەن بوزالاپ، بۇ ئادەمنىڭ بېشىغا خان ئوقىنى قىسىپ، چېرىك چىقىپ، جارۇستانىنىڭ ئوترىسىغا ئاپىرىپ، قىلىچ بىرلەن چېپىپ ئاتۇرلەر. بۇ ئادەمنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ ئەلىپ شۇ ئۆلۈملۈكنىڭ يۇرتىغا ئاپىرىپ بۇ ئادەمنىڭ بېشىنى كىچىك قەپەزگە

سېلىپ ئىسسىپ قويۇرلەر. ئۆلتۇرەتتۇرغان ئادەم قاشسا، ئۇرۇق
قوياشنى ئاپكىرىپ ھەم قىينايدو. بۇ كىشى ئۆلتۈرگەن ئا-
دەمنىڭ مەھەللىسىدىكى ئادەملەر بۇ ئۆلۈملۈك تۇتۇلماغۇچە
ئۇلار ھەم قوتۇلالمايدو.

## ئوغۇل بالاغا ئات قويغىنى

مىجىت (مۇجۇپ) ئاخۇن،1891ـيىل 7ـئاينىڭ25 ـكۈنى

ئوغۇل تۇقسا، يۇپ تاراپ، كىندىك ئانىسى زاكىسىغا
ئالۇر. نىمە ئۇچۇن؟ دىسە، ئانىسىنىڭ قورسىغىدىن يېڭى
تۇشكەندە، شۇ بالىنىڭ كىندىگىنى ھەر قايداق مەزلىم
كەسسە، يۇپ تاراپ سۇغا ئالسا، شۇ مەزلىم كىشىنى كىنـ
دىك ئانىسى دەرلەر. بۇ بالا تۇغۇلۇپ ئۇچ كۈن بولغاندا
ئىتنى قويۇرلەر. بۇ بالىنىڭ ئىتىنى قويغۇچە بىر موللا،
چوڭ ئادەم بولسا، شۇنداق ئادەملەر، قولىغا ئېلىپ ئوڭ قۇ-
لىغىغا ئازان ئېيتىپ، سول قۇلىغىغا تەكبىر ئېيتىپ ياخشى
خۇيلۇق بولۇڭ، ياخشى سۆزلۈك بولۇڭ دەپ، ئاسماندىن
تۇشكەن ئىتىڭىز پالانى بولسۇن دەپ، شۇ يوسۇندا ئات
قويۇرلەر. تىخى قىرىق كۈن بولغۇچە، بۇ كىندىك ئانىسى
شۇ بالا تۇغۇلغان ئۆيدە ئاش- تاماق ئېتىپ ئولتۇرۇر. قى-
رىق كۈن بولغاندا، «قىرقاگىنى» دەپ بىر قۇر ئىگىل بىر-
لەن كىندىك ئانىسىنى رازى قىلۇرلەر. بۇ بالا، چوڭ بول-
غاندا، كىندىك ئانام! دەپ بۇ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەبەر
ئالۇرلەر.

ئىتنى قويۇپ بولغاندا، شۇ كۈنى بىر قازان ئاش قىلىپ
بوغۇرساق سېلىپ، بالىنى بۆشۈككە سالۇرلەر. بۆشۈككە
سالادۇرغان گاختا چوڭ- چوڭ مەزلىملەردىن يەتتى مەزلىم
قىشقىرىپ ئاپكىرىپ ئاش ئىچىپ بولۇپ، بۆشۈكنىڭ ئىككى
تەرپىسدە ئۇچتىن ئالتى مەزلىم ئولتۇرۇر. بالىنىڭ بېشىدا
تىخى بىر مەزلىم ئولتۇرۇر. ئايغىدا كىندىك ئانىسى ئول-
تۇرار. تۇغقان ئانىسى ئۆرە قوپۇپ، بالىسىنىڭ ئۆمرىنى
خۇدادىن تىلەپ تۇرۇر. بىر تاباق بوغۇرساقنى بالىنىڭ
ئۇستۇندە قويۇپ بۇ ئالتى مەزلىم بىر سىقىمدىن ئېلىپ،
بۆشۈكنىڭ ئاستىندىن، ئۇستۇندىن چاچار. بۇ مەزلىملەر-
گە، باي بولسا، بىر قۇردىن كىيىملىك قويار. نامرات بول-
سا، شۇ قايدادا قىلار. بوغۇرساقنى بىزنىڭ خەق بۆلەك
گاختا قىلمايدۇ، قىلسا، ئۇششاق باللارغا بېرىدو.

## چەنتو خوتۇننىڭ ئاتلىرى

خېبىر ئاخۇن، پىچان-تۇرپان،1892ـيىل 3 ـئاينىڭ 22 ـ كۈنى

چىمەگخان، مەگشاخان، نىراخان، ئوغۇلساخان، گۇلىش
خان، ھاشخان، سەرپىخان، زەنەخان، ئەنەل خان، گۇلسە-
ماخان، نىساخان، نىرابزا، ئايسەمەن، ئايساخان، نازىر
خان، ئىمانەخان، خوشنارە، ئەبزا، ئەزمەن، زەراخان، ئو-
غۇلقىزخان، توقتاقىز، نىرابزاخان، ئاسماراخان، شېرنىسا-
خان، بىزىرخان، زەمىر خان، ئانارخان، توقتا خان، ما-
رەمخان، ئاقكەپتەر، جانارخان، سەدىرخان، خوراخان،
مەسنەخان، مەزىرخان، زەبىرسا خان، ئايۇمخان، روزا
خان، خەلىچەخان، ھاياخان، ساراخان، دىلئاراخان، ھەبە-
زە خان، زوراخان، راباخان، خوزىخان، بۇباياخان.

## چەنتو ئەركەكلەرنىڭ ئاتلىرى.

مەتباقى، روزىباقى، تالىپ، مەننان، ھادى، نامان، قە-
بىز، توقتى، شامەرەم، روزىمەت، ئەسرا، خەبىر، گېكىل،
بارات، خالىت، ئاشىم، ماگنىق، سىدىق، نەمەت، مەمەتنـ
نىياز، سەتىباقى، روزەن، سەپەرباقى، ئۇمۇرئاخۇن، كەبىر،
راھمان، ئۇبرايىم، موسا، ئەيسا ئۇنۇس، ئەزىباقى، ئەھ-
مەت، مۇجۇپ، مەيىت، ئولادى، لەيسئاخۇن، بايىزئاخۇن،
سالايدىن، مۇتايدىن، غازى، داگۇت، ئويۇپ، قۇربان، يا-
قۇپ، مەمەت زايىت، توختا باقى، توختاسۇن، مەمەت
نۇر، تۆمۈر، ھاپىز ئاخۇن، رەم شىخ، ھېلىم شىخ، ئىلـ
ياس، زېكرىيا، ئەھەت، رەم باقى، ھېدىت، مۇتەللىپ، ئا-
مىر، ئوسمان، ئېلى، راخمان شىخ، توخ نىياز(توختا نـ
ياز)، سېيىت، مەمەت ئابدۇل، ئابدۇللا، يۇسۇپ، باسىت،
ئەيسا، مەمەت رېھىم، سەبۇت، سېرىمساق، زەدىل، زاكىر،
قاسىم، كەرەم ئۇللا، ئېبىل ئاخۇن، ئاقىپ ئاخۇن، ئىسمايىل
ئاخۇن، مەسىم، ئەخمەت نىياز، ھوجراپىل، جاپپار، ئابدۇ
رېھىم، ئادىل، ئازىر باقى، جېلى باقى، گۆلى، مۇتتى، سا-
دىر، ھېزىز، كەرەم باقى، ھەمەن، زاھىر، تېيىپ ئاخۇن،
ئەبەيت ئاخۇن، سەمەت، تاتلىق شاھ، ماڭ نىياز، رەم نـ
ياز، مەت روزى، پازىل، ئالماقسۇت، ھوشۇر باقى، ئازنى
باقى، تۇردى باقى، بېكىلەك، گاجىت، سالمان، گۆسىت،
نىزەڭ، سەيىد باقى، زىنابۇدۇن، بابۇدۇن، ئىمان نىياز،
كامالۇدۇن، ئابۇدۇن، تۇردەك، ھوش نىياز، مىرازىم، ئۆ-
لەمزە.

## خوتۇن خەقنىڭ ئاتلىرى

قومۇل، ئابدۇللاكا، 1892 ـيىل 2 ئاينىڭ 2 ـكۈنى

بۇبۇ ئەيشە، بۇبۇ ھەبزە، بۇبۇ ھەمسە، خېدىستە، ھە-
نىسە، ھەزە بانۇ، شەمشى بانۇ، توقتا بانۇ، نەزەبى، چول-
پان، تەكەن، زېرى، گۇل، ھەمبەر بانۇ، قامار بانۇ، روزى
بۇبى، روزى قىز، روزى بانۇ، ھەيت بانۇ، ھەيىت قىز، ھې-
پىز تەكەن، سىلىق تەكەن، بۇبى تەكەن، مەلىكە، ئالتۇن
قىز، سېكىنە، ئەيشە. ھەشە، قۇئەر، تۆمۈر قىز، تۆمۈربۇگى،
تۆمۈر تەكەن، ئوغۇلقىز، ئوغۇل بانۇ، بۇبى ئوغۇل، ئەنەل
بانۇ، ئانار، ئېمىنە بانۇ، ھاجەي بانۇ، پاتمەن، سوپۇرا، ئو-
غۇلنىسا، ماريا، مەجەم، پەتما، زۆرا، ئەنجىر، چىلان.

بانۇ دېگىنى ئاغىچا دېگەنگە ئوخشاش، ئىككىسى چوڭ
ئاتلىرى. بۇبۇ دەپ بۇزۇرگالارنىڭ، شېيىخلارنىڭ قىزلىرىنى
ئاتايدۇ. بۇبۇلەرنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى بۇگى دەپ ئا-
تايدۇ.

2008.2

## ئەر خەقنىڭ ئاتلىرى

تۆمۈر ، تۆمۈرخان، چورۇق، دۇگامەت، سۇبۇر، تايىر،سۇلايمان شاھ، ئەخمەت ئاخۇن، ئىسلام، ئابدۇللا، بوسۇق نىياز، غوجام نىياز، غوجا نىياز، سۇپۇرگۇ نىياز، مەمەت نىياز، قارا باتۇر، روزىمەت، خوجامەت، ئېزىمەت، توختامەت، كۆسۈ نىياز، تۆمۈر نىياز، ، ئابدۇمەت، رەشىدىن، مەمەت نەزەر، ئۇسۇپ، ئۇنۇس، داگۇت، ئابۇت، ئىبرايىم، سوپا، موسا، ئايسا، ئېلى، ئىمەر، ئوسمان، ياقۇپ، نەياز، يايا، قۇربان، ئويۇپ، تۇردى، قۇلۇن نىياز، قۇلى، سالى، ناسىر، شېرۇللا، نامىتۇللا، باقى، ئىسھاق، ھەيبۇللا، خىزرا، ئىلياس، مامۇت، غوجا مەمەت، غاپپار، جاپپار، قادىر، پەتتار، مىجىت، مۇجۇپ، سىدىق، ئابەر، ئابۇزىر، ئابۇلەس، ھېشىم، ئابۇ شېرىپ، تاجىدىن، تاجى، كېرىم، ئابدۇكېرىم، ئابدۇكېبىر، ئۇشۇر، بېشىر، توختۇش، تويان، ھەيت، زايىت، زايىر، ئىسمايىل، زاكىر، ئىسكەندەر. قېرى ئادەمنى قىشقارسا بابام دەيدو، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنى دادام دەيدۇ، ئاندىن كىچىگىنى ئەكەم دەيدو، ئاندىن كىچىگىنى ئاداش دەيدو، تەڭ ياشلىق بولسا.

## چەنتونىڭ لاقاملىرى

خىبىر ئاخۇن، پىچان- تۇرپان، 1892.3.22

ئاچا، تەلبە، تىرتەك ، ساراڭ، تارتۇق، كەشكۈن، ساقال، توپچا، ساقساق، پاكار، ئارداپ، ئېگىز، لۈگزا، شالاق، ئۇزۇن قۇلاق، يالغانچى، توقماق، چۆرلۈمە، تۆتۈر، كابا تۇكى، كاباش، سېرىق، تاز، جىرتاق، قورقاق، جىنلىق، شەيتان، پارپاق، چۆكۈرتكە، تۆكۈر، كۆتۈگە، ئېرىنچەك، هورۇن، كاردان، بەگگى ،سوگو، قىمارۋاز، چوقۇر، سوپۇش، چىمدىق، گەتەر، تەخەي، سولغاي، ئۇگغاي، ئېگىرە، دۆگلۈك، كەش، ھۇرمەك، كۆمۈك، تىشاڭ، ئۇنۇتقاق، ئەقىللىق، چىچەن، قورقۇنچاق، ھارامزادە، مەيكوزا، كۆلەنچى، يالاق، كەلتەك، دورداق، خاگخۇڭ، ئىنچىق، ئۇجەتچى، موككار.

## تۇققاننىڭ مەزمۇنىنىڭ بايانى

مىجىت ئاخۇن، 6 .8.1891

بىر ئاتىدىن تۇغۇلغاننى قېرىنداش دەرلەر، ئوغۇل بولساما،قىز بولساما. ئاتامنىڭ ئاغىسىنى چوڭ ئاكا دەرمەن، ئاتامنىڭ ئىنىسىنى مالاكا دەرمەن؛ ئاتامنىڭ چوڭ قىز قېرىندىشىنى يەڭگەم دەرمەن، ئاتامنىڭ كىچىك قىز قېرىندىشىنى ئۆكەم ددرمەن. ئۆزۈمنىڭ چوڭ قىز قېرىندىشىمنى ئىگىچەم دەرمەن؛ كىچىك قىز قېرىندىشىمنى سىگلىم دەرمەن. ئاتامنىڭ ئاغىسىنىڭ، ئىنىسىنىڭ باللىرىنى بىر جەمەت دەرمەن. ئاغامنىڭ خوتۇنىنى چوڭ يەڭگەم دەرمەن؛ ئىنىمنىڭ خوتۇنىنى پاجا دەرمەن. چوڭ قىز قېرىندىشىمنىڭ ئېرىنى كۈيئوغۇل دەرمەن؛ كىچىك قىز قېرىندىشىمنىڭ ئېرىنى كىچىك كۈيئوغۇل دەرمەن. ئۆز خوتۇنۇمنىڭ ئاغىسىنى قۇداغا دەرمەن؛ ئۆز خوتۇنۇمنىڭ ئىنىسىنى قۇدىنى دەرمەن. خوتۇنۇمنىڭ ئاتىسىنى قېين ئاتا ددرمەن، ئانىسىنى قېين ئانا دەرمەن. خوتۇنۇمنىڭ چوڭ قىز قېرىندىشىنى ئۇرۇق قۇياش ددرمەن، كىچىك قىز قېرىندىشىنى پاجا سىگىل، كىچىك پاجا ددرمەن. ئاغامنىڭ، ئىنىمنىڭ باللىرىنى قېرىندىشىمنىڭ باللىرى ددرمەن؛ ئۇلار مېنى ئاكام دەر. مېنىڭ ئاتام ئۆلۈپ، ئانام ئەرگە تەكسە، شۇ ئەرنى ئۆگەي ئاتام ددرمەن؛ ئانام ئۆلۈپ، ئاتام خوتۇن ئالسا، شۇ خوتۇننى مەن ئۆگەي ئانام دەرمەن. بىر ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ يېڭى خوتۇن ئالسا، شۇ خوتۇن باللىرىنى ئۆگەي بالا دەر؛ بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئېرى ئۆلۈپ ئۆزى بۆلەك ئەرگە تەكسە، شۇ ئەر ئېنىڭ باللىرىنى ھەم ئۆگەي بالا دەر. كىچىك قىز بالىنى نارسىدە دەرلەر؛ كىچىك ئوغۇل بالىنى ھەم نارسىدە دەرلەر. چوڭ قىزنى بۆكلۈك دەر، چوڭ ئوغۇلنى يىگىت دەر. قىز ئەرگە تەكسە، قىزنى جۇگان دەر؛ ئوغۇل خوتۇن ئالسا، ئوغۇلنى ئۆيلەندۈرگەن دەر. خوتۇننىڭ ئېرى ئۆلسە، خوتۇن تۇل بولادو؛ ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى ئۆلسە، شۇ ئەرنى بويتاق دەرلەر، ھەم تۇل دەيدو. تۇغقان خوتۇننى جۇگان دەيمىز، تۇغماغان خوتۇننى چۆكەن دەيمىز. بالىسىز كىشىنى تىللەسە، قىسىر دەيدۇ؛ تىللەمىسە، تۇغماس دەيدو. ئىككى كىشىنىڭ يېشى بىر بولسا، ئۇلار بىر بىرىنى تەڭ تۇش دەر. ئېتى بىر بولسا، ئىككى ئادەم بىر بىرىنى ئاداش دەر. ئاتامنىڭ ئاتىسىنى دادام، ئانىسىنى ئانام دەرمەن. دادامنىڭ ئاتىسىنى بابام، ئانىسىنى مامام دەرمەن. ئاپامنىڭ ئاتىسىنى دادام، ئانىسىنى ئانام دەرمەن. قىزنىڭ قىز چاغدا چېچى ھەممىسى يەتتى تال بولۇر؛ ئەرگە تەكسە، بەش تال بولۇر، ئېنى چۆكەن دەر؛ بىرنى تۇقسا، چېچىنى ئىككى قىلۇر، ئېنى جۇگان دەر؛ ناۋادا تۇغماس بولسا، چېچىنى قاچان ئىككى قىلغاندا، جۇگان دەر. قىزنىڭ چېچىنى كۆكۈلە دەر؛ چۆكەننىڭ چېچىنى سۇمبۇل چاچ دەر؛ جۇگاننىڭ چېچىنى ياگغاق چاچ ھەم دەرلەر، سېكىلەك چاچ ھەم دەرلەر. قېرى ئەركەكنى بابا، قېرى خوتۇننى ماما دەر. بىزنىڭ ئەركەكلەر خوتۇننى ئون بەش ياشتىن ئاتمىش ياشقىچە ئالادو. قىز ئەرگە ئون ئىككى ياشتا بارادو؛ بالىنى ئون بەش ياشلىق بولغان مەلدە تۇغادو. ئەللىكتىن ئۆتكەندە خوتۇن بالا تۇغمايدو. بىزنىڭ بايلار توقۇز خوتۇن ئالسا، دۇرۇست. چوڭ خوتۇننىڭ ئەگگەلكىسىنى ئۆي بېشى دەيدو. خوتۇن نەچچە ئەرگە تەكسە، تېگەدو، ھېسابى يوق. ئوغلۇمنىڭ قىزىمنىڭ بالىسىنى مەن نەۋرەم دەرمەن؛ نەۋرەمنىڭ بالە-

سىنى ئەۋرەم دەرمەن؛ ئەۋرەمنىڭ بالىسىنى كۆكى نەۋرەم دەرمەن.

مېجىت (مۇجۇپ) ئاخۇن، 1891 ـ يىل7 ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

پاتىشانىڭ قىزىنى خېنىكە دەيدۇ. تەجى بەگلەرنىڭ قىز، خوتۇنىنى خېنىم دەيدۇ. ئۇلۇق بەگلەرنىڭ خوتۇنىنى ئايىم، قىزىنى خېنىم دەيدۇ. ئۇششاق بەگلەرنىڭ خوتۇنىنى ئاپپاق، قىزىنى خېنىم دەيدۇ. ئاغاچا قېرى قېرى بەگلەرنىڭ خوتۇنى بولادۇ. ئاپپاق ئۇلۇق موللانىڭ خوتۇنى. قۇشناچ دېگىنى ھۈنەرمەنت ئۇستانىڭ خوتۇنى؛ بالا ئوقۇتقان موللانىڭ خوتۇنى ھەم قۇشناچ. ئۇششاق خەقنىڭ خوتۇنلىرىنى مەزلىم دەيدۇ. شۇ ئېيتقان سۆزلەر كۆنە تۇرپاننىڭ ئادەملىرىنىڭ سۆزى.

## رەمچىنىڭ بايانى(رەسمى)

مېجىت ئاخۇن، 1891 ـ يىل8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسە، يا بىر نەرسە يىتكەن بولسا، «رەمچىنىكىدە رەم ئاشتۇراينىڭ »دەپ بارۇرلەر. رەمچىنىكىدە بېرىپ رەمچىگە ئېيتۇرلەر: ئەي رەمچى، ماڭا قۇرئان پېلى ئېچىپپەرگىن دېسە، بۇ كەلگەن كىشىنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ تۇرۇپ قولىنى قۇرئانغا باستۇرۇرلەر.

ئاندىن «پالان ئايەت كەلدى، دەپ قۇرئاننى يەتتى گاراق ساناپ، ئاندىن يەتتى قۇر ساناپ، ئاندىن بىر مۇنچا سۆزلەر قىلىپ « سېنىڭ يىتكەن مالىڭ بۇگۇن كەلمىسە، ئەرتە كېلەر!» ئەرتە كەلمىسە، ئۆگۈن كېلەر! دەپ بىر مۇنچا سۆزلەر بىرلەن دۇگا قىلىپ قويۇرلەر. ئاندىن بۇ كىشىنىڭ مالىنىڭ بېرىنى ئوغرى ئالۇرلەر، قالغىنىنى رەممال ئالۇرلەر.

رەمچى دېگەن قەللاپ(ئالدامچى ـ ت) تۇرۇر. ھەر كىشىنىڭ پۇل ـمالىنى ئوغرى ئالسا، يا مېلى يىتسە، رەمچىنىڭ ئايلىغا بېرىپ «ماڭا چىراغ بېقىپ پېرىڭ »دېسە، بۇ رەمچى بىر چىناغا جىق سۇنى ئاپكەپ قويۇپ، بۇ سۇنىڭ ئۇستۇنگە ئۇششاق، ئۇششاق يەتتى پاختا سالۇرلەر. ئاندىن بۇ رەمچى چىنىنى يېقىن ئاپكەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئاغزىدىكى يېلى بىرلەن سۇنىڭ ئۇستۇندىكى پاختىنى ئاستا پۈلەپ يۈرگۈزۈپ قويۇرلەر. ئاندىن بۇ پاختالار يەلدە ئۈيېنغا، بۇ يېنغا يۈرسە، بۇ رەمچى ئەيتۇرلەر:« مانا، سېنىڭ پالىڭ تولا ئابدان كەلدى! شۇ يول بىرلەن كېلەرلەر! تۆرت پاختا بىر يەرگە بولۇپ قالسا، مانا ئوغرى تۇتۇلۇپ قالۇرلەر». دەپ بىر مۇنچا سۆزلەرنى قىلىپ بۇ رەم ئاشقان سۇنى بىرەر قوبۇزدىن ئۆزى ئىچىپ قالغىنىنى تۆزلۇققا قۇيۇپ قويۇرلەر. ئاندىن بۇ رەمچى كەلگەن كىشىنىڭ قولىغا «نەنى ئاپكەلگەن(نىمە ئېلىپ كەلدىڭ ـ ت)» دەپ قارۇرلەر. بۇ كىشى ئاندىن ئېلىپ كەلگەن بىر نەرسىنى قويۇپ رەمچىگە دۇگا قىلدۇرۇرلەر. رەمچى بۇ كىشى كەتكەندىن كېيىن ئەيتۇرلەر: «سېنىڭ مالىڭنىڭ بېرىنى ئوغرى ئېلىپتۇ، قالغىنىنى قاراقچى ئالدى!» دەپ دۇگا قىلۇرلەر.

ئاندىن ئادەملەرنىڭ مالىنى ئوغرى ئالسا، رەمچىنىكىدە بېرىپ «رەمچى ئاكا، ماڭا دولا ساپپېرىڭ دېسە، بۇ رەمچى قوينىڭ دولىسىنى ئوتتا چالا كۆيدۈرۈپ، شامالغا تۇتۇرلەر. ئاندىن دولا ئۇششاق ئۇششاق يول-يول يېرىلۇرلەر. ئاندىن مۇنى رەمچى قولغا ئېلىپ ئەيتۇرلەر: «ئەي دولا ئىگىسى، ساڭا دولا ئابدان كەلدى! يىتكەن نەرسەڭنى يىراققا ئاپارالماس! شۇ توغرا يوللاردا توسلىپتۇ! ئىستەسەڭ، تېپىلىپ قالۇر! بۇ دولا يالغان ئېيتمايدۇ! بۇ دولا دېگەن ئەپلاتۇندىن قالغاندۇرلەر» دەپ بىر مۇنچالاغان سۆزلەرنى ئېيتىپ رەم ئىگىسىنىڭ «نەنى ئاپكەلگەن ؟» دەپ قولىغا قاراپ تەمەگىر بولۇپ ئولتۇرۇرلەر. ئاندىن بۇ رەم ئىگىسى قولتۇغىدىن بىر نەرسىسىنى چىقارسا، دۇگا قىلىپ ئالۇرلەر. ئاندىن بۇ رەم ئىگىسى «پېرىخۇنىكىدە رەم ئاشتۇرۇرمەن» دەپ ئاندا بارۇرلەر.

پېرىخۇنىكىدە بېرىپ «ماڭا رەم ئېچىپپەرگىن» دېسە، پېرىخون يەرلەرنى بىر مۇنچا سىزىپ ئاندىن بىر ئاسماڭغا قارۇرلەر، بىر يەرگە قارۇرلەر. ئاندىن ئەيتۇرلەر: «ئەي رەم ئىگىسى، سەن قورقمىغىن، ئۇلەر قولۇڭغا كېلۇرلەر! سېنىڭ كۆڭلۇڭدە بىر يەرگە ئاتاغىنىڭ بار ئىكەن! شۇنى قىلىۋات قولۇڭغا كەلۇرلەر! يەتتى جۇپ پۆشكەل سالساڭ، مەن دۇگا قىلىپ بېرەمەن دېسە، بۇ رەم ئىگىسى ئاپكەلگەن بىر نەرسىسىنى دۇگا قىلدۇرۇپ ئېنىڭ ئۇستۇنگە يەتتى جۇپ پۆشكەل سېلىپ دۇگا قىلدۇرۇرلەر.

يەنە بۇ رەم ئىگىسى پېرىخۇنىكىدىن چىقىپ ئەمدى نەرگە باراي ؟ دەپ يەنە بىر رەمچى مامىنىكىدە بارۇرلەر. ئاندىن بۇ رەم ئىگىسى «ئەي ماما، ماڭا رەم ئېچىپ پېرىڭ» دېسە، ئاندىن بۇ ماما، خالتىسىنى ئېلىپ بىر شىڭ تېشىنى يەرگە قويۇپ ئوننى بىر، بەشنى بىر ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە تاشنى قويۇپ ئەيتۇرلەر: «مانا، بەشۆلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپتۇ. تاشلاپ قويىنى! دېيىشۋېتىپتۇ!» دەپ، ئىماملارنىڭ ھەققىدە ئاتاغان بىر نەرسەڭ بولسا، دۇگا قىلدۇرۇۋاتقىن، دەپ يەنە تاما قىلىپ ئولتۇرۇرلەر.

«قۇرئان» ئېچىپ رەم ئاشقان ئادەم ئەر كىشى بولادۇ، خوتۇن بولمايدۇ. پاختا بىرلەن رەم ئاشقان ئادەم خوتۇن بولادۇ، ئەر كىشى بولمايدۇ. قوينىڭ دولىسى بىرلەن رەم ئاشقان ئادەم خوتۇنىما بولادۇ، ئەرما بولادۇ. رەم ئاشقان پېرىخون خوتۇن بولادۇ، ئەر كىشى بولمايدۇ. تاش بىرلەن رەم ئاشقان ئادەم خوتۇن بولادۇ، ئەر كىشى بولمايدۇ.

## جىن ئۇچۇراغىنى ھەم چىقارغىنى

مېجىت ئاخۇن ، 1891ـيىل 7 ـئاينىڭ 26 ـ كۈنى

جىن ئۇچۇراغان ئادەمنى تەلبە دەيدۇ. بۇ تۇرپان خەلقى، يا ئەر كىشىگە، يا مەزلۇم كىشىگە جىن ئۇچۇراسا «بۇنى پەرىگە سالىنى» دەرلەر، «بۇ تەلبە بولۇپتۇ، پەرىخۇننى ئېيتىپ كېلىپ پەرى ئويناتىنى» دەرلەر. ئاندىن بۇ تەلبە يىگەن ئىشكەننى بىلمەي، كىرگەن- چىققىننى بىلمەي كوچىلـ كوچادا تەلبىلىك قىلىپ يۈرۈرلەر. ئاندىن كېيىن پەرىخۇننى ئېيتىپ كېلۇرلەر. پەرىخۇن كېلىپ بۇ تەلبىنىڭ پۇت - قولىنى بېكىتىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇرلەر. ئاندىن بۇ تەلبىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئوترىسىنىكى ئۇدۇلىغا بىر پارچا ئارغامچىنى ئاپكىرىپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى يەرنىڭ تېگىگە كۆمەرلەر، بىر ئۇچىنى ئۆيىنىڭ ئۇستۇنىدىكى لىمغا باغلۇرلەر. ئېنىڭ كېيىن بۇ ئارغامچىغا بىر ئاق ماتانى يۆرگەرلەر: ئاندىن بۇ ئارغامچىنى بۇ يەرگە باغلاغىننى تۇغ دەرلەر. بۇ تۇغنىڭ ئۇستۇگىكى بېشىغا يەتتى قىسما ياغلىقنى باغلاپ قويۇرلەر. بۇ تۇغ تەييار بولغاندا تەلبىنىڭ ئىگىسى ئۇششاق يېتىملەرنى «دېپىڭلار بىرلەن كېلىڭلەر، بىز پەرى ئويناتامىز» دەپ چىرلاپ قويۇرلەر. پەرىخۇن بۇ چىرلاغان ئادەملەر يىغىلغاندا تۇغ تىككەن ئۆيگە كىرىپ، بىر چىننى قولىغا ئېلىپ چىنىنىڭ ئىچىگە كېبەك سېلىپ، ئاندىن پىياز كۆكى سېلىپ، ئېنىڭ ئۇستۇنىگە ئوت سېلىپ، بۇ پەرىخۇن ئۆزىنىڭ بوينىغا قارا ئارغامچىنى سېلىپ قولىدىكى چىنىنىڭ ئىچىگە سالغان نەرسەلەرنى ئىسرىق دەرلەر. بۇ پەرىخۇن قولىدىكى ئىسرىقنىڭ ئىسنى چىقىرىپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىغا قاراپ «يا ئابدۇراھمانخان! مەدەت قىلغىن» دەپ ئۆيىنىڭ تۆرت بۇلۇڭىغا ھەر بىرىسىگە يەتتى قېتىمدىن ئىسرىقنى يېقىن ئاپىرىپ تۇتۇپ ئابدۇرراھمانخانغا تازىم قىلۇرلەر. بۇ پەرىخۇللارنىڭ پىرلىرى ئابدۇرراھمانخان تۇرۇرلەر. پەرىخۇن بۇ پەرى ئويناتۇرغان ئۆيگە تەلبىنى ئاپكىرىپ تۇغنى تەلبىگە تۇتتۇرۇپ چۆرۈلدۈرۈپ ھايداپ قويۇرلەر. بۇ يىغىلغان ئادەملەرنى شۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە سولاپ ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ قويۇرلەر. بۇ ئادەملەر ئاندىن دېپىنى قولىغا ئېلىپ چالۇرلەر. بۇ پەرىگە ئېيتقان ناخشىنى «پەرى ناخشىسى» دەرلەر. بۇ ناخشىنى باشقا چاغدا ئېيتسا، تەلبە بولۇپ قالۇرلەر. ئاندىن يىغىلغان ئۇششاق يېتىملەر دېپىنى قولىغا ئالغاندا ئېيتاتۇرغان پەرى ناخشىسى مۇشۇ دۇرلەر:

ئويناڭ پىرىم ئويناڭ! ئەي شاھ پىرىم ئويناڭ!
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك، ۋاي ئېگىلىپ ئويناڭ!
ئويناڭ پىرىم ئويناڭ! ئەي، شاھ پىرىم ئويناڭ!
قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ! ئەي، شاھ پىرىم ئويناڭ!
قارا مەندە يوق دەپ ئەي، شاھ پىرىم ئويناڭ!
قاراموقنىڭ دانىسىدەك ئەي، شاھ پىرىم ئويناڭ!
گۇنا مەندە يوق، دەپ ئويناڭ، پىرىم ئويناڭ!
«قارا مەندە يوق» دەپ ئەي، شاھ پىرىم ئويناڭ!

دەپ بۇ ناخشىنى ئۇششاق يېتىملەر ئېيتۇر. ئاندىن پەرىخۇن بىر سائەتكەچىلىك بۇ تەلبىنى چۆرۈلۈپ ئۆز قولىغا قىلىچ ئېلىپ تەلبەگە دالىيىپ ئويىنۇرلەر. ئېنىڭ كېيىن بىر سائەت بولغاندا داپ چالغاللارنى «تۇشۇرۇڭلەر!» دەيدۇ. بۇ داپنى تۇشۇرۇپ بولغاندا پەرىخۇن ئوتتا قىزارتقان كەتمەننى بىر قولىغا ئېلىپ، بىر قولىغا چىناغا سۇ ئېلىپ، كەتمەنگىگە پۈركەرلەر. بۇ تەلبىنى يەتتى قېتىم چۆرۈلۈپ شۇ يوسۇندا قىلۇرلەر. ئاندىن پەرى بولغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچۇرلەر. بۇ پەرىنى ھەر بىر قېتىم ئويناغاندا شۇ قايىدىلىرىنى قىلىپ بىر سائەت، بىر سائەت ئويىنۇرلەر. ھەر كۈندە بەش قېتىم ئويىنۇرلەر. بۇ ئويۇننى ئويناپ بەش كۈن بولغاندا، بەشىنچى ئاخشىمى ئويناغاندا، بۇ تەلبىنى تۇغنىڭ تۈبىدە ياتقۇزۇپ كۆزىگە بۇ پەرىخۇن قىلىچىنىڭ ئۇچىنى سانچىپ تۇرۇپ ساڭا ئۇچۇراغان نەچچە جىن؟ ئۇلارنىڭ ئېتى نېمە؟» دەپ پەرىخۇن تەلبىدىن سورۇرلەر. تەلبە، يا بىر دەپ، يا ئىككى دەپ ئېيتۇرلەر. «ئۇلارنىڭ ئېتى نە؟» «گۈل پەرى، ئاي پەرى!» دەرلەر. ئاندىن پەرىخۇن « شۇ جىللىرىڭنىڭ ئېتى بىرلەن قېتىپ ماڭا بەردىڭمۇ؟ » دەپ قىلىچنى سانچىپ تۇرۇرلەر. ئاندىن بۇ تەلبە «بەردىم، بەردىم!» دەپ توۋلاپ تۇرۇرلەر. ئاندىن بۇ پەرىخۇن «رازى بولدۇڭمۇ» دەپ رازىلىق بىرلەن جىننى ئالۇرلەر. ئاندىن پەرىخۇننىڭ يىغىۋالغان جىللىرى بۇ تەلبىدىن ئالغان جىننى باغلاپ ئالۇرلەر. بۇ تەلبىنىڭ جىننى ئېلىپ بولغاندا تەلبە بولغان كىشى گاس بولۇپ قالۇرلەر. بۇ جىننى ئېلىپبولغانىغا بۇ گاسنى يەنە ئىككى كۈن شۇ قايىدادا پەرى ئويىنۇرلەر. يەتتى كۈن بولغاندا بۇ تەلبىنى ساقايتىپ «پەرىنى كۆچۈرەمىز» دەپ كۆچۈرۈرلەر. بۇ پەرىنى كۆچۈرگەندە كۆچۈرگەننىڭ قايىدىسى بىر قوي تەييار قىلىپ قويۇرلەر. يەنە بىر ئاق ماتانى تەييار قىلىپ قويۇرلەر. ئاندىن يەتمىش پۆشكەل سالۇرلەر، ئون ئالتە جۈپ يىغاشقا پاختا يۆرگەپ، ياققا سۈرتۈپ، تەييار قىلىپ قويۇرلەر. ئاندىن پەرىنى كۆچۈرەتۇرغان مەلدە بىر ئويۇن سالۇرلەر. بۇ ئويۇننى ئويناپ تۇرۇپ يېرىمى بولغاندا تەييار قىلىپ قويغان نەرسەلەرنى پەرى بولغان ئۆيگە ئاپكىرىپ ئون ئالتە جۈپ يىغاشنى ئوتقا يېقىپ بىر جۈپتىن ئۆيىنىڭ تۆرت بۇلۇڭىغا تۆرت جۈپنى ياقۇرلەر. قالغان ئون ئىككى جۈپ ياغاچنى ئۈچ جۈپنى تۇغ تىككەن يەرگە ئوت يېقىپ سانجىپ قويۇرلەر. قالغان توققۇز جۈپنى بۇ سېلىپ قويغان يەتمىش پۆشكەلگە ئوت يېقىپ سانجىپ قويۇرلەر. بۇ قوينى تۇغنى يۇلۇۋېتىپ تۇغنىڭ ئورنىغا بوغۇزلارلەر. ئاندىن بۇ پەرىخۇن ئۆيدىكى ئادەملەرنى تالاغا چىقارۇرلەر. بۇ تەلبىنى، بېشىغا ئاق بۆزنى سېلىپ، يەنە خەقنىڭ ئايلىغا سالۇرلەر. پەرىخۇن قولىغا قىلىچنى ئېلىپ بىر قولىغا بىر باق قېمىشنى ئېلىپ تالاغا

MIRAS

چىقۇرلەر. پېرىخۇن، جىللىرى قايىنىغا ماگسا، شۇ يېنىغا يۇ-
گۇرۇرلەر. پېرىخۇننىڭ ئارقىسىدىن بۇ خەقلەرنىڭ ھەممىسى
يۇگۇرۇشۇرلەر. بۇ يۇرگۇرگەن جىللار، قاي يەردە ئەسكى
تاملىق بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ تۇشۇرلەر. پېرىخۇن بۇ
جىللىرى تۇشكەن يەرگە كېلىپ تەلبە بولغان ئادەمنى ئاپكې-
لىپ ئولتۇرغۇزۇپ تەلبىنىڭ چۆرىسىنى ئۆيگە ئوخشاش
يەرنى سىزىپ، بۇ كەلگەن خەقلەرنى سىزىقنىڭ ئىچىگە
ئاپكىرىپ «بىر دۆرە ئېيتىڭلار» دەپ ناخشى ئېيتۇرلەر.
پېرىخۇن بىر باق قېمىشقا ئوتنى يېقىپ تەلبەنىڭ بېشىدىن
ئۇ يېنىغا، بۇ يېنىغا ئىرغىتىپ تۇغقا باغلاغان يەتتى قىسما
ياغلىقنى ئاپكىلىپ، ئوت يېقىپ، بۇ تەلبەنىڭ بېشىدىن بىر-
دىن- بىردىن ئېلىپ تاشلاپ، ئوتقا كۆيدۇرۇپ سالۇرلەر.
بۇ يەتتى قىسما ياغلىق كۆيۇپ بولغاندا پېرىخۇن« قې-
چىڭلار، قېچىڭلار» دەپ قوغلاباتۇرلەر، «ئارقاڭلارغا قاراماي
قېچىڭلار دەرلەر». نېمە ئۇچۇن ئارقىسغا قارامايدو؟ دېسە،
بۇ پېرىدىن ئادەملەر تاراغاندا بۇ جىللارمۇ شۇنداق تاراي-
دو. جىللار تاراغاندا بۇ قاشقان ئادەملەر قېچىپ كېتىپ
بېرىپ، قاسى ئارقىسغا قاراسا، بۇ تاراغان جىللار كېلىپ
شۇ كىشىگە يېپىشۇالۇرلەر. بۇ جىن يېپىشۇالسا، شۇنىڭغا
ئوخشاش تەلبە بولۇپ قالۇرلەر. ئاندىن كېيىن بۇ پېرىخۇن
پېرى كۆچۈرگەن يەردىن ئۆيگە يالغۇز كېلۇرلەر. بۇ پېرى-
خۇنغا پېرى ئىگەلەرى تۇق تىككەن ئارغامچىنى، يۆرگەگەن
بۆزنى، بوغۇزلاغان قوينىڭ گۆشىنى، يەتمىش پۆشكەلنى، بۇ
تەلبەنىڭ بېشىغا ياپقان بۆزنى، ھەممىسنى بىر قىلىپ تەلبە
بولغان ئادەمنىڭ بىر قۇر كىيگەن كىيمنى قېتىپ بۇ پېرى-
خۇنغا بېرىپ دۇگا قىلدۇرۇرلەر.

بۇ كىشنى پېرىخۇن دەرلەر، جىن ئۇچۇراغان كىشىنى
تەلبە دەرلەر، بۇ تەلبەنى سەبەپ قىلىپ ساقايتقىننى پېرى
دەرلەر. بۇ خەقلەرگە جىن ئۇچۇراسا، شۇ سەبەبنى قىلۇرلەر.

**كەتمەن باسقاننىڭ بايانى**

قومۇل، بوسۇق نىياز،1892 -يىل 2- ئاينىڭ 10 -كۈنى

ئەگگەل يەتتى كەتمەننى بىر يەرگە دوبالاپ بۇ دۇئانى
ئېيتىپ بەتلەيدو.

مۇندا كەلسۇن! مۇندا كەلسۇن! گە زىكرىيا، ئەلەيھى!
قۇل قازاق،قۇل قازاق!پېرىلەرىم! بىسيار لەشكەرى بىرلەن
خىزرى ئىلياس گە داگۇت، گە سۇلايمان، گە جىرجىس،
ئەيسا كەلسۇن، ئىبنى مەريەم، سەلگاتۇللا، ئوت تۇپ،بەت-
كەر دەم، دەپ قىزىتماغان سوق كەتمەننى بەتلەيدو. ئاندىن
كېيىن يەتتى كەتمەننى ئوتقا سەپ قىزىتادو. قىپ قىزىل
چوق بولغاندىن كېيىن بىر كەتمەننى ئوچاقتىن ئېلىپ بەدە-
نى ئىشىپ قالغان ئەدەمنىڭ بەل ئاغرىيدۇغان يەرگە، قول-
لىرىغا، موللا ئەدەم يالاڭغاچ پۇتى بىرلەن شۇ بىر كەتمەننى
دەپسەپ ئاغرىق كىشىنىڭ ئاغرىغان يەرلىرىگە باسادو. شۇ
كەتمەن سوپ قالسا، ئېنى ئوچاققا سېلىپ يەنە بىر قىزىتىپ
ئەپ، يالاڭغاچ پۇتى بىرلەن ھېلىقىدەك دەپسەپ يەنە بىر
بۆلەك ئاغرىغان كىشىگە باسادو. يەتتى كەتمەننى ئاغرىق
كىشلەرگە شۇ يوسۇن بىرلەن باسادو: ئاغرىق ئېغىر بولسا،
پۇت بىرلەن قىرىق بىر مەرتەبە باسادو، ئاغرىق يېگىل
بولسا، ئون بىر مەرتەبە باسادو. ئاندىن يېگىل بولسا، يەتتى
مەرتەبە باسادو. باسقاندا بۇ بېيتلەرنى ئېيتادو.

ئەي خۇداگەندە ئاللا، ئاللا!
مىزانەم، بەر دەرى تۇ شەيى،
ئاللا، ئاللا مىزانەم،
ئەي ئاللا سويى خۇدەت،
راھنەما، زانكىما.
گۇمراھۇم ئۇ رەھمە زانەم،
ئانا مىنكە يا سەيدىل كەرىم!
يا خىزرى ئەلەيكە سالام!
ئۇنسۇرنى، بە ھەققى!
بىسمىللاھى رەھمانىر رەھىم،
بى رەھمىتىكا يا ئەرھەمۇرراھىمىن!
ئوت تۇپ، بەتكەردەم.

دەپ بەتلەيدو. ئاندىن كېيىن يەتتى كەتمەننى يەنە قى-
زىتىپ ئاغرىق كىشلەرنى لالو(زەمبىل - ت )نىڭ بېشىدا
ئولتۇرغۇزۇپ، لالونىڭ ئاستىنىغا بىر تەگىننى قويۇپ، ئېنىڭ
ئىچىگە ئىلمان سۇ قۇيادو، قىش كۈنى بولسا؛ ياز كۈنى
بولسا، مۇزدەك سوق سۇ قۇيادو. بىر قېلىن كەتمەننى، يا
بىر پارچا چويۇننى، يا ئۈچ يۇپقا كەتمەننى تەگىننىڭ ئى-
چىگە سالادو، قىپ -قىزىل قىزىتىپ. ئىككىنجى مەرتەبە ھەم
شۇنداق قىلادۇ. ئۈچۈنجى مەرتەبە يالغۇز قالغان يەتتىنجى
كەتمەننى قىزىتىپ تەگىننىڭ ئىچىگە سېلىپ ئاغرىقلارنى
ئومدان تەرلىتىپ ئىسسىق كاگدا ياتقۇرادو. شۇل سەبەب
بىرلەن ئاغرىق كىشى ساقايادۇ. ئاندىن كېيىن ئازايىم ئار-
باقلارنى ئوقۇپ، ئوت بىرلەن ئۇچۇغداپ كۆچۈرەدو. كەت-
مەن باسقۇچى موللا ئاغرىق ئەدەمنىڭ ئۇستۇنىگە زادەر
كىشى بولسا، ئۈچ كۈندە يىگىرمە بىر، ھەر كۈندە يەتتە-
دىن ئازايىم ئارباقلارنى ئوقۇتادو؛ گاداي ئەدەم يا بىر
كۈن، يا ئىككى كۈن ئوقۇتادو. زادار(باي - ت ) كىشى
ئوقۇغان موللاغا بىر كۆرە ئاشلىق، بەدىنىگە كىيگەن ئىگىنى-
نى، بىر قوي مال يا ئۆشكە بېرىپ دۇئا قىلدۇرادۇ. گاداي
كىشى بولسا، ئىككى كۆرە ئاشلىققا دۇئا قىلدۇرادو.

ئازايىم ئارباقلارنى ھەر قايسى پېرىگە بۆلەك ئوقۇيدۇ.
پېرىلەر تۆرت گۇرو بولادو : مۇسۇرمان پېرى، كاپىر پې-
رى، تەرسا پېرى، جوھوت پېرى.

**1. مۇسۇرمان پېرىنى قوغلاغىنى**

2008.2

ئەززەمتۇ ئەلەيكۇم،
باش ئاغرىتقۇچىلار !
ئەززەمتۇئەلەيكۇم،
كۆزئاغرىتقۇچىلار!
قۇلاق ئاغرىتقۇچىلار!
يۈرەك ئاغرىتقۇچىلار!
قو لئاغرىتقۇچىلار!
پۇت ئاغرىتقۇچىلار!
جۇملە زايىتلەرنىڭ ھەققى،
جۇملە ئابىتلەرنىڭ ھەققى،
چار پىر مۇرسەللەرنىڭ ھەققى،
چار پىر نەبىلەرنىڭ ھەققى،
چار پىتىر گۈللەرنىڭ ھەققى،
ھەپتە خوجالەرنىڭ ھەققى،
ھەپت ئىسمى ئەزەملەرنىڭ ھەققى،
پەنچى قىرىقلەرنىڭ ھەققى،
جەمى نەقىپلەرنىڭ ھەققى،
بى ئەمرىھىئەيتتىم مۇنى؛
شۇبۇ ئۇلۇقلەرنىڭ ھەققى
كۆچۈڭلەر! كېتىڭلەر!
سىلەرنى كۆچۈرگەلى كەلدىم،
سىلەرگە ئان بەرگەلى كەلدىم،
موللا ئىسرايىل دەمى بىرلەن،
موللا شاكاكۇل دەمى بىرلەن.
مەككە مۇئەززەم ھەققى،
جايى زەمزەم ھەققى،
كۆسەرھەققى،
بەيتۇل ئەقزاھەققى،
سىراتۇل مۇنتەھا ھەققى،
قاپ قوسىن ھەققى.

**2. كاپىر پېرىنى قوغلاغىنى**

ئەززەمتۇئەلەيكۇم،
يا دۆگەلەر،يا پېرىلەر!
بۇ تەندە سىلەرگە ئورۇن يوق!
ئىپار زەپىران بىرلەن سىزگە
دۇت سالدىم، يا پېرىلەر!
كەلامى رەببانى بىرلەن
سىزگە مىچىت قەبزا قىلدىم!
تا سىلەرنى لاتا مانات
دەرلەر، يا پېرىلەر!
سىلەرنىڭ مانادىڭلارنى
قۇرۇتۇرمەن، يا دۆگەلەر!
پېرى بىرلەن زىيانداش،
كويى قاپتا قالغان داگۇت ئوغلى،
سۇلايماننىڭ دەمى راگان
قىلۇرمەن، يا پېرىلەر!
كۆچەر بۇتتىن بولساڭلار،
قەمەردىن كەلتۈرگۈچىلەر،
ئەقىلدىن شاشتۇرغۇچىلار!
تەگرى- خۇدا ئەززى جەللى!
خاس ھەققى! مايمۇنە
پېرى زەگىمدىن بولساڭلار!
كۆچۈڭلەر، يا پېرىلەر!
سۇمبۇلە پېرىدىن بولساڭلار
كۆچۈڭلەر، يا دۆگەلەر!
قوندۇز پېرىدىن بولساڭلار،
كۆچۈڭلەر، يا پېرىلەر!
قايتۇس پېرىدىن بولساڭلار،
كۆچۈڭلەر، يا دۆگەلەر!
خۇرۇش پەرىدىن بولساڭلار،
كۆچۈڭلەر، كېتىڭلەر!
كۇنچىقىشتىن كۇنپېتىشقا
يۈرۈگەنلەر، يا پېرىلەر!
خۇدانىڭ يارلىغى بىرلەن
كۆشكىل، كەتكىل، ئەي مەلئۇنلار!

**3. تەرسا پېرىنى قوغلاغىنى**

ئەززەمتۇ ئەلەيكۇم، ئەي دۆگەلەر!
ئەزەمتۇ ئەلەيكۇم، يا پېرىلەر!
كۆسسەڭلەر، كۆچۈڭلەر!
كۆچمەسەڭلەر ،خۇدا تەلا
ئازاب ـ ئوقۇبەت سىلەرگە كەلدى
بۇ تەندە سىلەرگە ئورۇن يوق!
ساچىڭلارنى يېيىڭلار!
بۇلۇڭلارغا كىرىڭلەر!
تا ماشرىقتىن تا مەغرىبقە
كۆسسەڭلەر، كۆچۈڭلەر!
مەنزىلگاھىڭغا بېرىڭلار!
گۇمبەزى دەگگارغا كۆچۈڭلەر!
دەريايى خاكستانغا كۆچۈڭلەر!
دەريايى ئاتەشكە كۆچۈڭلەر!
دەريايى بارانغا كۆچۈڭلەر!
دەريايى ئامانغا كۆچۈڭلەر!
چەشمە خارلارغا كۆچۈڭلەر!
ئاسمان زېمىنگە كۆچۈڭلەر!

تۇرلۇقلىرىڭغا كۆچچۈگلەر!
كۆچكىل، كەتكىل، ئەي مەلئۇنلار!
يۇرت يامىنى ئاچ ئەرگاهى!
بى نامازلارنىڭ ئۇۋالىنى
سىلەرنىڭ بوينۇڭلارغا يۈكلەرمەن،
تانابىڭلارنى تارتۇرمەن،
ئۆلگۈچە يەسىر قىلۇرمەن،
قان شاراپ ئىچىرۇرمەن،
تۇگۇنچۇگۇگنى تۇگۇرمەن،
تېنىگلەرنى توغۇرارمەن،
سېچىگلارنى قىرقۇرمەن،
دۇئايى قارنامە ئوقۇرمەن،
دۇئايى قار كۆللى ئوقۇرمەن،
دۇئايى ناتەلى ئوقۇرمەن.
ئوتتەك كۆيەرسىلەر،
قورغۇشۇندەك ئېرۇرسەن.
بۇ تەندە ساڭا ئورۇن يوق!
سايەگەر سۆچگە توغاچى،
ۋە تامغۇچى، توققۇز سايات،
يەتتى كەپتەرباز ئۆرە تۇرۇپ
تامبال كەيگەنلەرگە، گۆش يەپ
قولنى يۇماغانلارنىڭ،
تا كۆچەرسەن؛لاتا مانات
جۇملەسىنىڭ ئۇۋالىنى سېنىڭ بوينۇڭغا يۈكلەرمەن،
سىزنى دەرلەر؛
ئۇخرۇچ، ئۇخرۇچ!
**4. جوهوت پېرىنى قوغلاغىنى.**
يا دۆگەلەر، يا پېرىلەر!
قۇش ئەسەرىدىن بولساڭلار،
كۆسسەگلەر،كۆچچۈگلەر!
ئوت ئەلپەشەكتىن بولساڭلار،
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
يا ئەلپەزەكتىن بولساڭلار،
كۆسسەگلەر، كۆچچۈگلەر!
ئېجىرغىنىپ تۇرساڭلار،
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
قۇرۇشماندىن،ئېلىشماندىن
بولساڭلار، كۆچچۈگلەر!
يارىيەكتىن بولساڭلار،
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
سىلەرگە بۇ تەندە ئورۇن يوق!
كۆسسەگلەر،كۆچچۈگلەر!
خۇدانىڭ يارلىغى بىرلەن،
سۇلايماننىڭ هۆكمى بىرلەن،
كۆشكىل، كەتكىل، ئەي مەلئۇنلار!
خان سۇيۇتتۇن بولساڭلار،
كۆسسەگلەر، كۆچچۈگلەر!
قامار توغىچى ئابدۇرراهمان،
جىپار ئالچىنىڭ كۆگنىدىن
تۇغۇلغان بولساڭلار،
كۆسسەگلەر،كۆچچۈگلەر!
غايىپ ئوتلاردىن بولساڭلار،
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
غايىپ لەشكەردىن بولساڭلار،
كۆسسەگلەر،كۆچچۈگلەر!
ئازقاق ـ چولاقتىن بولساڭلار،
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
ئەرگاھ جىندىن بولساڭلار،
كۆسسەگلەر، كۆچچۈگلەر!
ئالباسقاندىن بولساڭلار،
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
ئۇمموسسبياندىن بولساڭلار،
كۆسسەگلەر، كۆچچۈگلەر!
مۇسۇرمان زىياندىشتىن
بولساڭلار، كۆچچۈگلەر!
ئېزىتقۇچىدىن بولساڭلار،
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
بۇ دۇنيانىڭ تۆرت بۇرجى،
يەتتى قىرغىندىن بولساڭلار،
كۆسسەگلەر، كۆچچۈگلەر
توققۇز مىڭ لەشكەرنى باشلاپ
رەسۇل خۇدا ئەمرى بىرلەن
پىرىمنىڭ دەسكەرى بىرلەن
كۆچچۈگلەر، يا پېرىلەر!
ئازايىملار، پېرىخونلار
خۇدانىڭ يارلىغى بىرلەن
دەمى بىرلەن كۆچچۈگلەر!
سۇلايماننىڭ هۆكمى بىرلەن،
كۆشكىل، كەتكىل، ئەي مەلئۇنلار!

بۇ ئازايىم ئارباقلارنى ئوقۇغاندا مولـلا يۈكۈنۈپ ئـول‍تۇرادۇ. پىچاققا هۇرۇپ ئاغرىق ئەدەمنىڭ هەممە نەرسەلە‍رىگە سۇرۇپ، پېرىلەرنى «كۆچ، ئۇخرۇچ!» دېيدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىز ئورخۇن

# تاتار خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ھەققىدە

مالىك چانىشېۋ

تاتارلار قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىز جۇڭگونىڭ شەرقىي
شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. تاتارلار
يىراق ئۆتمۈشتىن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان جەريانىدا،
ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ياۋروپا تەۋەسىدىكى ئىدىل
دەريا بويلىرىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ، شۇ جايدىكى يەر-
لىك خەلقلەر بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان تاتار
مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى
ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى خاس ئالا-
ھىدىلىكلىرىنى ئىدىل بويلىرىدىكى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەت-
كەن باشقا قوۋملارنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىچە كۆز قاراشلىرى بى-
لەن تېخىمۇ بېيىتىپ، دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول ۋە
خىلمۇ خىل بولغان تېخىمۇ كۆپ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى
بارلىققا كەلتۈرگەن. شىنجاڭدىكى تاتارلار ئارىسىدا ساقلىنىپ
كېلىۋاتقان ئەنە شۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ مەلۇم بىر
قىسمى «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى
ئىشخانىسى» تەرىپىدىن توپلىنىپ، ئومۇمىي كاتالوگى تۈ-
زۈلدى. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ باشقا قېرىنداش مىل-
لەتلەر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخ-
شاشلىقى بولسىمۇ، يەنىلا ئاساسلىقى تاتار مىللىتىنىڭ ئۆزى-
گە، خاس بولغان ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مىللىي ئالا-
ھىدىلىكى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن
بىرگە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى سې-
لىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا تەتقىقاتچىلارنى قىممەتلىك ماتې-
رىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تاتار قىز ـ ئاياللىرى تېما قىلىنغان ئەپسانىلەردە قىز ـ
ئاياللارنى قەدىرلەش كۆز قاراشلىرىنىڭ قەدىمدىلا شەكىللەن-
گەنلىكى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تاتار مىللىتى ئىچىدە ئورنى نا-
ھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تاتار مىللىتىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈشى ھەم تەرەققىياتىدىكى ئوينىغان رولىنىڭ ئۇ-
زۇن تارىخىي ئاساسىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال
بولالايدۇ.

«زۆھرە يۇلتۇزى» ئەپسانىسىنى مىسالغا ئالساق، زۆھ-
رە ئىسىملىك قىزنى ئۆگەي ئانىسى ھەر قانچە ئۆگەيلەپ،
قىيىنچىلىقلارغا سېلىپ، يىرتقۇچ ياۋايى تىنلىقلار بار ئور-
مانلارغا ئىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق قەستلىسىمۇ، زۆھرە
بۇلارنى ئاتىسىغا پەقەت ئېيتمايدۇ. ئۇ يەنىلا ئۆگەي ئانە-
سىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى ئورۇندايدۇ.
ئەپسانىدە بۇنى بايان قىلىش ئارقىلىق زۆھرەنىڭ ناھايىتى
ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ياخشى خۇلق ـ مىجەزلىك، تۈزۈ-
لۈك گۈزەل پەزىلەتلىك ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئەپسانە-
نىڭ ئاخىرىدا زۆھرەنىڭ كۆككە ئۇچۇپ چىقىپ، تاڭ ئال-
دىدىكى نۇرلۇق زۆھرە يۇلتۇزىغا ئايلانغانلىقىنى تەسۋىرلەش
ئارقىلىق تاتار قىزلىرىغا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك
قىزلارنىڭ زۆھرە يۇلتۇزىغا ئوخشاش خەلق ئىچىدە قەدىر-
لىك بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

«ئانا يۈرىكى» ئەپسانىسىدە ياشلا تۇل قالغان ئانا پۈ-
تۈن ھاياتىنى يالغۇز ئوغلىنى ئازارسىز بېقىپ چوڭ قىلىش
ۋە يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەشكە بېغىشلايدۇ. ئوغلى ئۆسۈپ
يېتىلىپ يىگىت بولغاندا، بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ
ۋە قىزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى سوغۇ-
رۇپ ئېلىپ، قىزغا يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپ ئالدىراپ
ماڭغاندا، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوغلىنىڭ
قولىدىكى ئانا يۈرىكى:«بالام قاتتىق يىقىلدىڭمۇ؟ بىرەر يې-
رىڭ ئاغرىدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بىز بۇ ئەپسانىدىن تا-
تار ئانىلىرىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان چەكسىز ئانىلىق مېھرى
ۋە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇ-
رىدىغانلىقىدەك ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە پىداكارلىق روھىنى
ئىنتايىن ئۈستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكىنى كۆ-
رۈۋالالايمىز.

«شۈرەلى»، «ئۆي ئىگىسى»، «ئالۋاستى» قاتارلىق
جىن ـ ئالۋاستىلار تېما قىلىنغان ئەپسانىلەر ئىچىدە «شۈ-
رەلى» ئەپسانىسى تاتار مىللىتى ئىچىدىلا بولغان جىن تې-
مىسىدىكى ئەپسانە. ئۇنىڭدا شۈرەلىگە ئايلانغان جىن، جىن-
لىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلماي،
بەلكى ئادەملەرنى غىدىقلاپ ئويناپ، كۈلدۈرۈپ ئۆلتۈر-
ىدىغان ئادەمسىمان جانلىق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەپسانىنىڭ
ئاخىرىدا ئەقىللىق، چىچەن ۋە چېۋەر تاتار يىگىتىنىڭ جىن
شۈرەلىنىڭ بارماقلىرىنى لىم ياغاچنىڭ يېرىقلىرىغا ئەپچىللىك
بىلەن قىسىپ، ئەدىپىنى بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ ۋە
ئىنسانلارنىڭ جىنلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىدىن ئى-
بارەت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تىنلىقلار ھەققىدىكى ئەپسانىلەرگە قارايدىغان بولساق،

«يوھا» ئەپسانىسى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مەزمۇنى بىلەن كې-
شىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەپسانىدە، يىلاننىڭ بىر ياشتىن
8 ياشقىچە قۇرت دەپ ئاتىلىدىغانلىقى؛ يىلان 90 ياشقا
كىرگەندىن باشلاپ يىلان دەپ ئاتىلىدىغانلىقى؛ مىڭ ياشقا
كىرگەندە ئەجدىھا بولىدىغانلىقى، ھەر قانداق جانلىقنى
يالماپ يۇتۇۋېتەلەيدىغانلىقى، لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا تۇپا
يەيدىغانلىقى؛ 2 مىڭ ياشقا كىرسە يوھا بولىدىغانلىقى؛ ئۇ-
نىڭدىنمۇ ئارتۇق ياشىسا چىرايلىق يىگىتكە ياكى گۈزەل
قىزغا ئايلىنىدىغانلىقىدەك ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەپسا-
نە قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شەرقىدە بارلىققا كەلگەن
ئەجدىھا ئەپسانىسىنىڭ تاتارلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ بېرىشى
بىلەن بىللە ئىدىل بويلىرىغا تارقىلىپ، كۆپلىگەن يېڭى
مەزمۇنلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىپ،
خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان تاتار خەلق ئەپسانە-
سىگە ئايلانغان.

«چىڭگىزخان» ھەققىدىكى رىۋايەتتە، نامەلۇم بىر ئوت
ئۆينىڭ تۈگلۈكىدىن چۈشۈپ، چىڭگىزخاننىڭ ئانىسىنىڭ
قوينىغا كىرىپ، بۆرىگە ئايلىنىپ يېنىپ چىقىدۇ ۋە كەينىگە
بۇرۇلۇپ قاراپ «چىڭغىز، چىڭغىز» دەپ ھۇۋلايدۇ. شۇ
سەۋەبتىن چىڭگىزخاننىڭ ئانىسى قورساق كۆتۈرۈپ، ئوغۇل
تۇغۇپ، پەرزەنتىگە «چىڭگىز» دەپ ئىسىم قويىدۇ. بىز بۇ
ئەپسانىدىن تاتارلارنىڭ قەدىمدە ئوتنى ئۇلۇغلاش، تۇرلۇك
تەڭرىلەرگە تېۋىنىش، بۆرىنى« چېقىلىشقا بولمايدىغان جان-
لىق» دەپ تەپتارتىدىغان ئادەتلىرى ۋە ئېتىقادلىرىنى تەتقىق
قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىمىز.

«ئادەم بىلەن شەيتاننىڭ يارىتىلىشى» ۋە «ھاراق»
توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، بولسا تاتارلار ئىسلام دىنىنى قو-
بۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە تە-
شەببۇسلىرى بويىچە ئادەم بىلەن شەيتاننىڭ قانداق يارال-
غانلىقى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ سەۋەبى ھەم-
دە ھاراق قاتارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ شەيتان
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرنىڭ
ئادەملەرنىڭ ناتوغرا يولغا مېڭىشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلى-
قى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

تۆۋەندە تولۇق تېكىستى بېرىلگەن تاتار خەلق ئەپسانە ـ
رىۋايەتلىرىنىڭ تەتقىقاتچىلارنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال مەنبەسى
بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

## زۆھرە يۇلتۇزى

بۇرۇنقى زاماندا زۆھرە ئىسىملىك بەك ئەقىللىق، ئىشقا
چېۋەر چىرايلىق بىر قىز بولغان ئىكەن. ئەدەپ ـ ئەخلاق-
لىق، ياخشى خۇلق ـ مىجەزلىكى، چوڭلارنى ھۆرمەتلە-
شى، كىچىكلەرنى ئاسرىشى بىلەن ئەل ـ يۇرتقا تونۇلغان
ئىكەن. زۆھرە كىچىك ۋاقتىدىلا ئانىسى تۈگەپ كېتىپ ئا-
تىسى بىلەن قالغان ئىكەن. ئاتىسى قىزىنى ياخشى بېقىش
ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن ئىكەن. لېكىن
زۆھرەنىڭ بۇ ئۆگەي ئانىسى ئاتىسىنىڭ كۆتكىنىدەك چىق-
ماي، ئەكسىچە زۆھرەنى ئۆگەيلەپ ھەر خىل ئۇسۇللار بى-
لەن قىيىن ئىشلارغا سالىدىكەن. ئۆگەي ئانا ئۇنى يىرت-
قۇچلار يەپ كەتسۇن دېگەن يامان ئوي بىلەن، يىراقتىكى
يىرتقۇچلار كۆپ ئورمانغا ئوتۇن ياكى گۈمبە① تېرىپ
كېلىشكە ئەۋەتىدىكەن. زۆھرەنىڭ تەلىيى كېلىپ ھېچقانداق
يىرتقۇچ ۋە بالا ـ قازالارغا ئۇچرىماي، يوغان ـ يوغان
باغلاملىق ئوتۇنلارنى ياكى سېۋەت ـ سېۋەتلەپ گۈمبە،
بۆلجۈرگەنلەرنى تېرىپ ئەكېلىدىكەن. ئۆگەي ئانا تۈرلۈك
ھىيلە ـمىكىر ئىشلىتىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە سۇ توشۇ-
تۇپ، يوغان داسلاردا توختىماي كىر يۇيدۇرىدىكەن. زۆھ-
رە ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۆگەيلىشى، يامان نىيەت بىلەن قەست-
لىشى ۋە ھەر خىل تەدبىر-چارىلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئېغىرچى-
لىقلارنى سالغان بولسىمۇ، پەقەت قارشىلىق قىلمايدىكەن
ھەم ئاتىسىغىمۇ پەقەت تىنمايدىكەن. زۆھرە يەنىلا ئۆگەي
ئانىسىغا ئۈچۈق يۈز بىلەن قاراپ، ئۆزىنى تۇغقان ئانىسى-
دەكلا ئىززەتلەيدىكەن. بىر كۈنى زۆھرەنىڭ ئاتىسى يىراق
ئورمانغا ئوۋغا كېتىپ كېچىدە قايتىپ كېلەلمەپتۇ. ئۆگەي
ئانا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇنى كېچىچە تۆۋى يوق
ياغاچ كۈپكە سۇ توشقۇزۇشقا بۇيرۇپتۇ. زۆھرە چېلەكلىرىنى
كۈيەنتەسىگە ②ئېسىپ سۇ توشۇشقا دەريا بويىغا مېڭىپتۇ.
بۇ كېچە ئاي تولغان كېچە ئىكەن. زۆھرە دەريا بويىغا بې-
رىپ كۆكتىكى تولۇن ئايغا قاراپ ئۆز ئانىسىنى ئەسلەپ
سېغىنىپتۇ. ئۆگەي ئانىسىنىڭ چېكى يوق زۇلۇم ـ جەبىرلە-
رىگە سەۋرى تۈگەپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپتۇ. بىر ۋاقىتتا
كۆكتىكى ئاي بىردىنلا ئۆز ئانىسىغا ئۆزگىرىپتۇ ۋە قولىنى
سوزۇپ: كەل قىزىم ، دەپ چاقىرغاندەك بولۇپتۇ. زۆھرە
بىردىنلا يېنىكلەپ، كۆككە قاراپ ئۇچۇۋاتقاندەك بوپتۇ. ئا-
تىسى ئەتىسى ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن زۆھرەنى
سورىغان ئىكەن، ئۆگەي ئانا: ـــ ئۇ كەچتە سۇغا چىقىپ
كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى، ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمى-
دىم، دەپتۇ. زۆھرەنىڭ ئاتىسى ئۇنى ئۈچ كېچە ـكۈندۈز
دەريالاردىن، ئورمان ـ توقايلاردىن ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ.
زۆھرەنىڭ ئاتىسى ئۇدا ئۈچ كۈن تاڭ ئېتىشىنىڭ ئالدىدا
كۈن چىقىش تەرەپتىن بىر يورۇق يۇلتۇزنىڭ پەيدا بولغان-
لىقىنى بايقاپتۇ. زۆھرەنىڭ ئاتىسى ھېرىپ ـ ئېچىپ كەت-
كەنلىكىدىن كېچىدە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ چۈش كۆ-
رۈپتۇ. چۈشىدە ئالدىدا زۆھرە قىزى پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئا-
تىسىغا قاراپ:

ـــ ئاتا مېنى سېغىنساڭ تاڭ ئېتىشىنىڭ ئالدىدا كۈن
چىقىش تەرەپتە كۆرۈنگەن يورۇق يۇلتۇزغا قارا، ـــ دەپلا

غايىب بولۇپتۇ. ئاتىسى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ
تاڭ ئالدىدا كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزغا ئايلانغانلىقىنى بىلىپتۇ.
زۆھرەنىڭ ئاتىسى كۈندە تاڭ ئالدىدا ئورنىدىن تۇرۇپ،
كۈن چىقىش ياقتىكى يورۇق يۇلتۇزغا قاراپ:

— ئاھ قىزىم! زۆھرە يۇلتۇزۇم، - دەپ ئاتايدىغان بو-
لۇپتۇ. بۇ ۋەقە ئۇزاق ئۆتمەي ئەل - يۇرتقا تاراپ، تاڭ
ئالدىدا كۈن چىقىشتىن چىقىدىغان يېڭى يورۇق يۇلتۇزنى
«زۆھرە يۇلتۇزى» دەپ ئاتىشىدىغان بولغان ئىكەن.

## ئانا يۈرىكى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئانا ئۆتكەن ئىكەن. بۇ ئانا ياش
چېغىدىلا بىر ئوغلى بىلەن تۇل قالغان ئىكەن. ئانا يالغۇز
ئوغلىنى باشقىلارغا ئۆگەيلەتمەسلىك ئۈچۈن قايتا ياتلىق
بولماي، ئۆمۈر بويى يالغۇز ئۆتكەن ئىكەن. ئانا ئوغلىنى
يالغۇز ئۆزى بېقىپ يېدۈرۈپ، كىيدۈرۈپ تەربىيلەش يو-
لىدا تارتمىغان قىيىنچىلىقلار قالماپتۇ. ئوغلى ئۆسۈپ يېتىلىپ
بىر كېلىشكەن يىگىت بولۇپتۇ. ئوغۇل يىگىتلىك قۇرامىغا
يەتكەندە بىر گۈزەل قىزغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ دەردىدە
يۈزلىرى سارغىيىپ، تامىقىدىن ئاش ئۆتمەيدىغان بولۇپقېلىپ-
تۇ. يىگىت ئۆزى ئاشىق بولغان قىزغا ئۆزىنىڭ سۆيگۈسىنى
ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق بولىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرۈپتۇ. قىزچاق بولسا يىگىتكە : — سېنىڭ بۇ چىرايلىق
ۋەدىلىرىڭگە قانداق ئىشىنەي، ئۆزۈڭ نېمە بىلەن مېنى چىن
يۈرىكىڭدىن سۆيىدىغانلىقىڭنى كۆرسىتىپ بېرەلەيسەن؟ —
دەپتۇ. يىگىت سۆيگۈنىگە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتى-
نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق تەلەپنى ئورۇنداشقا تەي-
يار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. قىزچاق يىگىتكە ئانىسىنىڭ
يۈرىكىنى ئۆزىگە ئەكېلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. يىگىت سۆيگۈ
دەردىدە ئەس -يادىنى يوقىتىپ، ئۆيگە كىرىپتۇ. ئانىنىڭ
كۆڭلى بىردىن ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپتۇ. ئانا بارلىق
ئۆمرىنى بۇ ئوغلىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان-
لىقىنى ئويلاپ، قالغان بارلىقىنى ئوغلىغا بېغىشلاشنى ئويلاپ-
تۇ. كەچ كىرىپ ئانا يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئانىنىڭ ئۆم-
رىدە تۇنجى قېتىم ھېچنېمىنى سەزمىگۈدەك قاتتىق ئۇيقۇغا
كېتىشى ئىكەن. ئوغلى كېلىپ پىچاق بىلەن ئانىسىنىڭ
كۆكسىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، سۆيگىنىگە
تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن تېزلىك بىلەن يۈگۈرۈپ
يولغا چىقىپتۇ. ئوغۇل يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يولدىكى تاشقا
پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا قولىدىكى ئانىنىڭ
يۈرىكى بىردىن تىلغا كېلىپ : — بالام قاتتىق يىقىلدىڭمۇ،
قەيرىڭ قاتتىق ئاغرىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

## ساق - سوق

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر-خوتۇننىڭ بىر قىزى ھەم بىر
ئوغلى بولغان ئىكەن. بۇ بالىلار چوڭلىغانسېرى بىر - بىرى
بىلەن چىقىشالماي، دائىم تالىشىپ ، ئۇرۇشماي كۈنى ئۆت-
مەيدىكەن. ئاتا - ئانىسى كۆپ قېتىم ئۆگۈت قىلغان ۋە ئە-
ناق ئۆتۈشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆگۈتنى
قىلچە قۇلاقتا تۇتماي، دائىم جېدەل - غوۋغا قىلىشىۋېرىپتۇ.
بىر كۈنى بۇ بالىلارنىڭ ئاتىسى ئورمانغا ئوتۇن ئالغىلى
كېتىپتۇ. بالىلار ئانىسى بىلەن ئۆيدە قاپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئا-
نىسى ناماز ئوقۇۋاتسا قىزى بىلەن ئوغلى ناھايىتى قاتتىق
تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ جېدەل قىلىپ كېتىشىپتۇ. ئانىسى بالى-
لىرىنىڭ ئۆگۈتلىرىنى تىڭشىماي، چوڭ بولغانسېرى تالاش -
تارتىشنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئۇلارغا ئۆگۈتلەرنىڭ
كارغا كەلمىگەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، سەۋر - تۇزۇمى
تۈگەپتۇ. بالىلارنىڭ ئانىسىنىڭ رەنجىشى ئاخىرقى چېكىگە
يېتىپتۇ. ئانىسى نامىزىدىن تۇرۇپ قىزى بىلەن ئوغلىنى
ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ، بىر- بىرىڭلارنى كۆرۈشكە زار
بولۇڭلار، ساق-سوق بولۇپ كېتىڭلار، — دەپ قارغاپتۇ.
قىز بىلەن ئوغۇل شۇ زامان ئىككى قۇشقا ئايلىنىپ كۆككە
ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ چەكسىز ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
تاغقا قاراپ ئۇچۇپ بېرىپتۇ. ئوغۇل تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە
قاراپ ئۇچۇۋېرىپتۇ. قىز بولسا تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە قاپتۇ.
ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ، ئۆزلىرىنىڭ
قىلغان-ئەتكەنلىرىگە، ئاتا - ئانىلىرىنى قاتتىق رەنجىتكەنلى-
رىگە بەك قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇلار بىر- بىرى بىلەن كۆرۈ-
شۈپ، ئاتا - ئانىسىدىن كەچۈرۈم سوراپ، توۋا قىلماقچى
بولۇپ بىر- بىرىنى ئىزدەپتۇ. ئۇلار كۈندۈزلىرى بىر- بىرى
كەتكەن ياقنى بىلەلمەي ئورمان ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدى-
كەن. كېچە بولغاندا يۇلتۇزلارغا قاراپ ئاپايى③ئىنىسى
بىلەن، ئىنىسى ئاپايى بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدە تاغ چوق-
قىسىنى نىشانلاپ «ساق- سوق» دەپ سايرىشىپ ئۇچۇ-
شىدىكەن. ئۇلار تاغقا يېتىپ ئەمدىلا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كۆ-
رۈشەي دېگەندە كۈن چىقىپ قېلىپ، بىر- بىرى بىلەن كۆ-
رۈشەلمەي قالىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئاپاي - ئى-
نىلەر تا ئاخىر زامانغىچە كۈندە كېچىدە بىر- بىرىنى ئىز-
دىشىپ تاغ چوققىسىغا قاراپ ئۇچۇشىدىكەن.

## سۇ ئانىسى

سۇ ئانىسى دەريا ۋە چوڭ كۆللەردە ياشايدىكەن. ئۇ
ئۇن بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي چىققاندا سۇدىن چىقىپ،
كىشىلەر دەريا ياكى كۆللەردىن سۇ ئالىدىغان تارتىمدا ئول-
تۇرۇپ، يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى تاراي-
دىكەن. سۇ ئانىسى ئېگىز، زىلۋا بويلۇق ھەم بەكمۇ چىراي-
لىق بولۇپ، يوغان كۆزلىرى بەكمۇ نۇرلۇق ئىكەن. سۇ ئا-
نىسى ئادەملەردىن بەك ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلارغا كۆرۈنمەس-
كە تىرىشىدىكەن. سۇ ئانىسى سۇنىڭ تازىلىقىنى ياخشى

ئاسراپ يۇندا، ئەخلەت ۋە ئۆلۈك-تاپلارنى تاشلىمايدىغان ئادەملەرنى بەك ياقتۇرىدىكەن. بۇنداق ئادەملەر كېمە بىلەن سۇدىن ئۆتسە، كېمىلىرى ئاغدۇرۇلمايدىكەن. ئۆزلىرى سۇ ئۈزسە چۆكۈپ كەتمەيدىكەن. مال-چارۋىلىرى سۇ ئىچكىلى بارسا، ئۇلارنى ئېقىتىپ كەتمەيدىكەن. ئەكسىچە بولغان ئادەملەرنى بولسا سۇغا كىرسىلا، سۇ ئانىسى تۇرلۇك ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ، قىيىن ئەھۋالدا قويىدىكەن. بىر كۈنى تولۇن ئاي چىققاندا سۇ ئانىسى سۇدىن چىقىپ، كىشىلەر سۇ ئالىدىغان تارتىمنىڭ يۇقىرى ئۇستى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئالماس، ياقۇت ۋە مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تارغىقى بىلەن ئۇزۇن چاچلىرىنى تاراۋاتقان ئىكەن، تۇيۇقسىز كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، تېزدىن دەرياغا شۇڭغۇپتۇ. سۇ ئانىسى ئالدىرىغىنىدىن تارتىما يېنىدا تارغىقى قېلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا چىققان ئاياغ تىۋىشى سۇ بويىغا كەلگەن بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىكەن. بۇ بالا تارتىما يېنىدا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن تارغاقنى كۆرۈپ قىلىپ، دەرھال ئېلىپ يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئاي پېتىپ قاراڭغۇ كېچە بولغاندا، سۇ ئانىسى سۇدىن چىقىپ تارغاقنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن بالىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دېرىزىسىنى چېكىپ بالىنى ئويغىتىپتۇ. بالا تالاغا قارىسا، تالادا سۇ ئانىسى تارالمىغان چاچلىرى بەكمۇ چۇۋۇلغان ھالدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپتۇ. بالا قورققىنىدىن ئورنىدىن تۇرماي جىم يېتىۋاپتۇ. ۋارقىراپ ئاتا-ئانىسىنى ئويغىتىشقا ئاغزى بارماپتۇ. سۇ ئانىسى تارغىقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپتۇ. بالا ئورنىدىن تۇرۇپ غال-غال تىترىگىنىچە سۇ ئانىسىنىڭ تارغىقىنى ئىشىكنى قىيا ئېچىپلا قىسىلچاقتىن تاشلاپ بېرىپ، ئورنىغا كېلىپ يېتىۋېلىپتۇ. سۇ ئانىسى تارغىقىنى ئېلىپ مېڭىپ بىردەمدىلا يوقاپ كېتىپتۇ. سۇ ئانىسى شۇندىن باشلاپ ئادەملەر سۇ ئالىدىغان تارتىمىغا چىقىپ چاچ تاراشتىن قېچىپ، ئادەملەر بارمايدىغان سۇ ياقىلىرىدا، تاش ئۇستىلىرىدە ئولتۇرۇپ چاچ تارايدىغان بولغان ئىكەن.

## ئۆي ئىگىسى

ئۆي ئىگىسى ئۆيلەردە ئىدەن④ ئاستىدىكى ئارىلىقتا ياشايدىكەن، ئۇزۇن چاچلىق، پاكارغىنا كەلگەن بىر خىل مەخلۇق ئىكەن. ئۇ پەقەت ئادەملەرگە كۆرۈنمەسكە تىرىشىدىكەن. ئۇ تازىلىقنى بەك يارىتىدىكەن. بولۇپمۇ، ئۆيلەر كۈندە پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، ئىدەنلەر كۈندە يۇيۇلۇپ، ئۆينىڭ تاملىرى يىلدا ئاقارتىلىپ تۇرىدىغانلىرىنى بەك ياقتۇرىدىكەن. ئۇ تۇرغان ئۆيدە ئولتۇرغانلار پاكىز بولۇپ، ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلمىسا، ئۇ بۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن يارىشىپ ئىناق ئۆتىدىكەن. بۇنداق ئۆيلەردە تاپقىنى بەرىكەتلىك، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، تېز بېيىپ ياخشى كۈن كۆرۈپ، ئىناق ياشايدىكەن. ئەگەر بۇنداق ئۆيلەرگە بالايىئاپەتلەر يېقىنلاپ كېلىپ، ئوت كېتىش خەۋپى ياكى مال-مۈلكى زىيانغا ئۇچراش، يا بولمىسا كېسەل-ئاغرىق بولۇش شەپىسى بولۇپ قالسا، ئۇ كېچىلەردە ئۇخلىماي تاراق-تۇرۇق قىلىپ، ياغاچ يېرىلغان، نەرسە ئۆرۈلگەندەك تاۋۇش چىقىرىپ ئۆيدىكىلەرنى خەۋەردار قىلىشقا تىرىشىدىكەن. ئۆي ئىگىسى ئۆزى تۇرغان ئۆيدىكىلەرنى ياراتمىسا، بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرى ئىلگىرى كەلمەيدىكەن، قىلغان ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولماي، ئۆيلىرىدىن بەرىكەت كېتىدىكەن. بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تېرىغان ئاشلىق-زىرائەتلىرىدىن يىغىم ئالالمايدىكەن، ياكى كەملەپ كېتىدىكەن ھەم مال-چارۋىلىرى ئۆلۈپ كېتىدىكەن. چۆچەك شەھرىدە بىر ئەبزى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، ئۆي ئىگىسىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئۆي ئىگىسىدىن:

— سەن ماڭا ياخشىلىقتىن شەپە بېرىپ كۆرۈندۈڭمۇ، — دەپ ئورۇنسىز سوراپ، ئۆي ئىگىسىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ. ئۆي ئىگىسى بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قالغانلىقىغا ۋە ئورۇنسىز سورىغان سۆزىگە خاپا بولۇپ:

— پات ئارىدا بىلىپ قالىسەن، — دەپتۇ ئاچچىقلاپ، ئۆي ئىگىسى دەرھال ئىدەن يېرىقىدىن ئۆينىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئۆيگە ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن ئىكەن.

## يۇھا

ئاللا ئۇجماقنى⑤ ياراتقاندىن كېيىن، ئالەمدە جان-جانىۋارلارنى ياراتقاندا يىلاننى يەتتە ئۇجماقنىڭ بەشىنچىسى بولغان فىردەۋسىنىڭ تۆپىسىدىن ياراتقان ئىكەن. يىلان يارىتىلغان چاغدا ئۈچ قات قانىتى بولۇپ، كۆكتە ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. يىلان شەيتاننى ئاغزىغا سېلىپ ئۇجماققا ئەكىرىپ ئاللاغا يازۇقلۇق⑥ بولغاندىن كېيىن، ئۇجماقتىن يەر يۈزىگە قوغلانغان ئىكەن. يەر يۈزىدە يىلاننى بىر ياشتىن سەككىز ياشقىچە قۇرت دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار ئادەمنى ياكى جانلىقلارنى چاقسا، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ بېشىدىن كېسىپ تاشلاپ، قازاندا قاينىتىپ پىشۇرۇپ شورپىسىنى ئادەم ياكى جانلىققا ئىچكۈزسە ئوغنى⑦ قايتۇرىدىكەن. يىلان ياشاپ توقسان ياشقا كىرگەندىن باشلاپ يىلان دەپ ئاتىلىشقا باشلايدىكەن. يىلان بۇ ياشقا كىرگەندە ئادەم ياكى جانلىقلارنى چاقسا، ئۇنىڭغا ئامال يوق بولۇپ، ئۇلار ئوغلىنىپ ئۆلىدىكەن. يىلان مىڭ ياشقا كىرسە ئەجدىھا بولىدىكەن. يىلان ئىككى مىڭ ياشقا كىرسە يۇھا بولىدىكەن. يۇھانىڭ يوغان ئاغزى بولۇپ بەكمۇ ھەيۋەتلىك بولىدىكەن. ئۇ ھەرقانداق جانلىقنى سۈمۈرۈپ،

يالماپ يۇتۇۋېتىدىكەن. ئەمما، ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا توپا يەپ ھايات كەچۈرىدىكەن. بىر جاينى ماكان تۇتۇپ، شۇ جايدا ياشايدىكەن. يىلان ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ياشىسا كېلىشكەن ۋە چىرايلىق يىگىت ياكى قىزغا ئايلىنىدىكەن. ئادەملەر ئۇلارنىڭ يۇھادىن ئادەمگە ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلەلمەيدىكەن. ئۇلار ئاران قىرىق توققۇز كۈن ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلىدىكەن. ئۇلار كېلەر يىلى ئەتىيازدا قايتىدىن تىرىلىپ ئەجدىھا بولۇپ ياشايدىكەن.

## يار قانات⑧

بۇرۇنقى زاماندا قېلىن ئورمانلىقتا ئۇچار قاناتلىقلار بىلەن تۆت ئاياغلىق تىنلىقلار ئىككى تەرەپ بولۇپ قاتتىق ئۇرۇش، تالاش-تارتىش قىلىشقان ئىكەن. ئۇچار قاناتلارغا بۈركۈت، قۇرغۇي، لاچىن، ياپالاق⑨ قاتارلىقلار باش بولغان ئىكەن. ئۇچار قۇشلار سېپىدە ئاق قۇ، قاراقۇ، غاز، ئۆردەك، قاغا، سېغىزغان، كاككۇك، تۆمۈر تۇمشۇقلاردىن تارتىپ تاغ قۇشقاچى، ئاق قۇشقاچقىچە بارلىق قۇش تۈپى بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلغان ئىكەن. تىنلىقلاردىن يولۋاس، ئېيىق، قاپلان، قاۋان، بۆرىلەردىن تارتىپ چاشقانلارغىچە بىر سەپتە بولۇشقان ئىكەن. باشتا ئۇچارلىقلار تۆت ئاياغلىق تىنلىقلاردىن ئۈستۈن كېلىپتۇ. بۇ چاغدا يار قانات قۇشلار تەرەپتە تۇرۇپ: «بىز يەڭدۇق، بىز يەڭدۇق» دەپ، قۇشلار بىلەن قىيقاس-چۇقان قىلىشىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۇچارلىقلار تىنلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. بۇ قېتىم تىنلىقلار ئۇچارلىقلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپتۇ. بۇ چاغدا يار قانات تىنلىقلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ: «بىز يەڭدۇق، بىز يەڭدۇق» دەپ، قىيقاس-چۇقان قىلىشىپتۇ. ئۇنىڭغا تاڭ قالغان تىنلىقلار: «سەن قانداق قىلىپ بىز بىلەن بىللە بولىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش، گەرچە قانىتىم بولغان بىلەن، پەيلىرىم يوق، شۇڭا مەنمۇ سىلەردەك تىنلىق بولىمەن»⑥ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم ئۇچارلىقلار بىلەن تىنلىقلار يەنە ئۇرۇشۇپ قېلىپ، تەڭ چىقىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇچارلىقلار بىلەن تىنلىقلار كېلىشىپ، ئىناق ياشايدىغان بولۇشۇپتۇ. يار قانات قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ئىككى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتا قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇچارلىقلارمۇ، تىنلىقلارمۇ يار قاناتنى ئۆز ئارىسىغا ئالماپتۇ. يالغۇز قالغان يار قانات ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەن مەزگىلدە ئۇچارلىقلار بىلەن تىنلىقلارغا كۆرۈنمەي كۆكتە ئۇچۇپ، ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەپ ياشايدىغان بولغان ئىكەن.

## شۇرەلى

شۇرەلى ئادەملەر ياشايدىغان جايلارغا يېقىن بولغان قېلىن ئورمانلاردا ياشايدىغان ئادەمسىمان بەزى تەرەپلىرى مايمۇندەك خۇسۇسىيەتلىرى بولغان جانلىق ئىكەن. شۇرەلىلەرنىڭ تېگى ئاتا - بوۋىلىرى جىنلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇرەلىگە ئايلىنىشىدا مۇنداق بىر سەۋەب بار ئىكەن. جىنلار ئادەملەرنى ئازدۇرۇش، يەر يۈزىنى قالايمىقان قىلىش ئۈچۈن، كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەردار بولۇش نىيىتىدە ھەر كۈنى كېچىدە بىر-بىرىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ شوتا بولۇشۇپ كۆككە چىقىدىكەن. ئۇلار ئوغرىلىقچە كۆكتىكى پەرىشتىلەرنىڭ يەر يۈزىدە بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئېلىپ، كۈندۈزلىرى ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ، كىشىلەر ئارىسىدا سۆزلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزى راست چىققانلىقىغا قاراپ ئادەملەر ئۇلارغا بەك ئىشىنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئادەملەرنى ئۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈۋالغان جىنلار، ئۇلارنى ئازدۇرۇپ يامان يوللارغا باشلايدىكەن. شۇڭا پەرىشتىلەر ئۇ جىنلارنى كۆرۈپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كۆكتىكى يۇلتۇزلارنى ئاتىدىكەن. يۇلتۇزلار جىنلارنىڭ بېشىغا تەگسە، ئۇلار قېلىن ئورمانلارغا يېقىلىپ چۈشۈپ شۇرەلىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. شۇڭا ئاتىلار كېچىلەردە يۇلتۇز كۆچسە، پەرىشتىلەر جىنلارنى كۆكتىن قوغلاۋاتىدۇ، دېيىشىدىكەن. ئورمانغا يېقىلىپ چۈشكەن جىنلار يەر يۈزىدىكى جانلىقلارغا ئوخشايدىغان جانلىققا ئايلىنىدىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئادەمگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ماڭلىيىدا بىر دانە مۈڭگۈزى بولىدىكەن. بۇ مۈڭگۈز پەرىشتىلەر ئاتقان يۇلتۇز تەگكەن جايدىن ئۆسۈپ چىققان ئىكەن. يەنە بىر ئوخشىمايدىغان يېرى قوللىرىنىڭ بىلەكلىرى بەك ئۇزۇن بولۇپ، تىزلىرىدىن ئېشىپ تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. ھەر بىر بارماقلىرى بىر غېرىچچە كېلىدىكەن. شۇرەلىلەردە جىنلىق خۇسۇسىيەتلىرى يوقىلىپ، ئادەملەرنى غىدىقلاپ ئوينايدىغان ئادەت پەيدا بولغان ئىكەن. شۇرەلىلەر ئورماندا ئايرىم، يالغۇز ياشاشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇلار ئورمانغا ياغاچ كەسكىلى ياكى ئوتۇن ئالغىلى كەلگەن ياكى باشقا سەۋەب بىلەن كەلگەن يالغۇز ئادەملەرنى كۆرسە، ئۇلارغا ئادەمدەك سۆزلەپ ئۆزلىرىگە قىزىقتۇرۇپ ئالىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار ئىكەن. شۇرەلى ئۆزى قىزىقتۇرۇۋالغان ئادەمنى غىدىقلاپ ئويناشقا جەلپ قىلىپ، غىدىقلاشقا باشلايدىكەن. شۇرەلى غىدىقلىغان ئادەم كۈلە-كۈلە ئاخىرى ئۆزىنى تۇختىتالماي ھېرىپ، ئۈچەيى ئۈزۈلۈپ ئۆلىدىكەن. بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىۋەرگەندىن كېيىن كىشىلەر يالغۇز ئورمانغا كىرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئورمانغا كىرمەكچى بولسا يا بىر ئادەمنى، بولمىسا بىر ئىتنى ھەمراھ قىلىپ ئەگەشتۈرۈپ بارىدىغان بولۇپتۇ. شۇرەلى كۆپ ئادەمدىن ۋە ئىتتىن بەك قورقىدىكەن. كۈنلەر-

دىن بىر كۈنى ئەقىل- پاراسەتلىك، باتۇر تاتار يىگىتى تولۇن ئاي چىققان كېچىدە ھارۋىسىنى قېتىپ، ئورمانغا ياغاچ كەسكىلى يولغا چىقىپتۇ. يىگىت ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ بىر تۈپ ناراتنى⑩ چېپىپ غۇلىتىپ شاخلىرىنى پۇتاپ بولاي دېگەندە، يىراقتىن شۈرەلىنىڭ كېلىۋاتقان شەپىسى بىلەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت تېزلىك بىلەن ئۆزى كەسكەن نارات دەرىخىنىڭ ئۇچىغا پالتا ئۇرۇپ، بىر ئاز يېرىپ، يېرىققا شىنا قېقىپ قويۇپتۇ. شۈرەلى ئۇزاق ئۆتمەي يېتىپ كېلىپ، يىگىتكە:

— غىدىقلىشىپ ئوينايلى، — دەپتۇ. يىگىت شۈرەلىگە جاۋاب بېرىپ:

— سەن ئاۋۋال مەن كەسكەن ياغاچنى ھارۋىغا بېسىشىپ بەر، ئاندىن غىدىقلىشىپ ئوينايلى، — دەپتۇ. شۈرەلى ماقۇل بولۇپتۇ. يىگىت ياغاچنىڭ يوغان بېشىنى ئۆزى كۆتۈرمەكچى بولۇپتۇ. شۈرەلىگە:

— سەن يەڭگىل تەرىپىنى كۆتۈر، — دەپتۇ. شۈرەلى يىگىت بىلەن تېزرەك غىدىقلىشىپ ئويناشقا ئالدىراپ، ئويلانماستىنلا ياغاچنىڭ ئىنچىكە بېشىدىكى شىنداپ قويۇلغان يېرىققا ئۆزۈن بارماقلىرىنى تىقىپتۇ. شۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان يىگىت چاققانلىق بىلەن يېرىققا قېقىلغان شىننى پالتىنىڭ جۈلدىسى بىلەن بىر ئۇرغان ئىكەن، شۈرەلىنىڭ بارماقلىرىنى شاپىدە قىسىپتۇ. بارماقلىرى قىسىلغانلىقتىن قاتتىق ئاغرىقنى سەزگەن شۈرەلى ئاھ چېكىپ، قاتتىق ئېچىنىشلىق ۋارقىراشقا ۋە يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۈرەلى يىگىتكە يالۋۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. يىگىت ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ھارۋىسىنى قېتىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. شۈرەلى ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ:

— كىم مېنىڭ قولۇمنى قىسقانلىقىنى بىلىسمۇ بەلۇالاي، ئەي يىگىت ئېتىڭنى ئېيتىپ بەر، — دەپتۇ. يىگىت:

— ئېتىم بۈلتۈر بولىدۇ، — دەپ ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئورماندىكى شۈرەلىلەر ۋارقىراپ يىغلاۋاتقان ھەمراھىنىڭ يېنىغا يىغىلىپتۇ. بارماقلىرى قىسىلغان شۈرەلى ئۇلارغا ھال ئېيتىپ، دادلاپ:

— بۈلتۈر قولۇمنى قىستى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شۈرەلىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ. ئۇلار:

— ئەي ئەخمەق! بۈلتۈر قىسقان قولۇڭغا بۇ يىل دادلامسەن، — دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق شۈرەلىلەر ھەرقانداق ئادەم يالغۇز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىپ، ئادەملەرگە كۆرۈنمەيدىغان ھەم غىدىقلاپ كۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۇنەۋۋەر چانىشېۋا

## ئادەم ئاتا بىلەن شەيتاننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە رىۋايەت

ئاللا يەر يۈزىگە ئادەمنى ياراتماقچى بولۇپ، پەرىشتىلەرنى يەر يۈزىگە ئەۋەتىپ توپا ئالدۇرۇپتۇ. پەرىشتىلەر ئادەم لايىدىن ياسىلىپ بولغاندا كۆرگىلى كېلىشىپتۇ. پەرىشتىلەر بىلەن شەيتانمۇ بىللە كەپتۇ. شەيتان ئۇ چاغدا شەيتان دەپ ئاتالماستىن، ئازازۇل دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ بارلىق پەرىشتىلەرگە ئۇستاز ئىكەن. پەرىشتىلەر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ توپىدىن ياسالغانلىقىنى، بىراق كۆركەملىكىنى بىلىپ ھەيران بولۇپ كېتىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئادەمگە تېخى جان كىرمىگەن ھەيكەل پېتى ئىكەن. ئازازۇل بېرىپ ئۇنى چېكىپ باققان ئىكەن، ئادەم ھەيكىلى ئىچىدىن گۈمبۈرلىگەن ئاۋۇش چىقىپتۇ. ئازازۇلنىڭ كاللىسىغا دەرھال ئادەمنىڭ ئىچى بوش ئىكەن، ئاسان ئازدۇرغىلى بولغۇدەك دېگەن بىر ئوي تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپتۇ. ئەسلىدە يەر يۈزى يارالغاندا، بىرىنچى بولۇپ يارالغانلار ئادەملەرگە ئوخشاش ئەقىللىق جانلىقلار بولۇپ، ئاللا ئۇلارنى ئوتتىن ياراتقان ئىكەن. ئازازۇل شۇ جان ئاتلىقلاردىن تىبلىت بىلەن جىبلىت دېگەندىن تۇغۇلغان ئىكەن. ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتىلىسى ئۇنىڭغا «خارس» دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن. خارس چوڭ بولغاندا ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيلىمەكچى بولغاندا، ئۇ ئالىدىغان قىزنى ياراتماي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن. خارس ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئىبادەت قىلىپ بىرىنچى قات يەر يۈزىدە باش قويمىغان ئالىقانچىلىك بوش يەر قالماپتۇ. ئاللا ئۇنى بىرىنچى قات كۆككە چىقىرىپتۇ. خارس كۆكتىمۇ شۇنداق ئىبادەت قىلىپتۇ. خارس شۇنداق ئىبادەت قىلىپ يۈرۈپ، يەتتە قات يەر، يەتتە قات كۆكتە ئىبادەت قىلىپ، باش قويمىغان بوش جاي قالمىغان ئىكەن. ئاللا ئۇنى بارلىق پەرىشتىلەرگە ئۇستاز قىلىپ، ئازازۇل دەپ نام بەرگەن ئىكەن. ئازازۇلنىڭ تۇغمىشى بولغان جان ئاتلىقلار يەر يۈزىدە ياشاپ كۆچىيىپ، قان تۆكۈپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماي، ئاللاغا قارشى چىقىپ ئاسىي بولغانلىقتىن، ئاللا ئۇلارنى يوقىتىپ تاشلاپ، يەتمىش مىڭ يىلدىن كېيىن ئادەمنى ياراتقان ئىكەن. ئاللا ئادەمگە قىرىق كۈن قايغۇ يامغۇرى، بىر كۈن قۇۋانىش⑪ يامغۇرى ياغدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپتۇ. ئاللا ئادەمنى يەر يۈزىگە خان قىلىمەن، دەپ جاكارلاپ، بارلىق پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ تېۋىنىشقا بۇيرۇپتۇ. بارلىق پەرىشتىلەر باش ئېگىپ تېۋىنىپتۇ. ئەمما ئازازۇللا باش ئېگىپ تېۋىنماپتۇ. ئۇ:

— ئادەم توپىدىن يارالغان تۇرسا، مېنىڭ ئاتا - بوۋى-

لىرىم ئوتتىن يارالغان تۇرسا، ئوت توپىدىن ئۈستۈن تۇ-
رۇپ، توپىغا باش ئېگەمدۇ؟ ـــ دەپ، ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا
قارشى چىقىپ ئاسىي بولۇپ، ئاللانىڭ ئۇجماقىدىن⑫
قوغلانغان ئىكەن. شۇندىن باشلاپ شەيتان ئاتالغان ئىكەن.
شەيتان كۆكتىن قوغلىنىپ يەرگە چۈشۈش ئالدىدا ئاللادىن
ئۆزىنىڭ يەتتە قات يەر بىلەن يەتتە قات كۆكتە قىلغان ئى-
بادىتى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ.
ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماق بولۇپ، تەلىپىنى سورىغان
ئىكەن، شەيتان ئۆزىنىڭ تا ئاخىر زامانغىچە ئۆلمەسلىكىنى
ھەم ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە قان تومۇرلىرىغىچە كە-
رەلەيدىغان يول بېرىشنى سوراپتۇ. ئاللا ئۇنىڭ تىلىكىنى
بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئاللا ئادەمگە ئۆزىنىڭ سول قوۋۇرغىسە-
دىن بىرنى ئېلىپ ھاۋا ئانىنى يارىتىپ بەرگەن ئىكەن. ئا-
دەم بىلەن ھاۋا ئۇجماقتا تۇرۇۋاتقان ئىكەن. شەيتان ئۇج-
ماققا كىرىپ ئادەمنى ئازدۇرماقچى بولۇپتۇ، لېكىن پەرىش-
تىلەر قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلىقتىن، شەيتان ئۇجماققا كىردەلمەپ-
تۇ. شەيتان ئۇجماقتىن سىرتقا چىققان توزنى كۆرۈپ ئۇ-
نىڭغا ئۆزىنى بىللە ئەكىرىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىپ يالۋۇ-
رۇپتۇ. توز ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ مېنىڭ بىر دوستۇم بار، ئۇنىڭغا دېسەم سېنى ئاغزى-
غا سېلىپ ئۇجماققا ئەكىرىپ قويىدۇ، ـــ دەپتۇ. توزنىڭ ئۇ
دوستى يىلان بولۇپ، ئاغزىدىن ئەتىر پۇراپ تۇرىدىكەن.
يىلان شەيتاننى ئاغزىغا سېلىپ ئۇجماققا ئەكىرىپتۇ. بۇنى
بىلگەن پەرىشتىلەر ئاللاغا مەلۇم قىلىپتۇ. ئاللا:

ـــ بۇ نۆۋەت كىرسۇن، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىنچىكە قان
تومۇرلىرىغىچە كىرىپ ئازدۇرۇشىغا يول بەرگەن ئىدىم، -
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىلان بىلەن توز
ئۇجماقتىن قوغلىنىپ جازالىنىپتۇ ۋە توز ئۆلسە، ئۆلۈكىنى
قۇرت - قوڭغۇزمۇ يېمەيدىغان قىلىپ جازالىنىپتۇ. يىلان
بولسا ئالتە يۈز ئايىغىدىن ئايرىلىپ، يەردە سۆرۈلۈپ يۈرى-
دىغان بولۇپتۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ئەتىر پۇراقلىرى يوقاپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغا پەيدا بولۇپتۇ. ئاللا ئۇجماقتىكى ئادەم
بىلەن ھاۋاغا بارلىق مېۋىلەرنى يېسە بولىدىغانلىقىنى، لېكىن
بۇغداينى يېمەسلىكنى بۇيرۇغان ئىكەن. شەيتان ئادەمنى
ئازدۇرۇپ ئۇجماقتىن چىقىرىش ئۈچۈن ھاۋانى يالغۇز
چاغدا تېپىپ، بۇغداينى بەك ياخشى تاتلىق يېمەكلىك دەپ
ماختاپ، يېيىشكە قىزىقتۇرۇپتۇ. ھاۋا يەپ كۆرسە بەك تات-
لىق ئىكەن. ئۇ دەرھال بېرىپ ئادەمنى بۇغداي يېيىشكە
قىزىقتۇرۇپتۇ. ئادەممۇ بۇغداينى چايناپ يۇتۇپ كېكىرتە-
كىگە كەلگەندە بىردىن ئاللانىڭ بۇيرۇقى يادىغا يېتىپتۇ.
ئادەم دەرھال قولى بىلەن كېكىرتىكىنى تۇتقان ئىكەن،
بۇغداي كېكىرتىكىگە تۇرۇپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئادەم
بالىلىرىدىن ئەرلەرنىڭ بوغدىيىكى بولىدىغان بولغان ئى-
كەن. ئادەم بىلەن ھاۋا ئانا يېمە دېگەن بۇغداينى يەپ يا-
زۇقلۇق⑬ بولۇپ، شەيتان بىلەن بىللە يەرگە چۈشۈرۈلگەن
ئىكەن.

## ھاراق توغرىسىدا رىۋايەت

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئۇجماقتىن قوغلىنىپ يەر يۈ-
زىگە چۈشكەندىن كېيىن، پەرىشتىلەرنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن
تېرىمچىلىق قىلىپ، بۇغداي تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپ يا-
شاشقا باشلاپتۇ. شەيتان بولسا، ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرىنىڭ
كۆپىيىشىنى كۈتۈپ، بۇ بالىلارنى ئازدۇرۇپ، يامان
ئىشلارنى قىلىشقا ئۆگىتىپ، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر
كۈنى ئادەم ئاتىنى ئالداپ يۈرۈپتۇ. ئادەم ئاتا بىر كۈنى
بۇغدايلىرىنى تېرىپ بولۇپ قالغان ۋاقىتتا باغ قىلىش ئۈ-
چۈن ئۈزۈم تالىنى تىكىشكە باشلاپتۇ. شەيتان بۇنى كۆرۈپ
دەرھال كېلىپ، ئادەم ئاتا تىككەن ئۈزۈم تالىنىڭ تۈۋىگە
بىرىنچى بولۇپ خورازنى سويۇپ قېنىنى ئاققۇزۇپتۇ. ئاندىن
بىر مايمۇننى ئەكېلىپ ئۇنىمۇ سويۇپ قېنىنى تالنىڭ تۈۋى-
گە ئاققۇزۇپتۇ. ئاندىن يەنە بىر چوشقىنى ئەكېلىپ سويۇپ
قېنىنى تالنىڭ تۈۋىگە ئاققۇزۇپتۇ. ئادەم ئاتا شەيتاننىڭ بۇ
قىلىقىغا ھەيران بولۇپ:

ـــ ھەي شەيتان نېمە قىلىۋاتىسەن، ـــ دەپ سورىغان
ئىكەن، شەيتان ئادەم ئاتىغا جاۋاب بېرىپ:

ـــ ھەي ئادەم سەن بىلمەيسەن، سېنىڭ بالىلىرىڭ ئۇ-
زۇن يىللاردا كۆپىيىپ يەر يۈزىگە تولىدۇ، ئۇلار شۇ چاغدا
سەن تىككەن ئۈزۈم مېۋىسىنى ئېچىتىپ، ھاراق دېگەن ئى-
چىدىغان نەرسىنى ياساپ ئىچىدۇ. بۇ ھاراقنى ئىچكەن سى-
نىڭ بالىلىرىڭ دەسلەپتە خورازدەك غادىيىدۇ، يۈزلىرى قى-
زىرىدۇ، ئاندىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مايمۇنغا
ئوخشاش تۈرلۈك قىلىقلارنى قىلىپ، باشقىلارنى دوراپ،
ئويناقشىپ قىزىقچى بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرىدا سىنىڭ بالى-
لىرىڭ ھاراقنى ئىچكەنسېرى ئىچكىسى كېلىپ، بولۇشىچە
ئىچىپ ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ھالغا يېتىپ، پاكىز بولغان
بولمىغان يەرلىكىگە قارىماي، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئېغناپ
يېتىپ، نەق چوشقىنى دورايدۇ ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## چىڭگىزخان ھەققىدە رىۋايەت

چىڭگىزخاننىڭ مومىسى ئاق دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى
بىر ئارالنىڭ خانى بولغان ئالتۇنخاننىڭ قىزى ئىكەن. خان
ئۇنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەستىن ئېگىز تاملار بىلەن قورشال-
غان قورغاندا باقىدىكەن. بۇ قىز بەك گۈزەل بولۇپ، كۈل-
سە ئاغزىدىن گۈل تۆكۈلىدىكەن، يىغلىسا كۆزىدىن تۆكۈل-
گەن ياش يەرگە مەرۋايىت بولۇپ چېچىلىدىكەن. بۇ قىز
بويىغا يەتكەندە، بىر كۈنى سەھەر چىققان قۇياشقا قاراپ
بالىغا قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ. خان ئاتىسى بۇنى بىلىپ،

MIRAS

خەلق ئالدىدا يۈزى تۆكۈلمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى قىرىق قىز
دوستلىرى بىلەن ھەم كۆك كۆگەرچىننى⑭، ئالتۇن قوزى-
سى، تۈگمەس ئوزۇقى بىلەن ئالتۇن كېمىگە سېلىپتۇ-دە،
تۇرا تېغىدىن تۇن ياق⑮ دېڭىزغا قارىتىپ يولغا سېپتۇ.
شۇ ۋاقىتتا تۇرۇمتاي مەرگەن دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى تۇن
ياق دېڭىز بويىدا يۈرگەن ئىكەن. يىگىت بۇ ئالتۇن كېمىگە
يولۇقۇپ قاپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ ئېتى تۇبۇل مەرگەن بولۇپ،
كېمىدىكى ئالتۇن خاننىڭ قىزىنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ
ئاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېتىنى
يەسوكەي دەپ قويۇپتۇ. يەسوكەي چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىپ
ئۇزاق ئۆتمەي بىر تاسادىپىيلىق بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كې-
تىپ، ئايالى تۇل قاپتۇ. تۇل قالغان ئايال بىر كۈنى كەچتە
ئۇخلاي دەپ ياتسا، كۆكتىن بىر ئوت كېلىپ ئۆينىڭ تۈڭ-
لۈكىدىن چۈشۈپ ئايالنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بىر
ھازادىن كېيىن بىر كۆك بۆرە ئۇنىڭ قوينىدىن چىقىپتۇ.
بۆرە قايتىپ ئىشىكتىن چىقىۋاتقىنىدا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئا-
يالغا قاراپ «چىڭگىز، چىڭگىز» دەپ ئۈن چىقىرىپ چىقىپ
كېتىپتۇ. شۇنىدىن كېيىن بۇ ئايال قورساق كۆتۈرۈپ، ئاي
-كۈنى توشقاندا بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تۇل ئايال تۇغقان
ئوغلىغا «چىڭگىز» دەپ ئات قويۇپتۇ. بۇ بالا چوڭ بولۇپ،
بارلىق خەلقلەرنى ھەم تاتارلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ
دۇنياغا خاقان بولغان ئىكەن.



چۆچەكچى قاسىمجان چانىشىق

### ئالۋاستى

ئالۋاستى تۇرقى ئىنتايىن كۆرۈمسىز بىر خىل جىن ئە-
كەن. ئالۋاستى ئادەتتە كونا، ۋەيرانە بولغان ئۆيلەردە،
ئەسكى، بۇزۇق تۈگمەنلەردە، قېلىن توقايلىقلاردا ياشايدۇ-
كەن. ئادەملەر كېچىلەردە يالغۇز يولغا چىقسا، ئۇنىڭ كەي-
نىگە كىرىۋېلىپ ئاۋارە قىلىدىكەن. بولۇپمۇ كېچىدە يالغۇز
ئۇخلىغان ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، گېلىنى بوغ-
ىدىكەن. ئالۋاستى گېلىنى بوغقان ئادەملەر نەپىسى بوغۇ-
لۇپ، دېمى كېسىلىپ ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئەگەر ئادەم ئۇ-
نىڭغا قارشىلىق قىلىپ، قاتتىق ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتەلە-
سە، ئۇ چاغدا ئالۋاستى ئادەمدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى-
دىن چۈشۈپ قېچىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى بىر ئادەم
يىراق جايدىن كېچىسى ئات مىنىپ ئۆزىنىڭ ئاۋۇلىغا قاراپ
مېڭىپتۇ. ئۇ خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىرلا
يەردە مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلىپتۇ. ئۇ مىنگەن ئېتىغا قار-
سا، ئۇنى قارا تەر بېسىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئادەم يەنىلا
خېلىلا يول مېڭىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا
يىراقتىن خورازلارنىڭ چىللىغان، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلى-
رى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. يولۇچى قارىسا ئۆز ئاۋۇلىغا يېتىپ
كەلگەن ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزى كۆرگەن بىرلا جاي غا-
يىب بولۇپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئالۋاستىغا يولۇققانلى-
قىنى بىلىپتۇ. ئالۋاستىلار خورازنىڭ چىللىشىدىن ھەم
ئىتلارنىڭ قاۋىشىدىن قورقىدىكەن. ئالۋاستىلار خوراز بىلەن
ئىت بار ئۆيلەرگە قورقۇپ كېلەلمەيدىكەن. شۇڭا ئاۋۇللاردا
ئالۋاستىلارنى قورقۇتۇپ كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن توخۇ بىلەن
ئىت باقىدىغان بولغان ئىكەن.

### شاھ ماران

شاھ ماران ئاق رەڭلىك ئانچە چوڭ بولمىغان يىلان بو-
لۇپ، بارلىق يىلانلارنىڭ خاقانى ئىكەن. شاھ ماران قېلىن
ئورمان ئىچىدىكى يەر ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئوردىسى بولغان
ئۆڭكۈردە ياشايدىكەن. ئادەملەر ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ،
ئەمما كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. بىر كۈنى ئوتۇنچىلىق قىلى-
دىغان يىگىت شاھ ماران ياشايدىغان قېلىن ئورمانغا كىرىپ
ئوتۇن كېسىپ ھېرىپ قېلىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇ. ئۇ يې-
گىت ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاچ پالتىسى بىلەن يەرنى قازغان
ئىكەن، بىردىن پالتىسى بىر تۆمۈردەك نەرسىگە تېگىپتۇ. بۇ
يىگىت يەنىمۇ قازغان ئىكەن، تۇتقۇچى بار بىر تۆمۈر قاپقاق
كۆرۈنۈپتۇ. يىگىت تۆمۈر قاپقاقنى ئاچسا، ئىچىگە لىق بال
تولدۇرۇلغان ئامبار ئىكەن. بۇ يىگىت شۇنىدىن باشلاپ ئو-
تۇنچىلىق قىلماي، بال سېتىپ كۈن ئېلىپتۇ. بۇ ئامباردىكى
باللارمۇ ئۇزاققا قالماي تۈگەپتۇ. يىگىت بۇ ئامبارنىڭ ئە-
چىگە كىرىپ ئىنچىكىلەپ قارىسا بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ.
يىگىت بۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە، شاھ ماراننىڭ ئوردىسى-
غا كىرىپ قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ بال ئامبىرى شاھ ماراننىڭ
ئىكەن. يىلانلار ئۇنى شاھ ماراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.
شاھ ماران ئۇنىڭغا:

# بۇ كېچە ـ نورۇز كېچە

بۇ كېچە نورۇز كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى .
يۇرەكتىكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى .
شادىبات ـ شادىبات ،
نورۇز مۇبارەك بات .

نورۇز گۈلى ئېچىلسا،
زېمىنۇ ئىللىق پۇرايدۇ.
ئەل ـ خالايىق ئۇنىڭغا،
زوقى بىلەن قارايدۇ.
شادىبات ـ شادىبات ،
نورۇز مۇبارەك بات

ھەپتە ۋە كۈننى ساناپ ،
ئۆتىمىز كۈندۈزگىچە.
تەقەززادا كۈتىمىز ،
نورۇز كۈنى كەلگۈچە .
شادىبات ـ شادىبات ،
نورۇز مۇبارەك بات .

يىل بېشى نورۇز كۈنى ،
يار قېشىدا ياتقۇم كېلۇر.
شۇڭنا يار دەردىدە ،
سۇ بولۇپ ئاققۇم، كېلۇر.
شادىبات ـ شادىبات ،
نورۇز مۇبارەك بات .

نورۇز گۈلى ئېچىلىپ ،
يۇرتلار بولدى گۈلىستان .
قۇش ـ قۇزغۇنلار سايرىدى ،
كېتىپ يۇرتتىن زىمىستان ،
شادىبات ـ شادىبات ،
نورۇز مۇبارەك بات .

نورۇز قۇتلۇق بىر كۈندۇر،
بىزلەر ئۈچۈن مېھماندۇر.
يىل ئىشىنى نورۇزدىن ،
باشلىمساڭ ياماندۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى : يەھيا ئىيىندىن
توپلىغۇچى بەكرى ئىسمايىل

— سەن مېنىڭ يەيدىغان باللىرىمنىڭ بارلىقىنى ئېلىپ سېتىپ تۈگەتتىڭ، — دەپتۇ. يىگىت ئۇ يەردە تۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي قارنى تازا ئاچقىلى تۇرغان ئىكەن. شاھ ماران ئۆز يېنىدىكى بىر قارا تاشنى يالاشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت قارا تاشنى يالىغان ئىكەن، قورسىقى تويۇپ، ئۇسسۇزلۇقى بېسىلىپتۇ. يىگىت شاھ ماراننىڭ يەر ئاستى ئوردىسىدا ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئۆيىنى سېغىنىپ قايتقۇسى كەپتۇ. شاھ ماران ئۇنىڭ قايتىشىغا يول قويۇپ، يىگىتكە ئۆزىنى كۆرگەنلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلاپتۇ. يىگىت ھېچكىمگە تىنماسلىققا ئانت قىپتۇ. يىگىت يەر يۈزىگە چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يۇرتنىڭ خانى ئېغىر كېسەل بولۇپتۇ. خاننىڭ پالچىلىرى پال سالسا، ئۇنىڭ كېسىلىگە شاھ مارانىنى يېسە، پايدا قىلىپ ساقىيىدىغانلىقى چىقىپتۇ. ئۇلار شاھ مارانىنى تېپىش ئۈچۈن، ئۇنى كۆرگەن ئادەمنى تاپماقچى بولۇپتۇ. شاھ مارانىنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ تېنىدە بىر خىل ئاق يول پەيدا بولىدىكەن. شۇڭا شاھ مارانىنى كۆرگەن ئادەملەرنى تېپىش ئۈچۈن خان بىر مۇنچا ياسىتىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇ مۇنچىدا بىر قېتىمدىن يۇيۇنۇشنى بۇيرۇپتۇ. بارلىق ئادەملەر كېلىپ بۇ مۇنچىدا يۇيۇنۇپتۇ، لېكىن مۇنچىدا يۇيۇنغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن شاھ مارانىنى كۆرگەنلىك بەلگىسى بار ئادەمنى تاپالماپتۇ. خاننىڭ ئادەملىرى ئەل ئىچىنى ئاختۇرۇپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ مۇنچىغا بارمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى مۇنچىغا ئېلىپ بارغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېنىدىن شاھ مارانىنى كۆرگەندە قالىدىغان بەلگىنى بايقاپتۇ. يىگىتتىن قانچە سورىسىمۇ پەقەت ئېيتماپتۇ. خاننىڭ ئادەملىرى يىگىتنى بەك قاتتىق قىينىغاندىن كېيىن چىدىيالماي دېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. يىگىت ئاخىرى شاھ ماراننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھ ماران يىگىتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلماقچى بولۇپتۇ. شاھ ماران يىگىتكە شۇنداق تاپىلاپتۇ:

— خان مېنى ئۆلتۈرۈپ ئۈچ قېتىم قاينىتىشقا بۇيرۇيدۇ، بىرىنچى قاينىتىلغان شورپىنى ئۆزۈڭ ئىچ، ئۈچىنچى قاينىتىلغان شورپىنى پالچىغا بىرىنچى قېتىم قاينىتىلغان شورپا دەپ بەر. خان مېنىڭ پىشقان بېشىمنى يېسە، بېشى ساقىيىدۇ؛ گەۋدەمنى يېسە، تېنى ساقىيىدۇ؛ قۇيرۇقۇمنى يېسە، قول ـ ئاياغلىرى ساقىيىدۇ، — دەپ تاپىلاپتۇ. يىگىت شاھ ماراننىڭ ئېيتقىنىچە قىلغان ئىكەن، پالچى ئۈچىنچى قېتىم قاينىتىلغان شورپىنى ئىچىپ ئوغلىنىپ ئۆلۈپتۇ. يىگىت بىرىنچى قېتىم قاينىتىلغان شورپىنى ئىچىپ بارلىق جانلىقنىڭ، ئۆسۈملۈك، تاغ ـ تاشلارنىڭ تىلىنى بىلىپ داڭلىق تېۋىپ بولۇپتۇ. خان شاھ ماراننىڭ بېشىنى يەپ بېشى، گەۋدىسىنى يەپ، تېنى، قۇيرۇقىنى يەپ قول ـ ئاياغلىرى ساقايغان ئىكەن.

كۆرسەتكۈچلەر:
① گۈمبە ـ موگۇ
② كۈيەنتە ـ تاتارلارنىڭ بىر خىل سۇ توشۇيدىغان ئەپكىشى
③ ئاپايى ـ تاتارچە: ھەدىسى
④ ئىدەن ـ ئۆينىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان تاختاي پول
⑤⑫ ئۇجماق ـ جەننەت
⑥ يازۇق ـ گۇناھ
⑦ ئوغا ـ زەھەر
⑧ يار قانات ـ شەپەرەڭ
⑨ يابالاق ـ ھوقۇش
⑩ نارات ـ قارىغاي دەرىخى
⑪ قۇۋانىش ـ خوشاللىق
⑬ يازۇقلىق ـ گۇناھلىق
⑭ كۆك كۆگەرچىن ـ كۆك كەپتەر
⑮ تۈن ياق ـ شىمال تەرەپ

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىمجان چانىشىپ
توپلىغۇچى: مالىك چانىشىپ



# پەرىزات بىلەن پەرەڭ خانزادىسى

(ۋېنگرىيە خەلق چۆچىكى)

پەرەڭ شەھرىدە خىسراۋ ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسنى تولۇن ئايدەك، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە يۈسۈپكە ئوخشاش بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئون تۆت ياشتا ئىكەن. بىر كۈنى خىسراۋ شاھقا ئوۋ ھەۋىسى چۈشۈپتۇ.

ئۇنىڭ بىر بېغى بار ئىكەن. بۇنداق باغ يەر يۈزىدە يوق ئىكەن. يەر يۈزىدىكى بارلىق ئۆسۈملۈك، يەل ـ يېمىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ باغدىن تېپىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇد ـ ئەنبەر، زىرە ـ زەپەر بۇيىدىن دىماغلار مەست ئىكەن. خۇشناۋا قۇشلار، شادىمان بۇلبۇللار يېقىملىق سايرىشىپ تۇرىدىكەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ، چۆرىسى پۈتۈنلەي زۇمرەت تاشلار بىلەن قورشالغان ئىكەن. تۆت ئەتراپى چىنار، ئانار ۋە قىزىلگۈل، سېرىق گۈللەردە بېزەلگەن ئىكەن. كۆلگە شىر ھەيكىلىگە تەقلىد قىلىنغان ئىككى دانە نو قويۇلغان بولۇپ، بىرسىنىڭ ئاغزىدىن كىرگەن سۇ قۇيرۇقىدىن كۆلگە چۈشىدىكەن. يەنە بىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن كىرگەن سۇ ئېغىزى ئارقىلىق ئايىغىغا (سىرتىغا) چىقىپ كېتىدىكەن.

باغدىكى دەرەخلەر ئىچىدە بىر تۈپ چوڭ چىنار بولۇپ، غول ئايلانمىسىغا قىرىق كىشىنىڭ غۇلىچى ئاران يېتىدىكەن. بۇ چىنار شاخلىرى ئارىسىدا بىر پەرىزات ماكان تۇتقان ئىكەن. ئۇنىڭ جامالى ئاپتاپقا ئوخشاش قاراڭغۇ تۈننى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. بۇ مەلىكىنىڭ قامىتى زىبا، چاچلىرىنىڭ بىر تېلى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن پادىشاھ ۋە خانزادىلەر ئۇنىڭ ئىشقىغا باش قويۇدىكەنۇ. ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمەيدىكەن.

خىسراۋ شاھ ئوۋغا ئاتلىنىش ۋاقتىدا خانزادىسىنى چاقىرىپ:

ــ ئەي بالام، بۇ نەسىھەتنى يادىڭدا تۇتقىنىڭكى، باغقا ھەرگىزمۇ يالغۇز كىرمىگىن. چوڭ چىنارنىڭ تۈۋىگە بارمىغىن. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى، ئۇ يەردە بىر پەرىزات ماكان تۇتۇقلۇق. مۇبادا، ئۇنى كۆرۈپ قالىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىسەن. لېكىن مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن، ــ دەپ جېكىلەپتۇ. ئاندىن باغۋەنلەرنى چاقىرىپ ئۇلارغىمۇ، ــ ئىشىكنى ھەرگىز ئاچماڭلار. ئوغلۇمنى باغقا يالغۇز كىرگۈزمەڭلار، ــ دەپ بۇيرۇپ قويۇپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھ ئوۋغا كېتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، خانزادە باغ تاماشىسىغا دادىغا سايتۇ. باغۋەن ۋە پاسىبانلار مەنئى قىلىپتۇ. خانزادە ئۇنىماي، ئىشىكنى چېقىپ باغقا كىرىپتۇ. سەيلە قىلىۋېتىپ، كۆل ياقىسىدىكى چوڭ چىنار تۈۋىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە تاماشا قىلىۋېتىپ، تۇساتتىن چىنارغا كۆزى چۈشۈپ، ئۈستىدىكى پەرىزاتنى كۆرۈپ قاپتۇ. خانزادىنىڭ ئۆزىگە كۆزى چۈشكەنلىكىنى تۇيغان پەرىزات قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كۆككە پەرۋاز قىلىپتۇ. پەرىزاتنى كۆرگەن خانزادە ئاشىقى بىقارار بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئۇزۇندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئانىسى قېشىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

ــ باغدا بىر پەرىزاتنى كۆردۇم. شۇ پەرىزاتنىڭ يېنىغا

بېرىشقا رۇخسەت قىلىڭ،ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئانىسى:
ــ سەن يالغۇز بالا. بۇ ئويۇڭدىن كەچ. سېنىڭدەك نى ـ
نى خانزادىلەر ئۇنىڭ ئىشقىغا باش قويۇپ، ھېچبىرى مەق-
سىتىگە يېتەلمىگەن. سەنمۇ يېتەلمەيسەن،ــ دەپ توسۇپتۇ.
خانزادە ئۇنىماپتۇ. ئانىسى:
ــ ئاتاڭ كەلگۈچە سەۋر قىل،ــ دەپتۇ. خانزادە بول-
سا:
ــ رازىلىق بەرسىڭىزمۇ بارىمەن. نارازى بولسىڭىزمۇ
بارىمەن،ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. خانىش ئىلاجسىز يول تەييار-
لىقىنى قىلىپ بېرىپتۇ. خىسراۋ شاھنىڭ بىر ئېتى بار ئې-
كەن. خانزادە ئانىسىدىن شۇ ئاتنى تىلەپتۇ. خانىش ماقۇل
بولۇپتۇ. ئاتباقارلار ئاتنى توقۇپ، يەنە بىر قېچىرغا ئالتۇن
يۈكلىتىپ، ئۈچ غۇلامنى ھەمراھ قىلىپ بېرىپتۇ.
خانزادىنىڭ بىر ئېمىلدىشى بار ئىكەن. ئۇ، مەنمۇ بىللە
باراي دەپ، ئىككىسى خانىش بىلەن خەيرلىشىپ يولغا
چۈشۈپتۇ. خانزادىلەر ناھايىتى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن،
چەكسىز كەتكەن بىر باياۋانغا چىقىپتۇ. باياۋاندا كېتىۋې-
تىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈچ نەپەر مۆتىۋەر زاتقا ئۇچرىشىپ
قاپتۇ. مۆتىۋەرلەر پاراڭلىشىپ، خانزادىنىڭ مەقسىتىنى ئۇق-
قاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ پەرىزاتنىڭ بار يې-
رىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە: پالان جايغا يەتكەندە بىر چېدىر
ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە بىر جادۇگەر موماي تۇرىدۇ. سىلەر
بىر ئامال قىلىپ، شۇ جادۇگەرنى قولغا كىرگۈزسەڭلار پە-
رىزاتنى تاپالايسىلەر. ئۇنىڭ ماكانىنى ۋە ئۇنى قولغا كەل-
تۈرمەكنى شۇ جادۇگەردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇلارنى
ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، جادۇگەرنى ھەرگىزمۇ قويۇۋەت-
مەڭلار. بولمىسا ئۇنىڭدىن زىيان كۆرۈسىلەر. شۇڭا ئۇنى
ئۆلتۈرۈڭلار،ــ دەپ ئۆگىتىپتۇ. خانزادىنىڭ ئېمىلدىشى
ئۇنىڭدىن:
ــ ئۇ مۆتىۋەرلەر ساڭا نېمە دېدى؟ــ دەپ سوراپتۇ.
مۆتىۋەرلەر دېگەنلىرىنى باشقىلارغا ئېيتماسلىقنى دېگەچكە،
ئېمىلدىشىغا ئېيتماپتۇ.
ئۇلار يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. بۇ جەزىرىدىن مىڭ بىر
مۇشەققەتتە چىقىپ بىر يايلاققا يېتىپتۇ. خانزادە ئېتىنى
يايلاققا قويۇۋېتىپ، تاغ بېشىغا چىقىپتۇ. قارىسا، بىر يەردە
ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈنگۈدەك. ئوت كۆرۈنگەن جايغا كېلىپ
قارىسا، چېدىر ئىچىدە بىر قېرى موماي يالغۇز ئولتۇرغۇ-
دەكمىش. ئېمىلدىشى كەينىدە قالغانىكەن. موماي خانزادى-
نى كۆرۈپ چېدىردىن چىقىپتۇ ۋە چېدىرغا باشلاپ ئاش
قىلىپتۇ. ئاشقا زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ ئالدىغا قويۇپتۇ. شۇ
ئەسنادا ئېمىلدىشى يېتىپ كېلىپتۇ. قارىسا، خانزادە جادۇ-
گەر قويغان ئاشنى ئىچمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئېمىلدىشى
ۋارقىراپتۇ. خانزادە قولىنى يىغىپتۇ. ئېمىلدىشى مومايغا
سالام قىلىپتۇ. موماي بولسا ئۇنىڭغىمۇ بىر تاۋاق ئاش ئې-
لىپ كېلىپتۇ. ئەمما ئۇ، جادۇگەرنىڭ ئىككى قولىدىن چىڭ
تۇتۇۋېلىپ، يەرگە يىقىتىپتۇ. مەيدىسىگە مىنىۋېلىپ:
ــ ئەي قانجۇق ئېيت، راستىڭنى دە، ھېلىقى پەرىزات
نەدە، ماكانى قەيەردە، يولى قايسى تەرەپتە؟ ئۇنى قايسى
ئۇسۇلدا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ــ دەپ سوراققا ئاپتۇ.
ــ راستىنى ئېيتسام قويۇپ بېرەمسىلەر؟
ــ ئەلۋەتتە.
ــ پەرىزاتنىڭ ماكانىغا مۇنداق بارىدۇ،ــ دەپتۇ جا-
دۇگەرگەر،ــ بۇ يولدا تىلسىم بىلەن بەرپا قىلىنغان تۆت
دەريا بار. بىرىنچىسى ئوتتىن، ئىككىنچىسى بوراندىن، ئۈ-
چىنچىسى توپىدىن، تۆتىنچىسى سۇدىن بەرپا قىلىنغان. ئۇ
دەريالارغا يەتكەن چاغدا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇڭلار. ئاندىن
دەرياغا قەدەم قويۇڭلار. دەريادىن سالامەت ئۆتۈسىلەر. يې-
رىم يولغا بارغاندا بىر يېشىل گۈمبەز ئۇچرايدۇ. پەرىزاتنىڭ
ماكانى شۇ. ئەمما، گۈمبەز ئىچىگە باغلانغان ئىككى ئات
بار. بۇ يەردە بىر تال پاشا ئۇچسىمۇ، ئاتلار پەيدا بولۇپ
كىشنەپ پەرىزاتنى ۋاقىپلاندۇرىدۇ. بىر ئاتنى بۇلۇت، يەنە
بىرىنى بوران دەپ ئاتايدۇ. سىلەر گۈمبەز ئىشىكىنىڭ ئو-
دۇلىغا بىر ئورا كولاپ، شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىڭلار.
باراردا پىستە مېغىزى ئېلىۋېلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئاتلارغا ئۈچ
قېتىم كۆرسىتىڭلار. ئاتلار ھەر قېتىمدا قىسقا كىشنەيدۇ.
سىلەر دەرھال ئورىغا يوشۇرۇنۇۋېلىڭلار. شۇ چاغدا پەرىزات
ئويغىنىپ ئەتراپنى كۆزىتىدۇ. سىلەرنى كۆرمىگەچكە خا-
تىرجەم بولۇپ كىرىپ يەنە ئۇخلايدۇ. سىلەر تۆتىنچى قې-
تىم پىنھاندىن چىقىپ ئاتلارنىڭ باش- كۆزىنى سىلايسىلەر
ۋە ئاغزىغا پىستە مېغىزى سالىسىلەر. بۇ چاغدا ئاتلار كىش-
نىمەيدۇ. مانا شۇ چاغدا گۈمبەزگە كىرىپ پەرىزاتنى ئۆزى-
نىڭ چېچى بىلەن مەھكەم باغلايسىلەر. قائىدىسى شۇكى،
ئۆزىنىڭ چېچىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بىلەن باغلىغىلى
بولمايدۇ. ئۇنىڭدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر
ئەڭگۈشتەر بار. شۇ ئەنگۈشتەر بىلەن قەسەم بېرىڭلار.
ــ بۇ ھاياتىڭ تامام،ــ دەپتۇ ئېمىلدىشى جادۇگەرگە
ۋە ئالدىدىكى ئاشلارنى ئىتقا تۆكۈپ بېرىپتۇ. ئىتلارنىڭ
قارنى تېشىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئېمىلدىشى جادۇگەرگە،ــ سەن
تالاي خانزادىلەرگە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپسەن. مەن كەل-
مىگەن بولسام، بۇ خانزادىنىمۇ ئۆلتۈرەركەنسەن،ــ دەپ
ئۇنىڭ جېنىنى دوزاخقا ئۇزىتىپتۇ.
ئاندىن جادۇگەر ئېيتقان تەرەپكە مېڭىپ، تىلسىم دەر-
يالاردىن سالامەت ئۆتۈپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ھېلىقى
يېشىل گۈمبەز نامايان بوپتۇ. ئۇلار جادۇگەر دېگەن بويىچە
ئىچىگە كىرىپتۇ.
قارىسا، پەرىزات ئۇخلاۋاتقان، شېشىلەردە شاراب،

زىخلاردا كاۋاپ، ئىشرەت لازىمەتلىكلىرى تەييار تۇرۇپتۇ. خانزادە بىر شىشە شارابنى تۈگەل ئىچىۋېتىپتۇ. شارابنىڭ كەيپلىكىدە: «بۇ نازىنىنلارنىڭ شەھەر، شىرنىلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتەي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇمىد ئېتىنى ئوينىتىپ، شەۋىق مەيدانىدا جەۋلانغا كەلتۈرۈپ بىر قەدەم ئاپتۇ. ئاندىن «توپا ئالساڭ ئىگىز دۆڭدىن ئال، دەپتىكەن. ئىشرەت قىلسامۇ پەرىزات بىلەن قىلاي» دەپ تەخت ئۈستىگە قارىسا، بىر قۇياش يۈزلۈك قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ يېتىپتۇ. مەڭزىلىرى ۋە چېكىلىرىدىن تەر تەپچىرىگەن، نەپەسلىرىنىڭ قىزىقلىقى ئوت دەرياسىدەك لاۋا ئۇرىدىكەن. ھۆسنىنىڭ تەرىپىنى يۈز يىل بايان قىلسىمۇ تۈگىمىگۈدەك ئىكەن. بۇنى كۆرگەن خانزادە تۇرۇمتاي تورغايغا ئېتىلغاندەك پەرىزاتنىڭ جۇپ كۆكسىگە قول سوزۇپتۇ. خانزادە قولىنى سۇنۇشىغا «قولۇڭنى تارت!» دېگەن بىر ئاۋاز كېلىپتۇ. بۇ ئالتۇن قۇشنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ئالتۇن قۇش:

— بىر سايرايمەن، ئۇلار ئويغىنىدۇ. سېنىڭ گۆشىڭ بىر مىسقالدىنمۇ يەتمەيدۇ، — دەپ توسۇپتۇ. خانزادە ئۆزىنىڭ پەرىزاتقا غايىبانە ئاشىق بولغانلىقىنى، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن بۇ يەرگە كەلگىنىنى ئېيتىپ، ئالتۇن قۇشقا ئۆزى بىلەن بىللە پەرىزاتنى ئېلىپ كېتىشكە يالۋۇرۇپتۇ. ئالتۇن قۇش:

— مەن بۇ مەلىكىدەك نازىنىننى تاشلاپ، ئادەمزات قېشىغا بارمايمەن، ئادەمزات بىۋاپا كېلىدۇ. شۇڭا كەلگەن يېرىڭگە كەتكىنىڭ ياخشى، — دەپتۇ. خانزادە يىغلاپ تۇرۇپ، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەندىن كېيىن، ئالتۇن قۇشنىڭ رەھمى كېلىپ:

— مېنى ئېلىپ كەتمەككە شۇنچە ئارزۇيىڭ بولسا، ساڭا ئىككى خىزمەت بۇيرۇيمەن. قىلالىساڭ باراي، بولمىسا يولۇڭغا قايت، — دەپتۇ. خانزادە پەرمانبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. قۇش:

— ئاۋۋال پەرىزاتنى قولۇڭغا كەلتۈر. ئاندىن ئەنگۈشتەرىڭنى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ، ئۇنىڭكىنى سەن ئال، — دەپتۇ.

— مەلىكە ئويغىنىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ خانزادە.

— بەندى - بەندىدىن جۇدا قىلساڭمۇ ئويغانمايدۇ، — دەپتۇ قۇش.

خانزادە پەرىزاتنىڭ ئاياغلىرىنى سالدۇرۇپتىكەن بىر خۇشبۇيلۇق دىمىغىنى مەست قىلىپتۇ. ئېتەك گۈلىستانىنىڭ گۈل- غۇنچىلىرىغا نەزەر سالسا، بىغۇبار تۇرغان. ئۇ، ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ. كېيىن قۇشنىڭ گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ پەيلىدىن ۋاقتىنچە يېنىپتۇ ھەمدە دەرھال بېرىپ، پەرىزاتنى ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن باغلىۋاپتۇ. پەرىزات ئويغىنىپ، ئۇلارغا يېلىنىپ ناللەر قىلىپتۇ. ئۇلار قوبۇل قىلماپتۇ. ۋە «بۇ ئەڭگۈشتەر بىلەن قەسەم ئىچكىن» دەپتۇ. پەرىزات سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى كۆرۈپ، ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەسلىككە قەسەم قىلىپتۇ. ئاندىن، ئېملىدىشى پەرىزاتنى خانزادىگە نىكاھ قىلىپتۇ. كۈنلىرى ئەيش - ئىشرەتتە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى خانزادە پەرىزات بىلەن سۇغا چۈشۈپ ئويناۋاتقانىكەن. پەرىزاتنىڭ بىر تال چېچى يۇلۇنۇپ، دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. خانزادە قانچە قىلىپمۇ ئۇنى تاپالماپتۇ. چاچ ئېقىپ كېتىپتۇ. شۇ ۋىلايەت پادىشاھىنىڭ خىزمەتكارى بېلىققا تور سالغانىكەن. بۇ چاچ شۇ تورغا ئىلىنىپ قاپتۇ. خىزمەتكار چاچنى ئۆز پادىشاھى قېشىغا ئېلىپ بېرىپتىكەن، پادىشاھ بۇ چاچنىڭ پەرىزاتنىڭ چېچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ.

خانزادىنىڭ دادىسى ئىلگىرى خانزادىگە: «ئەگەر ئۇۋغا بېرىپ قالساڭ بۇ ئاتلارنىڭ يايلىدىن ھەمراھ قىلىپ بارغايسەن. مۇبادا، بىرەر قىيىنچىلىق بولۇپ قالسا، ئوتقا سالساڭ، ئاتلار ھازىر بولىدۇ. ئەگەر يۈز مىڭ تۈمەنلەپ لەشكەرگە دۇچ كەلسەڭمۇ بۇ ئاتلار ھەممىسىنى تارمار قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى بۇ ئاتلار دىۋە زاتىدۇر» دېگەنىكەن.

ھېلىقى ۋىلايەت پادىشاھى چاچنى كۆرگەندىن كېيىن، يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ، خانزادىنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ. ئېملىدىشى دۈشمەن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپتۇ ۋە خانزادە بىلەن ئىككىسى يۈزمىڭ لەشكەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپتۇ. لېكىن ئاجىز كېلىپتۇ. شۇ چاغدا، دادىسى ئېيتقان ئاتلارنىڭ يايلى بىلەن قويرۇقى توغرىسىدىكى ئىش ئېسىگە كېلىپتۇ - دە، ئېلىۋالغان يايلىنى ئوتقا سالغان ئىكەن، شۇ ھامان زەر لىباسلار بىلەن ئاتلار يېتىپ كېلىپتۇ. خانزادە بىلەن ئېملىدىشى لىباسلارنى كىيىپ، ئاتلارغا مىنىپتۇ-دە، تىزگىنلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ. ئاتلار پۈتكۈل لەشكەرلەرنى تىغۇەيران قىلىۋېتىپتۇ. رەقىبلەرنىڭ ئۆتى يېرىلىپ، شەھەرىگە ئاران كىرىۋاپتۇ.

مەغلۇپ بولغان بۇ لەشكەر شاھىنىڭ ياشانغان بىر مومىسى بار ئىكەن. ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپتۇ. موماي ھېلىقى خانزادىدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتى بىلەن پەرىزات قېشىدا تۇرۇپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ بېرىپتۇ. پەرىزات ئۇنىڭ ھىيلىسىنى بىلمىگەچ ھەمدە ئۆزىمۇ يالغۇز بولغاچقا مومايىنى يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ.

خانزادىنىڭ ئوۋدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى شۇ موماي پىشۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ خانزادە ۋە ئۇنىڭ ئېملىدىشىنىڭ ئاشلىرىغا زەھەر سېلىپ ئەكېلىپ قويۇپتۇ. ئىككىسى ئاشنى ئىچىپلا ئۆلۈپتۇ. پەرىزات قاتتىق غەمگە پېتىپتۇ.

كەمپىر ئۆتۈپ كەتكەن مەككار ئىكەن. ئۇ، پەرىزاتقا:

«بارگاھتا يالغۇز ئۇلتۇرغىچە، دەريا بويىغا بېرىپ سەيلە قەلىپ كېلەيلى» دەپ ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئۆز پادىشاھىغا:«دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈردۈم. بىر چۈمبەللىك رەخت تەييار قىلىپ، سۇ ئاستى بىلەن ئېلىپ كەل. پەرىزاتنى بىر باھانە بىلەن سۇ لېۋىگە ئېلىپ بېرىپ، سۇغا چۈشۈرىمەن. شۇ چاغدا چۈمبەلگە ئوراپ قاچىسەن» دەپ خەۋەر بېرىپتۇ.

ئۇلار پەرىزاتنى شۇ يوسۇندا تۇتۇپ كېمىگە سېلىپتۇ. ھەر قانچە نالە ـ پەرياد قىلسىمۇ ئىلاج بولماپتۇ. ئېلىپ قاچقان پادىشاھ ئۇنى ئۆزى ئېلىشنى ئويلاپتۇ. ئەمما، پەرىزات قوبۇل كۆرمەي قىرىق كۈن مۆھلەت سوراپتۇ ۋە «مېنىڭ جۈپتۈم مۇشۇلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپتۇ. قىرىق كۈن ماتەمنى تۇتاي، قىرىق كۈنگىچە بۇ مەككارلار جازاسىنى تېپىپ قالار» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمدى، ھېلىقى مۆتىۋەرلەر ۋەقەسىگە كېلىمىز:

يولدا ئۇچراشقان مۆتىۋەرلەربىر كۈن سۆھبەتتە بولغانىدى. ئۇلار«ھېلىقى يىگىت بىلەن ھېچ كارىمىز بولمىدى. ئۇلارنىڭ ھالى نېمە بولدىكى» دېيىشىپتۇ ۋە ئۇچى بىرلەشىپ خانزادە كەتكەن جەزىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. مەنزىلگە يېتىپ قارىسا، خانزادە بىلەن ئىمىلدىشى ئۆلگەن. يەنى، ئۇلارنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلار: «بۇلارنى پەرىزەنت دەپ بىلگەنىدۇق. ئەمدى، بۇلارغا مەدەت قىلمىساق بولماس» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇلارغا تەڭرىدىن ھايات ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خانزادە بىلەن ئىمىلدىشى تىرىلىپتۇ. ئۇلار خۇداغا شۈكرى سانا بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

بۇ چاغدا ھېلىقى تاجاۋۇزچى پادىشاھ پەرىزاتنى ئېلىپ كېتىپ خەزىنىسىگە سولاپ قويغانىكەن. مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرسى كېلىپ، خەزىنىنى چېقىپ كىرىپ پەرىزاتنى قۇتقۇزۇپتۇ ۋە خەزىنىدە بار بولغان بارلىق نەرسىلەرنى خانزادىگە ئاچىقىپ بېرىپتۇ. ئاندىن خانزادە، ئۇنىڭ ئىمىلدىشى ۋە پەرىزاتلارنى خانزادىنىڭ يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

خانزادە بىلەن ئۇنىڭ ئىمىلدىشى پەرىزاتنى ئېلىپ پەرەڭ شەھىرىگە يول ئاپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ نەچچە كۈندىن كېيىن پەرەڭ شەھىرىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپتۇ ۋە «خانزادە پەرىزاتنى ئېلىپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى» دەپ، خسراۋ شاھقا خەۋەر بېرىشىپتۇ.

خسراۋ شاھ تامام پەرەڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ خانزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ چەكسىز شادلىققا چۆمۈپتۇ. ئەمما، پەرىزاتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قېلىپتۇ ۋە كۆڭلىگە بىر مەقسەتنى پۈكۈپ، ئوغلىغا: «ئوغلۇم، بۇ بۇلاقنىڭ بويىغا چۈشۈپ ئارام ئالغاچ تۇرۇڭلار. مەن سىلەرنى پۈتكۈل ئادەملىرىمىز بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىمەن» دەپ قويۇپ، ئۆزى شەھەرگە كېتىپتۇ. خانزادە بىلەن پەرىزات بۇلاق بويىدا قاپتۇ.

بىر كەمدە، خانزادىنىڭ ئىمىلدىشى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بۇلاق لېۋىگە كەلگەن ئىكەن. شۇ ھامان، غايىبتىن: «ئەي يىگىت، ۋاقىپ بولغىنكى، خانزادىنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا بىر ئات، بىر قارچىغا ئەۋەتىدۇ. ئاتنىڭ ئېگىرى، قارچىغىنىڭ تىرنىقى زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان. خانزادە شۇ ئاتقا مىنىپ، قارچىغىنى قولىغا قوندۇرغان زامان ئۆلىدۇ. كىمكى بۇ سىرنى پاش قىلىپ قويسا، تاشقا ئايلىنىپ قالغۇسىدۇر» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بوپتۇ.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىمىلدىشى بۇلاق لېۋىدىن يېنىپ چىقىپتۇ ۋە خانزادە قېشىغا بېرىپ: «ئەي جان دوستۇم، سىزگە يېقىنلىقىمدىن بىر گەپنى ئېيتاي، بۇنى قوبۇل قىلىپ ئاڭلىغايسىز» دەپتۇ. خانزادە جان دەپ قوبۇل قىلىپتۇ. ئىمىلدىشى:« ئۇنداق بولسا، بۈگۈن ئاتىڭىز سىزگە نېمە بەرسە، ئۇنى ماڭا بېرىسىز» دەپتۇ. خانزادە «جېنىمنى دېسەڭمۇ بېرىمەن» دەپتۇ.

ئۇلار شۇ گەپلەرنى دېيىشىۋاتقاندا، ئاتباقارلار ئېگەرلەنگەن بىر ئاتنى ئېلىپ كېلىپتۇ. باخشىلار بىر قۇشنى كەلتۈرۈپتۇ. خانزادە بۇلارنى ۋەدىسى بويىچە ئىمىلدىشىغا بېرىپتۇ. ئىمىلدىشى قۇشنى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاتقا مىنمەي يېتىلىتىپ مېڭىپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي، پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپتۇ. ئات بىلەن قۇشنىڭ ئەھۋالىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئىلاجىسىز خانزادىنى ئېلىپ شەھەرگە كېلىپتۇ ۋە بىر بارگاھقا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل جاھازلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئىل ـ ياقۇتتىن بولۇپ، خانزادە بۇنداق ئېسىل چېدىر-بارگاھنى كۆرمىگەن ئىكەن. ئەمما دادىسى بارگاھتىكى نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى زەھەر بىلەن نىقابلاپ قويغانىكەن. مۇبادا، خانزادە كىرسىلا بەدىنىگە تەگكەن ھامان ئۆلىدىكەن. پەرىزات ئۇنىڭ ئاتىسىغا قالماقچى ئىكەن. لېكىن، ئىمىلدىشىنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن بۇ ئىككى قېتىملىق دۈشمەنلىكنىڭ ھېچقايسىسى خانزادىگە زىيان يەتكۈزەلمەپتۇ. ئاتىسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ.

خانزادە بىر كۈنى ئوۋغا بېرىپ قايتىپ كېلىپتۇ. ئىمىلدىشى: «چېدىر قېشىغا دوستلىرىمىزدىن ھېچكىم كەلمىسۇن» دەپتۇ. لېكىن، خانزادە بىلەن پەرىزات بارگاھقا كىرىپ يېتىپتۇ. بىر كەمدە ئۇلارنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. پەرىزاتنىڭ چۈمبىلى ئېچىلىپ، چېدىردىن ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تامچە زەھەر تېمىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىمىلدىشى «ھەي، ئەپسۇس، ئەمدى پەرىزاتنىڭ ھۆسنى بۇزۇلىدىغان بولدى» دەپ ھەسرەت چېكىپ قاپتۇ ۋە دوستىغا بولغان سادىقلىقى ۋەجىدىن پەرىزاتنىڭ يۈزىدىكى زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ پاكلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا خانزادە ئويغىنىپ، بۇ ھالنى كۆرۈپ

قاپتۇ ۋە قاتتىق غەزەپكە كېلىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئېمىلدىشى ھېلىقى بۇلاق بويىدا غايىبتىن ئاڭلىغان گەپلىرىنى ۋە دادىسىنىڭ پەرىزاتقا ئاشىق بولغىنىنى ئەينەن سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ پەرىزاتنىڭ يۈزىنى يالىشىنىڭ سىرىنى بايان قىلىپتۇ. ئاخىرىدا: «بۇ سىرنى ساڭا دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ سىرنى كىمكى پاش قىلىپ قويسا، تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغانىدىم. ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن، دەپ پايدىسىز ئەھۋالغا قالدىم» دەپلا تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

خانزادە ھەيران قاپتۇ. قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، نالە ـ پەرياد چېكىپتۇ. قانچە قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى بولماپتۇ. ئاخىرى ئۇ، دوستىنى شۇ يىغلىغىنىچە كۆتۈرۈپ يەتتە يىل كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ ۋە بىر سائەتمۇ توختىماي يىغلاپ يىغلا كۆزلىرى ئەما بولۇپ قاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن خىسراۋ شاھ قىلغانلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىلىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پەرىزاتنىڭ ئىشقىدا كېچە ـ كۈندۈز ئاھ چېكىپتۇ ۋە پەرىزاتنى ئوغلى ئۈچۈن مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپتۇ. لېكىن، خانزادە ئېمىلدىشىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ بىر بۇلاق بويىدا تۇرغانىكەن. خانزادىمۇ ئۇشتۇمتۇت بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە بىر بۇزۇرۇكۋارنىڭ ئولتۇرغىنىنى بىلىپ:

«ئەي بۇزۇرۇكۋارىم، ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلمىدىم. كۆرەي دېسەم كۆزۈم يوق» دەپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام بولسا: «ئەي، ئەقىلسىز، مەن خىزىر نەبىئۇللادۇرمەن» دەپتۇ. خانزادە يىغلاپ، خىزىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. بولغان ـ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ، دوستىنىڭ سۈرىتىنى، ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. خىزىر دەرەختىن بىر تال بەرگىنى ئېلىپ، خانزادىنىڭ كۆزىگە بىر سۈرتكەنىكەن، كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئاندىن بىر دۇئا بىلەن ئېمىلدىشىنىڭ سۈرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

بۇ خەۋەر خىسراۋ شاھقا يېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خىسراۋ شاھ شۇ ھامان پۈتكۈل دۆلەت ئەربابلىرى ۋە مەملىكەت خەلقىنى ئېلىپ خانزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ قىرىق كۈن توي تاماشا قىلىپ، پەرىزاتنى يىگىۋاشتىن نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ. ئۆزى خىلۋەتكە چۈشۈپ ئىبادەتكە مەشغۇل بوپتۇ. سەلتەنەت تەختىگە خانزادىنى چىقىرىپتۇ. ئېمىلدىشى ۋەزىر بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈشۈپتۇ.

«جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق قوليازمىدىن
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر
ئادرېس: گۇما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى

# يۇمۇرلار

## كەسكىن جاۋاب

بىر يولۇچى ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ قويچى بالىدىن سوراپتۇ:

— بالام نېمىشقا مەكتەپتە ئوقۇماي قوي باقىسەن ؟
— پۇل تاپىمەن .
— پۇل تېپىپ نېمە قىلىسەن ؟
— ئۆي ئالىمەن .
— ئۆي ئېلىپ نېمە قىلىسەن ؟
— خوتۇن ئالىمەن .
— خوتۇن ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟
— باللىق بولىمەن .
— باللىق بولۇپ نېمە قىلىسەن؟
— مۇشۇ قويلارنى باقتۇرىمەن، — دەپلا كەسكىن جاۋاب بېرىپتۇبالا.

## جەننەت

بىر ئەنگلىيىلىك، بىر فرانسىيىلىك ۋە بىر سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپتۇ.

— ئۇلار چوقۇم ئەنگلىيىلىك، — دەپتۇ، — ئەنگلىيىلىك، — قاراڭ، ھاۋا ئانىنىڭ بىرلا تاۋۇزى بولسىمۇ، ئادەم ئاتىغا ئىككىلەنمەي بېرىۋەتتى.

— ياق، — دەپتۇ فرانسىيىلىك، — ئۇلار ئاندىن تۇغما ھالدا ئولتۇرۇپ مېۋە يەۋېتىپتۇ، شۇڭا ئۇلارنى فرانسىيىلىك دېيىش كېرەك.

— ئۇلار چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقلىق، — دەپتۇ سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئادەم، — ئۇلارنىڭ كىيگۈدەك كىيىمى، تاۋۇزدىن باشقا يېگۈدەك نەرسىسىمۇ يوق تۇرۇپ، ئۆزىنى خۇددى جەننەتتە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىدۇ.

## سوتچىنىڭ ھۆكۈمى

بىر مۇئەللىم خاتالىق سادىر قىلىپ سوتقا تارتىلىپتۇ. سوتچى مۇئەللىمنى سوتلايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خوشال بوپتۇ، ۋە ۋارقىراپ تۇرۇپ مۇئەللىمگە بۇيرۇق قىلىپتۇ :

ـ ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن، دېگەن گەپنى 500 قېتىم، خاتالىقىمنى تونۇيمەن، دېگەن گەپنى 500 قېتىم يېزىپ چىقىڭ ! — دەپلا ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

تەييارلىغۇچى : ئەزىزە تۇيغۇن

2008 . 2

# رىۋايەتلەر

## سۇمۇرۇغ ھەققىدە رىۋايەت

سۇمۇرۇغ ئادەمگە ئوخشاش تۇپراقتىن يارىتىلغان بولۇپ، ماكانى قاف تېغىدا ئىمىش. سۇمرۇغنىڭ ئىككى بېشى بولارمىش. بىرى قۇش بېشىغا، يەنە بىرى ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشارمىش. قۇش بېشى بىلەن قۇشلار تىلىدا، ئادەم بېشى بىلەن ئادەملەر تىلىدا سۆزلەرمىش. ئۇ جۈپسىز بولۇپ، مەڭگۈ ئۆلمەسمىش. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل قەددى ـ قامىتى بىلەن ھەر زامان پەخىرلىنىپ يۈرىدىكەن. ئۇ شۇ زامانلاردا:«قاچانكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىدىكەن، ئۇنىڭغا مەنلا ئەلچى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىمەن» دەپ ماختىناتتىكەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە كىمنىڭ ئەلچى بولىدىغانلىقىنى سوراشقانىكەن، ئۇ ھۆپۈپنى تاللاپتۇ. ئەسلىدە ھۆپۈپ سۇمرۇغنىڭ تەرىدىن يارالغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن سۇمۇرۇغ قۇشلارنىڭ پادىشاھى، ھۆپۈپ ئەلچىسى، بۇلبۇل نەۋكىرى بوپتىكەن. ئۇلار ھازىرمۇ شۇ مۇناسىۋەتتە ئىمىش.

## ئاجايىپ بىر مەخلۇق ھەققىدە بېشارەت

ئاخىر زاماندا «دابىتلئەرز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخلۇق پەيدا بولارمىش. ئۇ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن دۇنيادىكى پۈتكۈل ھايۋانلارنىڭ سۈرەت ـ سىيماسى تېپىلار ئىمىش. ھەيۋەتلىكلىكىدىن بېشى يەتتە قات كۆكنىڭ ئۈستىدە، ئايىغى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدە تۇرارمىش.

## قوڭغۇز ھەققىدە رىۋايەت

مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى قارۇننى تۇغرا يولغا ئۈندەپتۇ. ئەمما ئۇ توغرا يولغا مېڭىشنى رەت قىلىپتۇ ۋە ماڭماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارۇننى يەر يۇتۇپ كېتىپتۇ. يەر يۇتۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىر قوڭغۇز پەيدا بولۇپتۇ. قارۇن ئەزەلدىنلا مال- دۇنياغا ھېرىس بولغاچقا، ئۇنىڭدىن يارالغان قوڭغۇزمۇ مال ـ دۇنياغا ھېرىس چىقىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن قوڭغۇز دائىم ئات تېزىكى ئىچىدە ياشارمىش. ھاشاراتلار ئىچىدە قوڭغۇزدىن ھېرىس ۋە تەكەببۇر نەرسە يوقمىش. تۆت ئاياغلىقلار ئىچىدە تۇڭگۇزدىن ھېرىس، قاپلاندىن تەكەببۇر نەرسە يوقمىش. ئۇچار قۇشلاردا شۇڭقاردىن تەكەببۇر، قاغا ۋە سارىسقاندىن ھېرىس نەرسە يوقمىش.

## تۆگە رىۋايىتى

تۆگە جەننەتتىكى توبى دېگەن بىر دەرەخنىڭ ياپرىقىدىن يارىتىلىپتۇ. شۇڭا ئۇ چوڭ ۋە كۈچلۈك ئىمىش. تۆگە ئەسلىدە ئۆركەشسىز ئىمىشكەن، داقيانۇسۋاقتىدا داقيانۇس خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، كېيىكلەر ئارىسىدىن «بولان» دەيدىغان بىر خىل كېيىكنى تۇتۇپتۇ. ئۇ شەكىل جەھەتتىن تۆگىگە ئوخشايدىكەن. داقيانۇس بىر چىشى بولاننى ئەركەك تۆگىگە ئىلىندۇرغان (نەسىللەندۇرگەن) ئىمىشكەن، ئۇلاردىن ئۆركەچسىز تۆگە تۇغۇلغانىمىش.

## يىلان ھەققىدە رىۋايەت

ئىلان ئەسلىدە جەننەتتىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇچ قانىتى بار ئىكەنمىش. ئۇ جەننەتتىكى پەرىشتىلەردىن ئازازۇل بىلەن سىرداش ئىكەنمىش. خۇدا ئازازۇلغا غەزەپ قىلىپ، جەننەتتىن قوغلاپ، سۈرىتىنى تەبدىل قىلغاندا ئىلاننىڭ قانىتىغىمۇ قەھرى قىلىپتىكەن. بۇ قەھر يىلاننىڭ ئىچىدە قېلىپ زەھەرگە ئايلانغانىمىش.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىلان قارا باشلىق، سېرىق باشلىق ۋە باقەر رەڭلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدىكەن. سېرىق باشلىق زەھەرلىك، قارا باشلىقنىڭ زەھرى ئاز، باقىر رەڭلىكى زەھەرسىز ئىكەن.

يىلان بىر ياشتىن سەككىز ياشقا بارغىچە «ھەييەتە» دېيىلىدىكەن. بۇ مەزگىلدە قىش كۈنى بىر نەرسە يېمەسمىش. چۈنكى، قىشتا سۇ ئاستىدا ئويغانماي ئۇخلارمىش. ھەييىتە بىر كىمنى چېقىۋالسا ئىلاجى شۇكى، چېقىۋالغان شۇ «ھەييىتە» نى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىۋېتىپ، قاينىتىپ شۇ كىشىگە ئىچكۈزسە، غايەت پايدىسى بار ئىمىش. ئەگەر، ئۇ «ھەييىتە» نى ئۆلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، ئاتىنىڭ تېرىنى شۇ چېقىلغان يەرگە سۈرۈتۈش ھەم ئىچكۈزۈش لازىممىش.

يىلان توقسەن ياشقا بارغاندا «ئەنئى» دېيىلىدىكەن. ئەنئى چاققان كىشىگە داۋا يوقمىش. ئۇ يۈزدىن ئۆتۈپ مىڭ ياشقا بارغاندا «ئەجدىھا» دېيىلىدىكەن. ئەجدىھا ھالىتىگە يەتكەندە، ماگماي بىر يەردە مۇقىم تۇرارمىش. ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنى دەم تارتىپ ئۇزۇۋېلىنارمىش. كۆپىنچە يېمەكى توپا ئىمىش. ئىككى مىڭ ياشقا بارغاندا «يۇھي» دېيىلىدىكەن. بۇ خىل يىلان ھىندى دىيارىدا كۆپمىش. ئىككى مىڭدىن ئۆتۈپ كەتسە، چىرايلىق قىز ياكى يىگىت سۈرىتىگە كىرەرمىش. ئادەمدىن ھېچ پەرقى يوقمىش. ئەجدىھا بىلەن يۇھي قارا باشلىق يىلاندىن ئۆزگىرەرمىش. سېرىق باش ۋە باقىرەڭ يىلانلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولماسمىش. باشقىلىرىغىمۇ ئۆزگەرمەسمىش.

يەنە «شاھ مارى» (يىلان شاھى) دەيدىغان بىر خىل يىلان بولۇپ، رەڭگى ئاق، چوڭلۇقى قامچى دەستىسىدەك بار ئىمىش. ئۇ يىلانلارنىڭ شاھى بولۇپ، ئەسلا زەھرى يوقمىش.

توپلاپلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر



# مەشرەپ بېيىتلىرى قوغدىلىشقا موھتاج

ئادالەت ئىمىن

قومۇلدا يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملاشقان قارلىق مەشرىپى، كۆك مەشرىپى، توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەملەردە بولىدىغان مەشرەپلەر، ئۆجمە باراۋىتى، قوغۇن باراۋىتى ۋە باشقا ملسلاردا بولىدىغان مەشرەپلەر خەلق بېيىتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش، تارقىلىش، تەرەققىي قىلىش سورۇنى بولۇپ، سەنئەتخۇمار قومۇل خەلقى يۇقىرىقىدەك تۇرلەردە مەشرەپلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلگەن. قومۇلدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا توي تۆت كۈن بولاتتى. تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى(قىز تەرەپتە) توي كۈنى، ئىككىنچى كۈنى (يىگىت تەرەپتە) يۈز ئاچقۇ كۈنى، ئۈچىنچى كۈنى چىللاشقۇسى، تۆتىنچى كۈنى توققۇزى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، توي ئىگىلىرىنىڭ ئۆيىدە تويىنىڭ توققۇزىغىچە مەشرەپ بولاتتى. توي ئىگىلىرى شۇ چاغدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالغا قاراپ بىرەر كىيىملىك رەخت ياكى كۆڭلەك ئېلىپ، شۇ مەھەللىدىكى ياكى شۇ ئەتراپتىكى ئەڭ داڭلىق ئۇستا مۇقامچىلارنى يوقلىغاچ، ئۇلارنى ئۆز ئۆيىدىكى تويغا ئالاھىدە چىللايتتى، تويغا كەم بالدۇر بېرىپ ئېيتسا، شۇلار مۇقامچىلارنى ئېلىپ كېتەتتى. مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا مۇقامچىلارنىڭ بالىلىرىغا ئالغاچ بېرىشى ئۈچۈن ئىككى چوۋات(نېپىز نان) ئارىسىغا گۆش، پولۇ دېگەندەك توي نېمەتلىرىدىن بېرىلەتتى①. لېكىن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆزگىچىلىكلىرى بۇ چوڭ قاينامدا ھورغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قومۇل رايونىدا مەشرەپ سورۇنلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپ ئازلاپ كەتتى. يۈز ئاچقۇ مەشرىپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، توي مۇناسىۋەتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان توي باشلاش مەشرىپى، توي مەشرەپى، تۈنجى قارنى قۇتلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان قارلىق مەشرىپى، تۈنجى قاردىن كېيىن كۆك ئۈندۈرۈلۈپ بىر قىش ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆك مەشرىپى . ھېيت ـ ئايەملەردە بولىدىغان مەشرەپلەر خەلق تۇرمۇشىدىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كەتتى. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى، تۇرمۇش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئازلاپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۈنئالغۇنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشى ھەم ئۇنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرىغا كىرىشى، شۇنىڭدەك تانسا ۋە باشقا ئەبجەش ئۇسسۇللارنىڭمۇ بۇ سورۇنلاردا تەك پەيدا بولۇشى، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا قاتتىق زەربە بولدى. كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا توك بارلىكى يەردە« ھاردىم، تالدىم» دېمەي نەغمە قىلىپ بېرىدىغان، ھەم زامانىۋىلىقنىڭ بەلگەسى بولۇپ قالغان ئۈنئالغۇلارنى ئىشلىتىشنى مودا قىلىشقا باشلىدى. مەشرەپ سورۇنى ۋە ئەلنەغمىچى ئىككىسى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى ئىلىك ئالىدىغان دىئالېكتىك بىرلىك. تارىختا ئۆتكەن نى ـ نى مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ قابىلىيىتىنى تاۋلايدىغان سورۇنلارنىڭ ئازلاپ كېتىشى تۈپەيلى قابىلىيەتلىكلەرنىڭ قابىلىيىتى تاۋلانمىدى ياكى تاۋلىنىش پۇرسىتى ئازلاپ كەتتى، مەشرەپ سورۇنلىرىنى قىزىتىدىغان سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقالمىدى دېگەنلىكتۇر. ئۈنئالغۇلارنىڭ سەنئەتكارلارنىڭ پۇرسىتىنى تارتىۋېلىشى، مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، قومۇل دىيارىدىكى ئوت يۈرەك سەنئەتكارلاردىن مەگلىك ئۇستام، ئەمەت قالتىس، ئاخۇنبەگ، ئاقپاشا، لەيلىخان قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلاد مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلار بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالدى. لەيلىخاندەك مەشرەپنى، نەغمە ـ ناۋانى قىزىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ھەم ئۇنى قىزىتىش ـ قىزىتماسلىق، نەغمىچىگە باغلىق دەپ بىلىدىغان « داپنى قولىغا ئېلىپ چالمىغان، نەغمىنى



مەلىكخان ئانا قىيقاس بېيتى ئېيتماقتا

باشلىمىغان ئەھۋالدىمۇ سورۇن كەيپىياتىنى بىردىنلا جانلاندۇرىۋېتىدىغان، سورۇنلاردا يېشىلەلمەي ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى يېشىپ، پۇت - قولىغا جان كىرگۈزۈۋېتىدىغان... مەشرەپنىڭ ھەم ئىشتىياقلىق نەغمىچىسى، ھەم زوقمەن تاماشىچىسى، ھەم كەڭ كۆڭۈل ساھىپخانى، ھەم ئەدەپلىك مېھمىنى، ھەم قابىل رىياسەتچىسى، ھەم ماھىر تەشكىللىگۈچىسى، ھەم داپچىسى، ھەم قىزىقچىسى، ھەم قىزىقتۇرغۇچىسى ھەم قىقاسچىسى بولالايدىغان» ② ئىزباسارلار يېتىشىپ چىقالمىدى، بۇنىڭ بىلەن مەشرەپلەر قىزىمايدىغان بولدى، قىزىمىغانچە تېخىمۇ ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولدى.

نىكاھ توي مۇراسىملىرى بولسا، ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ مۇراسىملارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، يەنە بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىنىڭ مۇجەسسەملەنگەن سەيناسى. ئەنە شۇ سەينا تۇغقانلارنى تۇغقانلارغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، قولۇم - قوشنا يۇرتداشلار ئارا مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈشىدىغان، دوست، ئەل - ئاغىنىلەر ئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان، شۇنىڭدەك خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆز كارامەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان، ئۆز ئىقتىدارىنى تاۋلايدىغان بىر سەھنە. بۇ سەھنىدە نەغمىچى مۇقامچىلار ئۆزلىرىگە خاس ئۇسلۇبلىرى بىلەن مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدا خەلق مۇقاملىرىنى ياڭرىتىپ ئاممىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چەكسە، ئۇسسۇلچىلار لەرزان ئۇسسۇللىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. قىقاسچىلار سورۇن ئەھلىنى بېيىتكە قېتىپ قىيقاس توۋلاپ، سورۇن كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. قىز ۋە يىگىت تەرەپنىڭ بېيىتچىلىرى بېيىت ئېيتىشىشتا بەسلىشىپ، گاھ توي ئىگىلىرىنى ئاجايىپ گۈزەل تىللار بىلەن مەدھىيىلىسە، گاھ يۇمۇرىستىك تىللار بىلەن قىزىقچىلىق قىلىپ توي قاتناشچىلىرىنى قانغىچە كۈلدۈرىدۇ. قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش جەريانىدىكى ھەييار ئۇسسۇلچىلارنىڭ قىزىقچىلىقلىرى توي قاتناشچىلىرىنى پۇخادىن چىققۇچە ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ تويلارنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرى ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئىجادىي بېيىدىغان، ياشلار چوڭلاردىن، بىلمىگەنلەر بىلگەنلەردىن، بىلمىگەنلەر بىلەن بىلگەنلەر ئۆز-ئارا ئۆگىنىدىغان، ھەقىقىي بىلىم ئالماشتۇرۇش سورۇنى ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك بۇ سورۇن ئەۋلادلارغا ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىدىغان ھەم ئۇلاردا ئادەمىيلىك ساپا يېتىلدۈرىدىغان خەلق مەكتىپى ئىدى. ھازىر قومۇل رايونىغا نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ يۈز ئاچقۇ مەشرىپىدۇر.

بېيىت ئېيتىشىش — يۈز ئاچقۇ مۇراسىمىنىڭ بىردىنبىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي - تۆكۈنلەرنى گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈپ قىلىشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. يۈز ئاچقۇ مەشرىپىدىن باشقا مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن شۇ سورۇنلاردا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بېيىتلارنىڭ كەڭ زېمىنى تارايدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قومۇل رايونىدا، كىشىلەرنىڭ بېيىت ئېيتىش تالانتىنى يېتىلدۈرىدىغان، نامايان قىلىدىغان، تاۋلايدىغان سەھنىسى يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىگىلا مەركەزلەشتى. قومۇل رايونى بوستانلىق مەدەنىيىتى بىلەن تاغلىق رايونلار مەدەنىيىتى گىردىلەشكەن بىر رايون بولۇپ، تارىختا بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ شەھەر ۋە تاغلار، قاقاس چۆللۈكلەر ۋە ئېگىز تاغلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ھەرقايسى جايلارنىڭ يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىدا ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلەر مەۋجۇد. بۇ پەرقلەر قومۇل شەھىرىگە يېقىنلاشقانسېرى ئېيتىلغان بېيىت مىقدارىنىڭ ئازلاپ بېرىشى ۋە قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ئاددىيلىشىپ بېرىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىز نۆۋەتتە قومۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدىكى بېيىت ئېيتىشىش پائالىيەتلىرىنى ئۈچ رايون بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بۇ ئۈچ رايون بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن ئالغاندا، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

**1.** ئاراتۈرۈك. بۇ رايون شىنجاڭنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى قاتمۇقات تاغلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئېتىكىدىكى يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان تاغلىق رايون. بۇ رايوندا ئاھالىلەر تارقاق ئول-



يوتا ئۆتتۈشۈش

تۇراقلاشقان بولۇپ، سىرتنىڭ تەسىرىگە كېيىنكى مەزگىللەردە
ئازراق ئۇچرىغان، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىمۇ باشقا جايلارغا قا-
رىغاندا سەل كېيىنرەك بولغاچقا، بۇ جايدا دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر
بىر ئاز بوشراق③. مەسىلەن، توي بېيىتلىرىدە «ئوڭ قولۇمغا
هاراق ئالدىم، سول قولۇمغا شامچىراق» دېگەن مىسرالىرى قو-
مۇل شەھىرىدە «چاي» دەپ ئۆزگەرتىلىپ ئېيتىلسا، ئاراتۇرۇك
تەرەپلەردە ئۆزگەرتىلمەي ئېيتىلىۋېرىدۇ. يەنە بۇ جايلاردا ئايال
ئېيتقۇلار كۆپ بولۇپ، توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەردە ئاساسەن ئا-
ياللار ناخشا ئېيتىدۇ. مېنىڭ 2006 ـ يىل 30 ـ ئاۋغۇستىن 4 ـ
سېنتەبىرگىچە بولغان ئاراتۇرۇكتىكى تەكشۈرۈشۈمگە ئاساسلان-
غاندا هازىرمۇ شۇنداق. شۇ چاغدا مەن قاتناشقان ئۈچ تويىنىڭ
هەممىسىدە ئۈچ ئايال داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتتى، بىر ئەر
غىرجەك چېلىپ تەڭكەش قىلىپ بەردى.

ئاراتۇرۇكتە توي قىلغان قۇدىلارنىڭ ئۆزئارا بىر- بىرىنى
قۇتلاپ بېيىت ئېيتىشى، پۇتا ئۇسسۇلدا بېيىت ئېيتىپ چاقچاق-
لىششى، مەشرەپ كەيپىياتى كۆتۈرۈلگەندە هازىر جاۋاب قى-
زىقچىلارنىڭ ماھىر ئۇسسۇلچىلارنى مەدھىيلەپ، ئۇسسۇل ئوي-
نىيالمىغانلارنى ھەجۋىي قىلىپ، يېڭى-يېڭى قوشاقلارنى توقۇ-
شى، قىيقاس تولاپ سورۇننى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋېتىشى ئا-
دەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇ يەردە بېيىت- قوشاق بىلمەيدىغان
ئادەم يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقىمۇ بۇ رايوندا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان
يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدە ئېيتىلغان توي بېيىتلىرىنىڭ مىقدارى
ئەڭ كۆپ. ئۇلار توي باشلاش مەشرىپى ۋە توي مەشرەپلىرىنى
هازىرمۇ ئۆتكۈزىدۇ، بۇ مەشرەپلەردە مېھمانلارغا چاي تۇتقاندا
ھەم مەشرەپ كەيپىياتى كۆتۈرۈلگەندە قىيقاس بېيىتلىرىنى ئېي-
تىدۇ. قىز ۋە يىگىت تەرەپ ئۆز خېنىلىرىنى(سوۋغاتلىرىنى) قارشى
تەرەپكە تۇتۇشقاندا ھەم قۇرۇق داستىخاننى قايتۇرغاندا قۇدا خې-
نىسى(سوۋغىتى) بېيىتىنى ئېيتىدىغان ئادەت هازىرمۇ داۋاملىشىۋا-
تىدۇ. يۈز ئاچقۇدا بېيىت ئېيتقاندىمۇ، ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ
ئالدىغا قويۇلغان ھەر بىر پەتنۇس ئۈچۈن بىر بېيىت ئېيتىپ قىز
تەرەپكە تۇتسا، قىز تەرەپمۇ يەنە قۇرۇق پەتنۇسلارنى بېيىتى بى-
لەن قايتۇرىدۇ. بۇنىدىن باشقا يەنە قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغانلار
توسۇۋېلىنغاندىمۇ يولنى ئېچىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ بېيىت
ئېيتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بۇ يەردە ئومۇملاشقان. شۇنداق دېيىشكە
بولىدۇكى، ئاراتۇرۇك رايونىدىكى بىر پۈتۈن توي بېيىت ئېيتى-
شىش بىلەن باشلىنىپ، بېيىت ئېيتىشىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

2. لاپچۇق. بۇ «بەش شەھەر، 12 تاغ» ئاتالغۇسىدىكى
بەش شەھەرنىڭ بىرسى بولۇپ، قومۇل شەھىرىدىن 60 كىلومې-
تىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان بىر قەدىمىي يۇرت. بۇ يۇرت « تا-
رىختا ئۇزۇن بىر زامان سودا كارۋانلىرى ۋە خىلمۇ خىل يولۇ-
چىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدىغان جايلارنىڭ بىرى
ئىدى. لاپچۇق خەلقى توي-تۆكۈن، ھېيت- بايراملاردا، قىش
كۈنلىرىدىكى مەشرەپ ئولتۇرۇشلىرىدا ئۆز ئارا كۆڭۈل ئېچىپ،
قومۇل مۇقاملىرىنى ئېيتىشىدىغان، دوستلىرىغا مېھرىبان، مېھمان-
دوست، ناخشا-مۇزىكا، ئويۇن-تاماشىغا ئامراق خەلق.④ ئۆت-
كۈزۈلۈۋاتقان يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا
يۈز ياپقۇچى، يۈز ئاچقۇچىلار مۇقامچىلارنىڭ مۇڭلۇق مۇقام
كۈيلىرىگە جۆر بولۇشۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ قىزنىڭ يۈز-
نى بىرسى ئاچسا، بىرسى كېلىپ ياپىدىغان، بېيىت ئېيتىشىدىغان
ئادەتلەردىن باشقا، يەنە قىز-يىگىت چوڭلارغا سالام بەرگەندە
چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بېيىت ئارقىلىق ئىپادى-
لەيدىغان ئېسىل ئادەتلەر ساقلانغان، ئۇنىڭدىن باشقا يۈز ئاچقۇدا
ئەرلەرمۇ بېيىت ئېيتىدىغان ، قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئادەتلەر ئۆز-
گىچىلىككە ئىگە.

3. قومۇل شەھىرى. قومۇل شەھىرىدىكى بېيىت ئېيتىشىش
ئەھۋالىغا كەلسەك، يۇقىرىقى ئىككى رايون بىلەن روشەن پەرقلىق
هالدا قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ئاددىيلاشقانلىقى، بېيىت ئېيتىشىشنىڭ
نىسبەتەن سۇسلاشقانلىقىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا يېڭى زامان مە-
دەنىيىتى تەسىرىنىڭ قومۇل شەھىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغانلىقىنى
هېس قىلىمىز. 3 ـ4 كۈندە بولىدىغان تويلار بىر كۈنگە قىس-
قىراپ، نۇرغۇن قائىدە-يوسۇنلار ئەمەلدىن قالغان ياكى ئۆزگەر-
گەن بولۇپ، توي باشلاش مەشرىپى، توي مەشرىپى ئومۇميۈز-
لۈك دېگۈدەك ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. يۈز ئاچقۇ مەشرىپى تويىنىڭ بىردىن-
بىر مۇھىم مۇراسىمى سۈپىتىدە داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن
مۇقامنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىگە جۆر بولغان ئۇسسۇلچىلارنىڭ
ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدىغان ئادەتلىرى
ساقلانمىغان بولۇپ، قائىدىلىرى ئاددىيلىشىپ پەقەت قىزنىڭ ئال-
دىغا تەخسە ـ پەتنۇسلاردا تىزىش ۋە بېيىت ئېيتىشىش مۇراسى-
مىلا ئايلىنىپ قالدى. يەنە بەزىدە بېيىت ئېيتىدىغان ئادەم يوق
بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ، بىر-ئىككى كۇپلېت بېيىت ئېيتىپ
توي قاتناشچىلىرى ۋە توي ئىگىلىرى تىنىلداپ، بىر خىل بىئەپ،
ئوسال هالغا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. قومۇلدا ئۆتكۈ-
زۈلگەن يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرى خەلقنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا،
ئاراتۇرۇك، لاپچۇقلاردىكى يۈز ئاچقۇلاردىكىدەك قىزىمايدۇ. قو-
مۇل رايونىغا نىسبەتەن زامانىۋىلىقنىڭ، ئىلغارلىقنىڭ كۆزنىكى
هېسابلانغان قومۇل شەھىرى خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى بولغان بېيىت ئېيتىشىش ئەنئەنىسىنى يېتەرلىك تەرەققىيات
بوشلۇقىدىن مەھرۇم قىلغان بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن بېيىت ئېيتىشىش
ئەنئەنىسىنىڭ كەلگۈسىگە بىر نەرسە دېمەك تەس.

**يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدە ئېيتىلىۋاتقان بېيىتلار سىستاتىستىكى-
سى.**

خەلق تۇرمۇشىدا ئېيتىلىۋاتقان بېيىتلارنىڭ نەق مەيدانلىرى-
نى تەكشۈرۈشۈمدىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، هازىر قو-
مۇل رايونىدا يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىنىڭ ئېيتىلىشى ئومۇميلىقتا ئې-
گە. مەن تەكشۈرۈش جەريانىدا ئالتە تويىنىڭ يۈز ئاچقۇسىنى
سۈرەتكە ئالدىم، بېيىتچىلاردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق يەنە ئالتە

تۇينىڭ خاتىرە پىلاستىنكىسىدىن يۈز ئاچقۇ قىسمىنى كېسىۋالدىم. شۇ يۈز ئاچقۇلاردا ئېيتىلغان بېيىتلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈپ باقايلى:

| ۋاقىت | ئورۇن | قىز - يىگىت تەرەپ | بېيىتچى سانى | بېيىتچى مىقدارى |
|---|---|---|---|---|
| 2003\10\18 | لاپچۇق( ھويلا) | لاپچۇق -لاپچۇق | 4 | 246 |
| 2004\11\29 | نوم (ئۆي) | نوم - قومۇل | 7 | 308 |
| 2006\6\28 | راھەتباغ (ئۆي) | قاراتال - راھەتباغ | 3 | 202 |
| 2006\7\9 | دۆۋەجىن (ئۆي) | دۆۋەجىن - دۆۋەجىن | 2 | 166 |
| 2006\7\26 | شەھەرچى (ئۆي) | ئارا ئاقيەر- شەھەرچى | 2 | 221 |
| 2006\8\3 | راھەتباغ (ئۆي) | قومۇل - تۇرپان | 3 | 100 |
| 2006\8\5 | توغۇچى (ھويلا) | جىگدە- توغۇچى | 3 | 109 |
| 2006\8\11 | يۇقىرى ئاقيەر(ئۆي) | سەنلۇكۇ - يۇقىرى ئاقيەر | 4 | 366 |
| 2006\8\13 | بوستان رېستورانى | بوغاز - تۆمۈربول | 4 | 224 |
| 2006\8\26 | ئاستانە بازار(ئۆي) | ئاستانە- تاللىق ئاستانە بازىرى | 3 | 311 |
| 2006\8\28 | ئارا ئاقيەر(ئۆي) | ئاستانە - ئارا ئاقيەر | 2 | 220 |
| 2006\9\2 | ئاراتۈرۈك بازىرى مەركەز زالى | ئاراتۈرۈك - بوغاز | 5 | 521 |

يۇقىرىقى جەدۋەلنى ستاتىستىكا قىلساق، 12 تويدا جەمئىي 42 ئادەم 2994 مىسرا بېيىت ئېيتقان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر تويدا 3.5 ئادەم جەمئىي 249.5 مىسرا، ھەر بىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71.3 مىسرا بېيىت ئېيتقان.

كونا بېيىتلارنىڭ ئېيتىلىش نىسبىتى ستاتىستىكىسى. قومۇل خەلق بېيىتلىرى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش، تاۋلىنىش جەريانىدا خەلق ئاممىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە يۇقىرى دەرىجىدە قېلىپلاشقان بولۇپ، بىز بۇ يەردە بۇ خىلدىكى بېيىتلارنى كونا بېيىت دەپ ئاتىدۇق. دېمەك، كونا بېيىت دېگىنىمىز بۇرۇندىن - بۇرۇندىن ئېيتىلىپ كېتىلىۋاتقان، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، شۇنىڭدەك بېيىت قېلىپى بولۇپ شەكىللەنگەن بېيىتلار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس كانىدۇر. تۆۋەندىكى كونا بېيىتلارنىڭ ئېيتىلىش نىسبىتى جەدۋىلىگە قارايدىغان بولساق، كونا بېيىتلارنىڭ قايتىلىنىش چاستوتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. گەرچە ھەر بىر بېيىتچى ئۆزىگە خاس بېيىت ئېيتىش ئۇسلۇبى بىلەن نەق مەيدانغا ماسلاشتۇرۇپ، ھازىر جاۋاب بېيىتلارنى ئېيتسىمۇ، ئۇلار ئېيتقان بېيىتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كونا بېيىتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر تويدا ئېيتىلغان بېيىتلارنىڭ %74.3تىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ تويلاردا بېيىت ئېيتقان 42 ئادەم ئىچىدە 41 نىنىڭ ھەممىسى كونا بېيىتلارنى ئاساس قىلىپ ئېيتقان. ئۆزۈم زىيارەت قىلغان 72 بېيىتچى ئىچىدە ئۇچەيلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىي بېيىتلىرىنى ئېيتقانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك كونا بېيىتلارنى ئۆزىنىڭ خاس ئىجادىي بېيىتلىرى بىلەن قوشۇپ ئېيتىدىكەن. گەرچە ئۇچەيلەننىڭ بېيىتلىرى پۈتۈنلەي يېڭى بېيىتلار بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا كونا بېيىتلارنى مەنبە قىلغان ياكى ئۇلاردىن ئۆرنەك ئالغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

يۈز ئاچقۇدا ئېيتىلىۋاتقان كونا بېيىتلارنىڭ ئېيتىلىش نىسبىتى جەدۋىلى

| ۋاقىت | ئورۇن | بېيىت مىقدارى (مىسرا) | كونا بېيىت مىقدارى (مىسرا) | ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| 2003\10\18 | لاپچۇق( ھويلا) | 246 | 78 | 31.7 |
| 2004\11\29 | نوم (ئۆي) | 308 | 308 | 100 |
| 2006\6\28 | راھەتباغ (ئۆي) | 202 | 186 | 92.1 |
| 2006\7\9 | دۆۋەجىن (ئۆي) | 166 | 82 | 49.4 |
| 2006\7\26 | شەھەرچى (ئۆي) | 221 | 46 | 20.8 |
| 2006\8\3 | راھەتباغ (ئۆي) | 100 | 88 | 88 |
| 2006\8\5 | توغۇچى (ھويلا) | 109 | 9 | 86.2 |
| 2006\8\11 | يۇقىرى ئاقيەر(ھويلا) | 366 | 296 | 80.9 |
| 2006\8\13 | بوستان رېستورانى | 224 | 188 | 83.9 |
| 2006\8\26 | ئاستانە بازار(ئۆي) | 311 | 279 | 89.7 |
| 2006\8\28 | ئارا ئاقيەر(ئۆي) | 220 | 198 | 90 |
| 2006\9\2 | ئاراتۈرۈك بازىرى مەركەز زالى | 521 | 381 | 73.1 |
| ئومۇمىي سانى | 12توي | 2994 | 2224 | 74.3 |



## بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسىدىكى ئۆزگىرىش

1. بېيىت ئېيتىش شەكلىدىكى قىسمەن ئۆزگىرىش. خۇددى تەيلور: «كىشىلەر ئاممىۋى مۇناسىۋەتلەردە سۆزلەرنى ئۇنىڭ ھەرىكىتى بىلەن قوشۇپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ بىر جۈپ قولى، بېشى ۋە بەدىنىنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرى دېيىلىۋاتقان سۆزنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا بىز شۇنداق ھۆكۈم قىلىمىزكى، ئىنسانلار ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلىرىدىن تارتىپ، ئاڭلىغىلى بولىدىغان سۆزلەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن»⑤ دېگەندەك بېيىت ئېيتىشتىمۇ كىشىلەر قوللىرىغا گۈل، پوتا، لېگەن، تەخسە پەتنۇسلاردا چايلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ بېيىت ئېيتىشاتتى. يۈز ئاچقۇ بېيىتنى ئېيتقان چاغدا سىنچاينى، قىقاس بېيىتلىرىنى ئېيتقاندا، رەخت سېلىنغان لېگەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئېيتاتتى. لېكىن، ھازىر قول ھەرىكىتى بىلەنلا يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرىنى ئېيتىۋېرىدىغان؛ قولياغلىقنى، دوپپىسىنى پۇلاڭلىتىپ قىقاس بېيىتلىرىنى ئېيتىۋېرىدىغان بولدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 12 تويدا بېيىت ئېيتقان 42 ئادەمنىڭ بېيىت ئېيتىشىغا قاراپ باقساق، 18 كىشى چاي تۇتۇپ، 12 كىشى داستىخان ياكى لېگەن- پەتنۇس تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە 12 كىشى قۇرۇق قول بېيىت ئېيتقان.

2. بېيىت مەزمۇنىدىكى ئۆزگىرىش. كۆك بېيىتى، قار بېيىتى، پوتا بېيىتى، چاي بېيىتى ۋە قىيقاس بېيىتلىرى مەشرەپ

سورۇنلىرىنىڭ ئازىيىپ بېرىشى بىلەن ئېيتىلىشتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرى كونا بېيىتلار ئاساسىدا دەۋرگە، شارائىتقا، سىياسەتكە ماسلاشتۇرۇلۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ كېڭەيدى، بىر قىسىم مەزمۇندىكى بېيىتلار بولسا، ئېيتىلىشتىن قالدى. بېيىت مەزمۇنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تۆۋەندىكى بىر-قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) توي سېلىقلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرى مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلدى. يىراق قەدىمكى زامان تويلىرىنىڭ ئاددىي- ساددىلىقى بىلەن ھازىرقى زامان تويلىرىنىڭ ھەشەمەتچىلىك بىلەن تولغانلىقى سېلىشتۇرۇلۇپ، يىلدىن يىلغا ئۆسۈۋاتقان توي سېلىقلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن بىر ئېغىر سېلىق ئىكەنلىكى، يەنە بۇرۇنلاردا ھېيت-ئايەم، بايرام كۈنلىرىلا چېلىنىدىغان ناغرا - سۇنايلارنىڭ ھازىر قىزنى كۆچۈرۈشتە چېلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يېڭى مەزمۇندىكى بېيىتلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن:

ئادەم ئاتا ھاۋا ئانا زامانىسىدىن
ئاددىي-ساددا بولغان ئىكەن
بۇ تويلار.
ئىسلاھات زامانىسىدىكى
بۇ ۋاقىتلاردا،
ھەشەمەتچىلىك بولۇپ كەتتى
بۇ تويلار.
ھەشەمەتچىلىك كوچالىرىدا
تاكسى ماڭادۇ.
تاكسى بىلەن ناغرا-سۇناي
بىللە ماڭادۇ.
كېلىن بىلەن بىر ئۆيلۈك جابدۇق
بىللە ماڭادۇ.
ئاتا-ئانىلار بۇ تويلار ئۈچۈن
مودا قىلادۇ.
21-ئەسىردىن ئاشقاندا،
كېيىنكى ئەۋلادلار
قانداقمۇ قىلادۇ.
يىلدىن يىلغا ئېشىۋاتقان تۈمەن تويلۇقلارغا قاراپ،
ئاتا-ئانىلىرىمىز ھەيران قالادۇ⑥.

دېھقانلىرىم ئالغاچ بۇ يىل
كۆپ دارامەت،
ھەشەمەتلىك تويلار بولدى
خوپ ئالامەت.
قىزنى تۇغۇپ چوڭ قىلغۇچە
بەك جاپادۇر.
ئوغۇل تۇغۇپ ئۆيلىگۈچە
بەك خاپادۇر.
شۇڭا ئويلاڭ يىگىت- قىزلار
ئاتا-ئانىنى،
ئاتا-ئانا بىر پۈكىنىمۇ
تەستە تاپادۇر⑦.

2) يۈز ئاچقۇدىكى ئورۇن- تەرتىپ ئۆزگىرىشى بېيىت مەزمۇنىدا ئەكس ئەتتى. ھازىرقى رېستوران، زاللاردا بولۇۋاتقان تويلاردا، قىز ۋە قىزنىڭ ھەمراھلىرى تۆرىدە، قالغان مېھمانلار ئىككى تەرەپتە ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغاچقا، چوڭلارنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئالاھىدە قەدىرلىنىدىغان ئىززەت - ھۆرمىتى گەۋدىلەنمەيدىغان بولدى. بۇ تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئېنىق ئىپادىسىنى تاپقان:

تويلارنىڭ زاللاردا بولۇۋاتقىنىنى كۆرسىلە،
زاللارنىڭ تۆرىسىنىڭ يوقلىغى بىلەن
چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ يوقلۇقىنىمۇ كۆرسىلە⑧.

3) سىياسىينىڭ بېيىت مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلۈشى. كونا بېيىتلاردىكى «توققۇز ئوغۇللۇق، بىر قىزلىق بولغاي» دېيىدىغان مىسرالار «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئاساسەن« بىر قىز، بىر ئوغۇللۇق بولغاي» ياكى « ئىككى قىز، بىر ئوغۇللۇق بولغاي» دېيىدىغان مىسرالارغا ئۆزگەردى. تۇغۇتچىدا ئولتۇرۇشلۇق ھەجەرخان ئاچىنىڭ دەپ بېرىشىچە ئوغۇل بالىنىڭ جاپاسى بەك تولىكەن، شۇڭا بېيىت ئېيتقاندا« ئىككى قىز بىر ئوغۇللۇق بولغاي» دېسە، ئادەملەر بەك خوش بولۇپ كېتىدىكەن.⑨ يەنە «نىكاھ قانۇنى»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» سىياسىتى قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ بېيىتلاردا ئىپادىلىنىدىغان بولدى. مەسىلەن:

بۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ
تەلەي - بەختىنى كۆرسىلە.
مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى
نىكاھ قانۇنىدا كۆرسىلە.

...........

ئاشنىڭ بەرىكىتى تاختىدا،
پۇلنىڭ بەرىكىتى پاختىدا.
ھەجەب ئوبدان تويلار بولدى،
ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش سىياسىتىنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقان بىر ۋاقىتدا»⑩

ئۇلۇغ پارتىيە چىقىپ،
ئىشچى- دېھقان مېھنەتكەش
پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە،
كەلتۈرۈپ بەردى بەختىيار.
بالىلىرىمىزنى بىز تۇغقان بىلەن،
نىكاھ قانۇنى ئەركىنلىكىنى
بالىلىرىمىزغا بېرىۋەتتى ئىختىيار»⑪

4) قاتناش ۋاستىلىرى ۋە تېرىقچىلىقتىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ بېيىت مىسرالىرىدا ئىپادىلىنىدىغان بولىدى. خەلق تۇرمۇشىدىكى ئات ـ ئۇلاق قاتنىشىنىڭ ئورنىنى تاكسى ماشىنىلىرىنىڭ ئالغانلىقى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دېھقانچىلىقتىكى پاختا تېرىش يۈزلىنىشى قاتارلىقلار بېيىت مىسرالىرىدىن ئورۇن ئالدى. مەسىلەن:

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلگەن،
ئالا ئاتلىقىم.
ئۈستۈنگە مىنىپ كەلگەن،
زۇۋدر قاشلىقىم.
كالامولا ۋارىقىدەك،
كۆزى قاتلىقىم.
يىشقان ئۈزۈم شەربىتىدەك،
سۆزى تاتلىقىم.⑫

تويلاردا ماڭادۇ،
تاكسالىغىم.
تاكسا ئىچىدە ئولتۇرادۇ،
قەلەم قاشلىقىم.
كالامولا ۋارىقىدەك،
كۆزى قاتلىقىم.
يىشقان ئۈزۈم شەربىتىدەك،
سۆزى تاتلىقىم. ⑬

ئاشنى يايدۇق تاختىدا،
يىپ ئېگىردۇق پاختىدا.
خويمۇ كاتتا تويلار بولدى،
دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا.⑭

ئاشنى قىلدۇق تاختىدا،
پۇلنى قىلدۇق پاختىدا.
ھەجەپمۇ ئوبدان تويلار قىلدۇق،
يەتتىنچى ئايدا تومۇزدا.⑮

5) توي ئىگىلىرىنىڭ بېيىتچىگە ئىنئام قىلغان نەرسىلىرى بېيىت مەزمۇنىغا قوشۇلغان. مەسىلەن، دۆۋەجىندە ئولتۇرۇشلۇق گۇلسۇمئاي 2006 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇلدىكى دۆۋەجىندە ئۆتكۈزۈلگەن بىر توي يۈز ئاچقۇسىدا بوينىغا ئارتىلغان رەختنى كۆرسىتىپ تۆرۈپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتقان.

قۇللۇق قىلاي، قۇللۇق قىلاي،
مېھمانلارنى ھۆرمەت قىلاي.
بوينۇمغا كۆڭلەكلىك رەخت ئارتىپتۇ،
ھەرقايسىلىرى بۇنىدىن كېيىن
بۇنداق قىلمىغاي.

ھەببۇل ئاكا يۈز ئاچقۇلاردا بېيىت ئېيتقاندا، توي ئىگىلىرى ئۇنىڭ شەپكىسىگە ياكى يانچۇقىغا پۇل قىستۇرۇپ قويسا، بېيىتنى ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇ قىستۇرۇلغان شۇ پۇلنى قولىغا ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق بىر بېيىتنى ئېيتىدۇ:

بېيجىڭدىن چىققان پويىز،
قومۇل شەھرىدە توختاپتۇ.
بۈگۈن ئاخشامقى يۈز ئاچقۇ،
مانا 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا توختاپتۇ.

6) يۈز ئاچقۇدا بىر ـ بىرىنى سۆكۈشىدىغان بېيىتلار ئاساسەن ئېيتىلىشتىن قالدى. بۇرۇنقى چاغلاردا چوڭلار تويغا رازى بولماي قالسا، قىزنىڭ يۈزىنى ئاچقۇچە بېيىت ئېيتقاندا قېيىداپ بېيىت ئېيتارىكەن. ئارائاقىيەردا ئولتۇرۇشلۇق رابىيەم ياقۇپ ئاچىنىڭ دېيىشىچە بىر تويدا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى تۆۋەن كۆرۈپ نارازى بولسىمۇ، قىزنىڭ كۆڭلىنى دەپلا توي قىلغان. شۇڭا يۈز ئاچقۇدا بېيىت ئېيتقاندا تۆۋەندىكىدەك بېيىت مىسرالىرىنى قوشۇپ ئېيتقان:

....
بۇ زامانىنىڭ دۇشقارىدا،
ياقىلار ئېتەك بولدى،
ئېتەكلەر ياقا بولدى.⑯

ئاراتۇرۇك توخولۇ يېزا بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئايىسخان ئاچىنىڭ دېيىشىچە ئۆزى ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ بېيىت ئېيتىشقا باشلىغانىكەن، ئۇ چاغلاردا ياخشى ـ يامانغا تۇزىتىش كىرگۈزمەيلا ئېيتىۋېرىپتۇ، لېكىن ھازىر بەك دىققەت قىلىدىكەن. بۇرۇن پوتا بېيىتلىرىدا بىر ـ بىرىنى سۆكۈشىدىغان ئەھۋال بەك ئېغىر بولۇپ، مەشرەپلەردە پوتىغا تارتقاندا تۆۋەندىكىدەك بېيىتلارنىمۇ ئېيتارىكەن:

ئىلمىدىن كېيىش كىيىپسىز،
مېڭىشىڭىز تاراق ـ تاراق.
كەينىڭىزدىن قاراپ باقسام،
كېچە چۈشكەن خام قاپاق.
كېچە چۈشكەن خام قاپاققا،
ئىتلەر كېلىپ جىڭغاپ ئۆتەر.
مەن ئۆزۈم مىرزان گۈلى،
خانلار كېلىپ سانجىپ ئۆتەر.⑰

بېيىت مىسرالىرىنىڭ تولۇق يېڭىلىنىشى. گەرچە نۇرغۇن بېيىتچىلار باشقىلاردىن ئۆگەنگەن بېيىتلارنى ئۆز ئىجادىيەتلىرىگە قوشۇپ ئېيتسىمۇ، لېكىن ئۆز ئالدىغا يېڭى بېيىتلارنى ئىجاد قىلىپ ئېيتىۋاتقان يەنە بىر قىسىم بېيىتچىلارمۇ بار. گەرچە بۇ قىسىمەن ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيلىق ھامان قىسمەنلىكتىن باشلىنىدۇ. ھەببۇل نىياز ئاكا، رازىگۈل سالىلارنىڭ يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرى خاسلىققا ئىگە بولۇپ، يېڭىچە بېيىت مىسرالىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھەببۇل ئاكا بېيىتلىرى قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپكە ئورتاق بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

سۇلتان پاشىنىڭ ئىسمىسى
شاكىر ئاخۇن بولىدۇ.
ھاۋاغا چىقسا، لاچىن تۇتىدۇ،
يەرگە چۈشسە، يولۋاس تۇتىدۇ.
دەرياغا چۈشسە، ئۈزۈپ چىقىدۇ.
كىتـ لەھەڭنى يېگىپ چىقىدۇ.

..........
ياخشى تۇلپار ئاتلارغا
ئالتۇن ئېگەر توقۇپ قوياي.
بلياتىدىن يىگىت تەرەپكە جۇۋاپ قويدۇم،

MIRAS

ئەمدى قىز تەرەپكىمۇ جاۋاپ قوياي.

چىللاشقىغا كەلگەن ۋاقىت
كۈندۈزمىكىن، كەچمىكىن.
كېلىن ئايپاق ئايلا خېنىمنىڭ
ئىسمىسى رىزۋانگۈلمىكىن.
ئوق قولۇمدا قوشۇم بار،
ئەگىپ يىراققا كەتمەيدۇ.
ھەر قانچە قىزچاق بولسىمۇ،
رىزۋانگۈلۈمگە يەتمەيدۇ.
رىزۋانگۈلۈم رىزۋانگۈل،
ھۆر قىزلارنىڭ ھۆرلىرى.
يالغانمىكىن، راستمىكىن،
كۆرۈپ باقسىلا مانا ھەممىلىرى.⑱

رازىگۈل سالىنىڭ بېيىتلىرى قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئۈچۈن ئايرىم ئېيتىلىدىغان بولۇپ، شېئىر-قوشاق پۇرىقى كۈچلۈكرەك. ئوغۇل تەرەپكە ئېيتىدىغىنى:

باغلارنى ئارىلاپ يۈرسەك،
بۇلبۇلمۇ چۈشۈپ قالدى.
قۇربانجاننى كىچىك دېسەك،
روشەنگۈلگە كۆيۈپ قالدى.
شۇڭا بۈگۈن ئىرادە،
تويىمۇ بولۇپ قالدى.
خەيرىنساخان ئاچام بىلەن روخىيەخان ئاچام،
قۇدۇغۇي بولۇپ قالدى.
ئاتلارنى تولا چاپتۇق،
داۋانلار ئاشاينىڭ دەپ،
مەلىڭىزگە تولا باردۇق،
كېلىنىمىز قىلاينىڭ دەپ...

قىز تەرەپ ئۈچۈن ئېيتىدىغىنى:

سىزمۇ ئوغۇل چوڭ قىلىپسىز،
يىگىت قامەت.
بىزمۇ قىز چوڭ قىلدۇق،
زىبا قامەت.
بىر-بىرىگە كۆڭلى چۈشتى،
بۇ بىر ئامەت.
قىزىل گۈلدەك تويى بولدى،
زەپ كارامەت.⑲

بېيىت ئەنئەنىسىنىڭ قىسمەن جانلىنىشى. بېيىت ئۆگىنىش يوللىرى بۇرۇنقى بىرلا خىل يولدىن، يەنى ئاڭلاپ ئۆگىنىشتىن ئۆزىدە بار شارائىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، باسما ماتېرىياللاردىن، يەنى كىتاب-ژۇرناللارغا ھەم شۇنىڭدەك توي باغاقلىرىغا بېسىلغان شېئىر-قوشاقلارنى يادلىۋېلىش، توي پلاستىنكىلىرىغا قاراپ ئاڭلاپ ئۆگىنىشتەك يېڭى ئۇسۇللار بارلىققا كەلمەكتە.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىكى تويلاردا بېيىت ئېيتقۇچىلارغا رەخت، شارپا ئارتىدىغان، پۇل قىستۇرىدىغان ئەھۋاللار يوق ئىدى. مۇشۇ بەش يىلنىڭ مابەينىدە بېيىتچىلارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدىغان، بېيىت ئېيتقان سورۇندا بېيىت ئېيتقۇچىغا رەخت ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئارتىدىغان، ئۆيلىرىگە بېرىپ يوقلاپ ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىززىتىنى قىلىدىغان ئادەت شەكىللەندى. بۇ بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تاۋارلىشىشقا، كەسىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر خاتىرە بولۇپ، بېيىت ئېيتقۇچىلارغا نىسبەتەن چوڭ بىر ئىلھام ۋە مەدەت. توغۇچىدا ئولتۇرۇشلۇق ھەجەرخان ئاچىنىڭ دەپ بېرىشىچە ھازىر تويلار سىنئالغۇغا ئېلىنىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن ئاياللار بېيىتنى ئالاھىدە يازدۇرۇپ كېلىپ، يادلاپ ئۆگىنىدىغان بوپتۇ. ھەر بىر مەھەللىدە بىر-ئىككىدىن بېيىتچى يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئىلگىرى چوڭ ياشلىق ئاياللاردىن باشقا بېيىت ئېيتىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەندۇق، لېكىن ھازىر كۆپىيىۋېتىپتۇ.⑳ تويلارنىڭ خاتىرە ئۈچۈن سىنئالغۇغا ئېلىنىشى بېيىتچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مۇھىم ئامىل.

ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ب د ت پەن-مائارىپ-مەدەنىيەت تەشكىلاتى 3-تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»نىڭ بىرى بولۇپ بېكىتىلگەنلىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان خۇش خەۋەر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىنسانىيەت مىراسلىرى قاتارىدا تونۇلۇشى ئۇيغۇر مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ دۇنياۋى قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. مۇقام دېمەك — مەشرەپ دېمەك، مەشرەپ دېمەك — بېيىت-قوشاق دېمەك. ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ بىر-بىرىگە باغلانغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر-بىرىگە بېقىنىدىغان، يىلتىزداش، قان-قېرىنداش قوشماق تۈرلىرىنىڭ كەلگۈسىدە بىر-بىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇقەررەردۇر. لېكىنم، بۇ بىر نەزەرىيە جەھەتتىكى پەرەزدىنلا ئىبارەت، خالاس. بېيىت ئەنئەنىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەقدىرى كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. بېيىت ئەنئەنىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى بۈگۈنكى كۈنگە يەتكۈزگەن بېيىتچىلار ئەھۋالىدىن ئېغىز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. خەلق سەنئەتكارلىرىدىن بولغان بېيىتچىلار خەلقنىڭ بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسىدىن ئىبارەت ئاغزاكى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار، ئۇنى بېيىتقۇچىلار ھەم تارقاتقۇچىلاردۇر. ئۇلار بىر ئۆمۈر خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ھەم جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتە بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلگەن خالىس تۆھپىكارلار.

دۇر. ھازىرقىدەك زامانىۋى مەدەنىيەت ۋاستىلىرى بولمىغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئاممىنىڭ تەربىيىلىنىشى مەلۇم جەھەتتىن ئەلنەغمە سەنئەتكارلىرى بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇلار خەلقنىڭ « ھەم رادىئوسى، ھەم تېلېۋىزورى، ھەم تىياتىرى، ھەم كىنوسى» ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن بۈگۈنگە ئۇلانغان بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل- پاراستىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا جۇغلانغان جەۋھىرى. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قانداق؟ مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمگە ئاساسلانغاندا، بېيىتچىلارنىڭ 92.6پىرسەنتى دېھقان ياكى خىزمەت ئورنى يوق بولۇپ، زور كۆپچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، داۋالىنىش ۋە قېرىغاندا بېقىلىشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. ھەببۇل ئاكىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ تۆت- بەش يىل ئۇدا تويلاردا بېيىت ئېيتقان، كېيىن ئۆز ئىشىنىڭ تاشلىنىپ قېلىۋېرىشى بىلەن بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغان. بەزى كىشىلەرگە ناھايىتى ئاگلىقلىق بىلەن بېيىتچىنى رازى قىلىدۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ قەدرىگە دېگەندەك يەتمەيدۇ. بىر ئۆينىڭ تىرىكچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەببۇل ئاكىنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بار بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ قىيىنچىلىقى دەستىدىن قىزى يۇقىرى نومۇر بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنى ئوقۇتالمىغان. بېيىتچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەببۇل ئاكىغا ئوخشاش مەنىۋىيەتتە باي، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن باي ئەمەس كىشىلەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تويلاردا بېيىت ئېيتىپ كېلىۋاتقان بېيىتچىلارنىڭ 70پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ئوتتۇرا ياشتىكىلەر بولۇپ، ياشلار 15 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. بېيىتچىلىك كەسپىلەشىشكە يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن بېيىت ئېيتىش ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا بىر نەرسە دېمەك تەس. ناۋادا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلمىسا، يېڭى زامان خىرىسلىرى ھامان بۇ خىل ئەنئەنىنى يۇتۇۋېتىشى مۇمكىن.

زىيارەت قىلىنغان 27 بېيىتچىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| ئىقتىسادى ئەھۋالى | ئادەم سانى | نىسبىتى (%) |
|---|---|---|
| مائاشسىز | 25 | 92.6 |
| مائاشلىق | 2 | 7.4 |

42ئادەم ئىچىدىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ نىسبىتى جەدۋىلى

| يېشى | ئادەم سانى | نىسبىتى (%) |
|---|---|---|
| 20ياشتىن تۆۋەن | 2 | 4.7 |
| 20ـ40 ياش | 3 | 7.1 |
| 40ـ60 ياش | 30 | 71.4 |
| 60 ياشتىن يۇقىرى | 7 | 16.6 |

ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش — ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ شۇ ئەنئەنىگە بولغان تونۇشى، پوزىتسىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە باغلىق. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بېيىت ئەنئەنىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بۇياقتا تۇرماق يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئېغىرراق. دۇنيا مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقىلا ئېتىبار بېرىش خاھىشلىرىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىشى، يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ كەمچىل بولۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللاردۇر. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز خەلق بېيىتچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈركۈم ياشلارنى تۇرمۇشنىڭ چىقىش يولى قاتارىدا بۇ ئەنئەنىگە قىزىقتۇرۇش. يەنە بىرسى ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەنئەنىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشنى مائارىپتىن باشلاش. ئائىلە، مۇئەللىم، مەشرەپ مەزمۇنلىرىنى يەرلىك دەرسلىك مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش، خەلق سەنئەتكارلىرىنى قەرەللىك ھالدا ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپا مائارىپى دەرسخانىلىرىغا تەكلىپ قىلىش دېگەندەك ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق بېيىت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، خەلقنىڭ مىللىي پسىخىكىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بېيىت ئەنئەنىسى يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدە قەدىمىي بېيىتلار ئاساسىدا يېڭىلىنىپ، ھەتتا مەلۇم شەخسكە خاس بېيىتلار مەيدانغا كېلىپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشمەكتە ھەم خەلق تۇرمۇشىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. لېكىن، يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە كۆك مەشرىپىدەك مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولغاندىن بۇيان كۆك بېيىتى، قار بېيىتى، پوتا بېيىتى، چاي بېيىتى ۋە قىيقاس بېيىتلىرى خەلق تۇرمۇشىدىن يىراقلاپ كەتمەكتە. ھەتتا قومۇلنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغان، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر مۇكەممەلرەك ساقلانغان لاپچۇق ۋە ئاراتۈركدىكى تويلاردا توي باشلاش مەشرىپى ۋە توي مەشرىپى ھازىرمۇ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەشرەپ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار پەقەت چوڭلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. چوڭلار ناھايىتى تەرتىپلىك ئولتۇرۇشۇپ، مۇقامچىلار ھەم قىقاسچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر پۈتنى مەركەز قىلىپ، مەشرەپ ئوينايدۇ. لېكىن، ياشلار سورۇنى ئۇنداق ئەمەس. ياشلار چوڭ زاللاردا كوللېكتىپ ھالدا ئېلېكترونلۇق مۇزىكىلارنى تەڭكەش قىلىپ، ھەممىسى ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، بىر-بىرىنى قىستىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇنداق سورۇندا بۇرۇنقى مەشرەپلەرنىڭ پۈتۈن جامائەت بىر پۈتنى مەركەز قىلىپ، ئىككىدىن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ناھايىتى سىلىق، تولىمۇ گۈزەل ھەرىكەتلەر بىلەن ئوينايدىغان ئۇيۇشۇشچانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇسسۇللاردىن ئەسەرمۇ يوق. كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا بېيىت ئېيتىشىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى

بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ››كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر-
ئۆزئارا تەسىر جەريانىدىكى تۆلىگەن بەدىلى بىلەن ئىگە بولغان
پايدا- مەنپەئەتكە باغلىق. كىشىلەر ھەمىشە پايدا- مەنپەئەت، تۆ-
لىگەن بەدەلدىن چوڭ بولغان مۇناسىۋەتلەرنى قوغلىشىدۇ، تۆلە-
گەن بەدەل ئېرىشكەن پايدا- مەنپەئەتتىن ئېشىپ كەتكەن مۇنا-
سىۋەتلەردىن ساقلىنىدۇ.››㉑ ئىقتىساد بەكرەك گەۋدىلىنىۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە، تېخىمۇ شۇنداق. بېيىتچىلار ئېرىشىدىغان ئىق-
تىسادىي مەنپەئەت يوق، بار بولغان تەقدىردىمۇ تولىمۇ تۆۋەن
بولغانلىقى سەۋەبلىك، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل پائالىيەت بى-
لەن شۇغۇللىنىشنى خالىمايۋاتىدۇ. چوڭ ۋە ئوتتۇرا ياشتىكى بې-
يىتچىلار بىزگە مەڭگۈلۈك باقىۋەندە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بۇ ئالەم-
دىن ئۆتۈشى بىلەن ئىسىل مىراسلىرىمىزمۇ يوقۇلۇپ كېتىشى
مۇمكىن. «مىللىي مەدەنىيەت ـ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تە-
رەققى قىلىشىدىكى سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم ھالقا. بۇ
ھالقىنى چىڭ تۇتمىغاندا، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئۈزۈلۈپ
قالىدۇ،دە، مەدەنىيەت كىرىزىسى كېلىپ چىقىدۇ.››㉒ شۇڭا
2005 ـيىلى 7ـئايدا شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى سۇجوۋ
مۇھاكىمە مۇنبىرىدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۇن
جىئاجېڭ: «شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىستراتېگىيىسى
تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى، ئىناق جەم-
يەت قۇرۇش بىلەن ماسلىششى، پاسسىپ ھالەتتىن تەشەببۇسكار
ھالەتكە ئۆتىشى، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ يۈزلىنىشى،
تىنچ ھالەتتىن جانلىق ھالەتكە ئۆتۈشى كېرەك»㉓دەپ كۆر-
سەتكىنىدەك شەكىلسىز مەدەنىيەتنى قوغداش دۆلەت تەرەققىيات
ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىنىشى لازىم. بۇنىڭ
ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يېزا- يېزىلىرىمىزدا ئامىمىنىڭ مەنىۋى تۇر-
مۇشىنى بېيىتىۋاتقان ئاشۇ خەلق سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى،
داۋالىنىشى قاتارلىقلارغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا ئۇلارنى
ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش ئىنتايىن زۆرۈر. خۇددى
يىن شياۋخۇا ››خەلق سەنئەتكارلىرىنى قوغداش ۋە ئۇمۇمقالىسە-
دەسلىق قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە‹‹ دېگەن ماقالىسىدا ئېيت-
قاندەك››:خەلق سەنئەتكارلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇ-
شىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي
ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش
پائالىيەتلىرىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ھەر دەرى-
جىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە مائارىپ تار-
ماقلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر بولغان بىر خىزمەتتۇر»㉔

كۆرسەتكۈچلەر:

①قومۇل جوڭسىن شىمالى يولى سودا-سانائەت بانكىسى ئائىلىلىكلەر قوراسىدا
ئولتۇرۇشلۇق ئېلى ئىسمايىل ئاكا بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتىن ئېلىنغان2006 ـيىل 5
ـسېنتەبىر ئۆز ئۆيىدە.

②ئابلىمىت سالى:«ئەلنەغمىچى لەيلىخان ۋە ئۇنىڭ ئەلنەغمە ئۇسلۇبى توغرىسىدا»،
«قومۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلار توپلىمى»، قومۇل ۋىلايەتلىك مىل-
لەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى، تىل-يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسى تۈزگەن، 273-284
ـبەتلەر.

③ جوڭگو خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭ تومى« ئارتتۇرك خەلق قوشاقلىرى»
ئارتتۇرۇك ناھىيە خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن، 1993
ـيىل 11 ـئاي نەشرى، كىرىش سۆز 3ـبەت.

④ئابدۇللا ئەھمىدى: «لاپچۇق شەھرىنىڭ قەدىمىلىكى توغۇرىسىدا»،
«قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1986 ـيىل 3 ـسان، 31 ـبەت.

⑤ ئېدىنۋارت تەيلۇر(ئەنگىلىيە): « ئىپتىدائى مەدەنىيەت». شاڭخەي ئە-
دەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1992 ـيىل 8 ـئاي 1 ـخەنزۇچە نەشرى 170 ـ
بەت .

⑥دۆۋەجىن يوقۇرى مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق گۈلسۇمئاي (1974 ـ )
2006 ـيىل 9 ـئاۋغۇست دۆۋەجىندە ئۆتكۈزۈلگەن يۈز ئاچقۇدا ئېيتقان بې-
يىت.

⑦شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق رازىگۈل سالى (1976 ـ )2006 ـيىلى
26 ـئاۋغۇست شەھەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن يۈز ئاچقۇدا ئېيتقان بېيىت.

⑧⑩⑬ شامالچاھارباغدا ئولتۇرۇشلۇق قاراكۆزئاچا(1948 ـ ) 2006
ـيىل 2 ـسېنتەبىردە ئاراتۇرۇك بازىرى مەرىكە زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن يۈز ئاچقۇدا
ئېيتقان بېيىت.

⑨⑳ 2006 ـيىل 11 ـئاۋغۇست توغۇچىدا ئولتۇرۇشلۇق ھەجەرخان
غوپۇر(1951 ـ ) ۋە توغۇچى مۇڭقۇيبۇلاق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مۇ-
ھەممەت يۈسۈپ(1950 ـ ) بىلەن ھەجەرخان غوپۇرنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن
سۆھبەت.

⑫⑭ئاستانە گۇمبەزۋەندىن رابىخان ئانا(1931 ـ )2006 ـيىلى 82
ـئاۋغۇست ئارائاقيەردە ئۆتكۈزۈلگەن يۈز ئاچقۇدا ئېيتقان بېيىت.

ئېلى ئىسمايىل: «قومۇل نەزملىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991ـيىل
نەشرى، 582 ـ، 593 ـ، 142 ـ،637 ـبەتلەر.

⑮دۆۋەجىن يوقۇرى مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق گۈلسۇمئاي(1974ـ
)2006 ـيىل 9ـئيۇل دۆۋەجىندە ئۆتكۈزۈلگەن ئوسمانجان بىلەن رازىگۈلنىڭ
تويىدا ئېيتقان بېيىت.

⑯ 2006يىل24 ـئاۋغۇست قومۇل ئارائاقيەردە ئولتۇرۇشلۇق رابىيەم يا-
قۇپ(1943 ـ ) بىلەن ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتىن ئېلىندى.

⑰ 2006 ـيىل 2 ـسېنتەبىر ئاراتۇرۇك ناھىيە توخولۇ يېزا بۇلاقبېشى
مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئايىسخان قاسىم(1948 ) بىلەن بولغان سۆھبەتتىن
ئېلىندى(ئايىسخان ئانىنىڭ قىزى جانارەمنىڭ ئۆيىدە).

⑱ لاپچۇق بوستان مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەبىبۇل ئاكا (1949ـ )
2003 ـيىل 18 ـئۆكتەبىردە گۆدەگە مەھەللىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن يۈز ئاچقۇدا
ئېيتقان بېيىت.

⑲ شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق رازىگۈل سالى( 1976ـ ) 2006 ـ
يىل26 ـئاۋغۇست شەھەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن يۈز ئاچقۇدا ئېيتقان بېيىت.

㉑ 李雄飞:《文化视野下的山歌认同与差异》, 民族出版社, 2005 年 9 月第一版, 第 248-249 页.

㉒ 邢莉:〈〈少数民族口承文化需要保护〉〉,〈〈光明日报〉〉, 2005 年 7 月 5 日.

㉓ 张慧:〈〈新疆非物质文化遗产保护的紧迫性与深远意义〉〉,〈〈新疆艺术学院学报〉〉2006 年第 4 期第 39-40 页.( 参见孙家正部长 2005 年 7 月在非物质遗产苏州论坛的 讲话。 http://china.com.cn. 2006,3,18)

㉔ 尹晓华:《论“民间艺人的保护与传承一也谈非物质文化保护》,〈〈东南文化〉〉2006 年第 3 期, 第 91 页.

2008.2




كىچىك كىرپە ئاپىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، مەن سىنىڭ ئۆز بالاڭ ئەمەسمۇ؟

— نېمىشقا ئۇنداق سوراپ قالدىڭ قوزام، سەن ئەلۋەتتە مې. نىڭ ئۆز بالام. مېنىڭ بارلىقىم سەن؟ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. كىرپە ئانا.

— ئەمىسە نېمىشقا مېنى بىردىر قېتىممۇ ئىللىق باغرىڭغا ئېلىپ قۇچاقلاپ قويمايسەن؟ — دەپ دومساراپتۇ.

## پو ئېتىش

ھېسامكام ئولتۇرغان بىر سورۇندا ئىككەيلەن پو ئېتىشىپ قاپتۇ. بىرى دەپتۇ:

— ۋاي - ۋاي! تۈنۈگۈن بېغىمىدىكى ئالمىنى ئورۇنىدۇقتا دەسسەپ ئاران ئۈزۈۋېدىم، ئالمىنىڭ يوغانلىقىدا ئورۇندۇق كۆ. تۈردىلمەي پۇتى سۇنۇپ كەتتى، — دەپتۇ.

يەنە بىرىمۇ ئانچە بوش كەلمەپتۇ:

— مېنىڭ باغدىكى ئالمامنىڭ ئوخشاپ كەنكەنلىكىنى دې. مەمدىغان، ئاران دېگەندە بىرنى ئۈزۈپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قو. يۇۋېدىم، ئۈستەل مىجىلىپ كەتتى، — دەپتۇ. گەپنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ھېسامكام دەپتۇ.

— مەنمۇ بۇگۈن باغدىكى ئالمامنى ئاران تەستە ئۈزۈپ هارۋامغا سېلىۋىدىم، دېيىشىڭلا ئارىدىن بىرى چىقىپ:

— ھە، سىنىڭمۇ هارۋاڭ مىجىلىپ كەتتى دېگىنە، — دەپ كۈلۈپتۇ.

— ياق، ئالمىنىڭ ئىچىدىن بىر قۇرت چىقىپ شۇنچىلىك قاۋۇل ئېتىمنى يەۋەتتى، — دەپتۇ.

## قايتۇرۇلمايدىغان مال

ملىچ ماللار دۇكىنىنىڭ خوجايىنى قىزىنىڭ توي مۇراسىمى. غا قاتنىشىپتۇ، مۇراسىمدا رىياسەتچى كۈيئوغۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ دەپتۇ:

— كۈيئوغۇلغا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلغىڭىز يوقمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار، — دەپتۇ خوجايىن، — دېمەكچى بولغىنىم يەنىلا كونا گەپ: ھەر قانداق مال سېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن ھەرگىز قايتۇرۇلمايدۇ.

## ئانىسىغا كۆيۈنۈش

ئەنۋەر ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆتۈنگەن ھالدا دېدى:

— مۇئەللىم، بۇ قېتىم ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىگەنىدىم، قەغىزىمنى تەكشۈرگەندە ماڭا ئوبدانراق نومۇر بەرگەن بولسى. ڭىز.

— نېمىشقا، بۇنداق قىلساق بولمايدۇ!

— مۇئەللىم، — دېدى ئەنۋەر بارغانسېرى يالۋۇرۇپ، مۇلا. يىملىق بىلەن:

— ئانامنىڭ يۈرەك كېسىلى بار ئىدى، ھەر قانداق تۆۋەن نومۇر ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلىنى قوزغۇتۇپ قويۇشى مۇمكىن.

## ئانكېت تولدۇرۇش

گوركىي خىزمەتكە چۈشمەكچى بولۇپتۇ. كاتىپ قىز ئۇنىڭ ئانكېتىنى تولدۇرۇپ ئارخىپلاشتۇرماقچى بولۇپ سوراپتۇ:

— ئىسمىڭىز؟

— گوركىي.

— فامىلىڭىز؟

— جېك

— مۇناسىۋىتىڭىز؟

— ئانچە ياخشى ئەمەس، داۋاملىق ئۇرىدۇ.

## سىرتتىن ئىچىملىك ئەكىرىشكە بولمايدۇ

بىر ئايال بىر ئاشخانىغا كىرىپ، تاماق يېگەچ بالىسىنى ئېمى. تىپتۇ. بىر كۈتكۈچى دەرھال كېلىپ:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— بالامنى ئېمىتىۋاتىمەن شۇ.

— كەچۈرۈڭ، ئاشخانىمىزغا سىرتتىن ئىچىملىك ئېلىپ كى. رىشكە بولمايدۇ.



## پراۋا ئەكشۈرۈش

ساقچى بىر پىكاپنى توسۇپتۇ، شوپۇر تولىمۇ چىرايلىق بىر ئايال ئىكەن.

— پراۋىڭىزنى چىقىرىڭ.

— پراۋا دېگەن نېمە؟

— ئۇ.....ئۇ بىر تۆت چاسا نەرسە، ئۇستىدە سىزنىڭ سۈرىتىڭىز بولىدۇ.

ئۇ ئايال سومكىسىنى بىر هازا ماتىلىغاندىن كېيىن، بىر ئەينەكنى چىقىرىپ ساقچىغا سۇنۇپتۇ. ساقچى ئەينەككە تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن دەپتۇ:

— هوي نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسىز، ئەسلىدە سىزمۇ بىر ساقچىكەنسىز-دە؟!



## جاۋاب تېلېگرامما

لوندونغا بىر ئىش بىلەن كەلگەن بىر شوتلاندىيىلىك لوندوندىكى بىر دوستىنى يوقلاپ كېتىشنى ئويلاپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ئادرېسىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، دەرهال يەنە بىر دوستىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ: «سەن توماسنىڭ ئادرېسىنى بىلەمسەن؟ دەرهال جاۋاب قايتۇر». دوستى جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

تېلېگراممىدا پەقەت «بىلىمەن» دېگەن گەپلا بار ئىكەن.





## كىممۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن

ئىنىم ئىككى ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. دادامنىڭ هەر كۈنى ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئىنىمنى سۆيۈپ قويۇپ ماڭىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئەگەر ئۇنتۇپ قالسا، ئىنىم يىغلاپ كىشىگە ئارام بەرمەيتتى. بىر كۈنى دادام ئىشقا ئالدىراپ ئىنىمنى سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. دادام ئەمدىلا ماشىنىسىغا چىقاي دېيىشىگە ئاپام دېرىزىدىن توۋلاپ كەتتى:

— بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ! بولۇڭ. بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ! بولمىسا مەن بەرداشلىق بېرەلمەيمەن!

## قاچان كىرىمەن؟

بىر كۈنى چۈشلۈكى بىر ساقچى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرگەن بىر ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ:

— كۆپكۈندۈزدىمۇ خەقلەرنىڭ ئۆيىگە كىرەمسەن؟ — دەپ بىر مۇنچە تەربىيە بېرىپ قويۇۋېتىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى يەنە شۇ ساقچى هېلىقى ئوغرىنى يېرىم كېچىدە ئوغرىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋاپتۇ-دە، ناهايىتى ئاچچىقلانغان هالدا:

— يېرىم كېچىدە خەقنىڭ ئۆيىدە ساڭا نېمە بار؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئوغرىنىڭ ئۇنىڭدىن بەكرەك ئاچچىقى كېلىپ:

— كۈندۈزىمۇ كىرمىسەم، كېچىسىمۇ كىرمىسەم، ئەمىسە قاچان كىرىمەن؟ — دەپتۇ

تەييارلىغۇچى: ئەزىزە تۆيغۇن



لى جىننىڭ فوتوسى



گو شاۋدۇڭ فوتوسى

# HERITAGE UYGHUR FOLKLITERATURE



# MIRAS

2008 ـ يىل 2 ـ سان

# مىراس

美拉斯

（维吾尔文）

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
国内统一刊号：CN65-1130/I
国际标准刊号：ISSN1004-3829
邮政代号：58-60
海外发行代号：1130MB
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：5.00 元
印刷：新疆生产建设兵团印刷厂
发行范围：国内外发行
发行：乌鲁木齐邮局

باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى : «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
مەملىكەتلىك نومۇرى : CN65-1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1004-3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 58-60
چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى : 1130MB
ئېلان ئىجازەت نومۇرى : 6500006000040
پوچتا نومۇرى : 830001
باھاسى : 5.00 يۈەن
باسقۇچى : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتى
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

ئەسەر ئەۋەتىڭ ! مۇشتەرى بولۇڭ !

E-mail: mirasuyghur @126.com